ISSN 1002-9044

# تارىم



1996 8

ISSN 1002-9044
08>
9 771002 904009

# تارىم

باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئۆمەر تۇرسۇن.

## ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

## 46-يىل نەشرى

8

1996

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئابباس مۇنىياز ........ كۆيلەر كۆزى (پوۋېست) ........ 4

نۇرمۇھەممەت توختى ... يېتىم بالىلارنىڭ كەلگۈسى گۈزەل بولسۇن (ئەدەبىي ئاخبارات) ........ 92


## يېڭى روماندىن تاللانما


مەتتىمىن ھوشۇر ...... قۇم باسقان شەھەر (روماندىن پارچە) ...... 58


## شېئىرلار


تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن ... مىسلى ئالەم بەختىم مېنىڭكى ........ 49

مەتقاسىم مەتنىياز ... چىراغ تۈۋىدىكى كۆلەڭگىلەر ........ 52

مۇتئىللا ئىبراھىم ...... ئاقىن، قىران دەرياسى ........ 55

مۇسا ئەھەد ........ ئۈزۈك تىنىقلار ........ 56

ئەركىن روزى ........ يۈرەك دېگەن ........ 57

ياسىن زىلال ........ خىيال پەرۋازلىرى ........ 77

مۇھەممەت خېۋىر ........ پىنھان غەزەللەر ........ 80

ئىبراھىم ئەلى ...... ئىلھام چەشمىلىرى ........ 84

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت ... كۆڭۈل ئارمانلىرى ........ 88

ئىبراھىم ئىزاقى ...... ئانا دىيار كۈيلىرى ........ 89


## ئۈمىد چېچەكلىرى
(شېئىرلار)


كامىلجان ھەسەن ... مەڭگۈلۈك تەبەسسۇم ........ 126

كۈرەشجان بارات ..... كۆڭۈل ۋە تۇرمۇش ........ 130

توقسۇن ئابدۇرېشىت ... رۇبائىيلار ........ 131

قۇربان ئابلىمىت ........ كەلسە ........ 131

ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى ... دەم بولمىساڭ كۆكسۈمدە پىچاق ........ 131

# بۇ سانىدا

## مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات

كېرىمجان ئابدۇرېھىم.......... مۇھەممەت باغراشنىڭ ئىزلەنمە ھېكايىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىرى .......................133

## ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا

ئابدۇۋەلى كېرىم............ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ۋە ئۇيغۇر چاچما شېئىر ژانىرى.............141

## خاتىرە ۋە ئەسلىمە

ئۆمەر ساۋۇت............ ئاخىرقى دەقىقە (خاتىرە).....................150

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

خالىپە ساۋۇت............ يامغۇر تەپتى (ھېكايە)............... 119

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

جىبران................ مۇزىكا (نەسر)...................... 152

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

پايتەختتىكى ھەرساھە زاتلىرى ئەي چىك بىلەن ۋىدالاشتى ....................... 160

رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ
مەسئۇل كوررېكتور: قېيۇم تۇرسۇن




ئابباس مۇنىياز

# كۆيلەر كۆزى

(پوۋېست)


بۇ ئاجايىپ مۇڭلۇق كۈي ئىدى. مەن قايغۇ ۋە خۇشاللىقلار ئارىسىدا ئازغىن بولۇتلاردەك تەمتىرەپ يۈرگەن ئاشۇ كۈنلەردىمۇ دەل مۇشۇ كۈي ئاڭلانغاندەك زاھىر بولغانىدى. ئەمدى ئۇنى سەن چېلىۋاتاتتىڭ. جېنىم بالام، ئوماق قىزىم سائادەت، ئۇنى سەن چېلىۋاتاتتىڭ!

دەريا شارقىرايتتى. ئۇنىڭ بۇژغۇنلۇق سۇلىرىمۇ كۈيدەكلا كۈچلۈك ۋە سېھىرلىك ئىدى. سەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ پۈتۈن ئىشتىياقىڭ بىلەن ئىسكرىپكا چېلىۋاتاتتىڭ. ئىسكرىپكا تىلىدىن نازغىپ چىقىۋاتقان جەلپكار كۈي سۇ بېتىگە ئۇرۇلۇۋاتقاندەك ھەم



ئۇنىڭ كۆۋەجەشلىرىدىن ھاسىل بولغان رىتىملىق ئاۋازغا قوشۇلۇپ تېخىمۇ ئەزىم، يوقالماس كۈي دەرياسى ياساپ، يىراق-يىراقلارغا ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئەمما سەن ھېچنېمىنى تۇيمايتتىڭ. چىرايلىق جىسمىڭ مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئەسىر بولۇپ، ئىسكرىپكا تىلىنى غىدىقلاۋاتقان كامالچىغا ئەگىشىپ ھەريان تەۋرىنەتتى.



ئىسكىرىپكىنى ئېڭىكىدىكى بىلەن قىسىپ تۇرۇشۇڭ سېنى مۇزىكا رىتىملىرىغا يەنمۇ يېقىنلاشتۇرغانىدى. سەن ھەر بىر ئاۋۇشنى تولۇقى بىلەن، ئەڭ نازۇك جايلىرىغىچە زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتقانىدەك ۋە ئۆزۈڭمۇ ئۇنىڭ ئاجرالماس بىر تەركىبىگە ئايلىنىپ بىپايان بوشلۇققا تاراۋاتقانىدەك قىلاتتىڭ. شۇڭلاشقا مەن سېنى ئەسلى ھالىتىڭدە كۆرەلمەيۋاتاتتىم، پەقەت ماڭا تونۇشتەك بىلىنگەن، ئەمما يەنە قانداقتۇر بىر جايلىرىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيۋاتقان ھالەتتە ئاڭلايتتىم.

ئۆيىمىز دەرياغا يېقىنلا يەردە ئىدى. ئۆيدىن چىققان ھامان سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نېمىشقىكىن سەن بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغاندا تۇرالماي قالاتتىڭ. قەدەملىرىڭ ئىختىيارسىزلا دەريا تامان تاشلىناتتى. ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا بولسا بەدەنلىرىڭ سەن ئاڭلاۋاتقان ئاۋاز تەرەپكە ئاستا-ئاستا ئاغاتتى ۋە شۇندىلا قولۇڭدىكى ئىشىڭنى تېز تۈگەتمىسەڭ بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتىڭ. سېنىڭ تالاي قېتىملىق ئىش-ھەرىكەت، قىياپەتلىرىڭدىن بۇنى چۈشىنىپ يەتكەنىدىم. بەلكى بۈگۈنمۇ ساڭا تونۇش ئاشۇ ئاۋاز سېنى بۇ يەرگە چىللاپ چىققانىدۇ، ساڭا جور بولۇپ «مازار تېرەك» ھېكايىسىنى يىراق-يىراقلارغا ئاڭلاتماقچى بولغانىدۇر.

چېلىشتىن توختىمايتتىڭ. ئاسانلا توختىمايدىغانلىقىڭ ماڭىمۇ ئايان ئىدى. گەرچە، مۇزىكىدىن چىقىپ قالغان بولسامۇ، ساڭا مەستلىكىم كېلىپمىكىن ياكى چالغانلىرىڭدا ئۆزۈممۇ سېزىپ يېتەلمىگەن بىر سېھرىي كۈچ بارمىكىن، مۇشۇنداق ۋاقىتتا بۇ يەرگە چىقىشقا ئامراق ئىدىم. مۇشۇ چاغدىلا سەن مېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، مەنمۇ سەن چېلىنىۋاتقان ئاھاڭغا يۇغۇرۇلۇپ كېتىۋاتقان قەلبىڭنى، ھېلىغىچە مەن چۈشىنىپ يېتەلمەيۋاتقان تەگسىز كۆزلىرىڭدىكى سىرلىق مەنىلەرنى كۆرگەندەك بولاتتىم. ساڭا يېقىنلا يەردە تۇرغانلىقىمنى سەزمەيتتىڭ. ئەمما كۆي رىشتىسى ئۆزىگە باغلانغان قەلبىڭنى كۆز ئالدىمغا يېيىپ كۆرسەتەتتى. كۆي — قەلبىڭ، كۆي — ۋۇجۇدۇڭ، كۆي — سېنىڭ ئىستەكلىرىڭ ئىدى. ئۇ ئىككىمىزنى، مۇھىمى مېنى ساڭا، سېنىڭ قەلبىڭگە باغلايتتى. مەن غىل-پال چۈشەنگەن، لېكىن چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدىغان قەلبىڭ بىلەن پەقەت مۇشۇنداق روھىي ھالەت ئىچىدە، كۆي شەكلىدىلا قىسقىچە سىرداشالايتتىم. بىراق ماڭا بۇ قىسقىلىق ھەممىنى ئەسلىتىشكە قادىر ئىدى.

— مېنىڭ بوۋام، مومام بولغانمۇ، ئاپا؟

— بولغان. ئۇلار بولمىسا مەن، سەن نەدىن كېلەتتۇق؟

— سىزنىڭچۇ؟

— مېنىڭ بوۋام، مومام بولمىغان بولسا، ئاپام، دادام نەدىن كېلەتتى؟

— بوۋام، مومامنىڭچۇ؟

— بولغان!
— ئۇلار چىرايلىقمىدى؟ بۇنى چالالامتى؟
بۇ بىر چاغلاردا، سەن خېلىلا كىچىك ۋاقتىڭدا بولۇنغان گەپلەر ئىدى. ئۇ چاغدا سەن مۇزىكا چېلىشنى تېخى ئۆگەنمىگەنىدىڭ. لېكىن مېنىڭ ئىسكىرىپكامنى، دەل سەن چېلىۋاتقان مۇشۇ ئىسكىرىپكىنى قۇچىقىڭغا ئېلىپ چالغاننى دوراپ ئولتۇراتتىڭ. سوئاللىرىڭدىن يۈرەكلىرىم قارت قىلىپ قالغانىدى. شۇ سوئالىڭنى ھەر قېتىم ئەسلىگىنىمدە يۈرىكىم تۇنجى قېتىمدىكىگە ئوخشاشلا قوزغىلىپ كېتىدۇ. بوۋامنىڭ ئىسمىنى ئېسىمدە تۇتالمايۋاتسام، بوۋامنىڭ بوۋىسىنىڭ تەقى-تۇرقى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟ بىر تۇرۇپ سېنى كاللىسىنىڭ زاغۇنى بارراق ئادەم بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتىم. يەنە قانداقتۇر بىر ۋەھىمىدىن قورققاندەكمۇ بولۇپ قالاتتىم. نېمىلا بولمىسۇن، سەن يەنە سوراپ تۇرۇۋالمىدىڭ.
— موماڭ مەندەك چىرايلىق ئايال ئىدى.
كۈلۈپ كەتتىڭ. شۇ چاغدا گېپىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەنمىدىڭ؟ سېنىڭ موماڭ— رەھمەتلىك ئانام بەك چىرايلىق بولمىسىمۇ مېھرى ئىسسىق ئايال ئىدى. قولى قىسقا بولغىنى بىلەن دادامدىن كىچىك قالغانلىقىمنى زادىلا بىلىندۈرمەيتتى. ئۇ ماڭا ھەم ئانا ھەم دادا ئورنىدا قارايتتى. ئېسىمنى بىلسەم ھازىرقى ئۆيىمىزنىڭ ئورنى شۇ چاغدىمۇ بىزنىڭ زېمىنىمىز ئىكەن. شۇغىنىسى، ئۇ ۋاقىتتا ھازىرقىدەك ياسىداق ئەمەس، قىڭغىيىپ قالغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆي بار ئىدى. ئانام تۇخۇم پىشۇرۇپ ساتاتتى. ئۆيىمىز شەھەرگە تۆت-بەش كىلومېتىر يىراق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەر كۈنى بىر قېتىم تۇخۇم ئاپىرىپ ساتىدىغانلىقى ھېلىمۇ يادىمدا.
شەھەر بىلەن يېزا ئارىلىقىدا قانچە قېتىملاپ ماڭغانلىقىمنى بىلمەيمەن، لېكىن سەزمەيلا ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ قالغانىدىم. بەك چىرايلىق بولسام كېرەك، ھەممەيلەن ماڭا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. ئۆزۈممۇ شوخ ۋە تىرىشچان ئىدىم. ئانام كىيىمگە ئامراقلىقىمدىن زارلىناتتى. ساۋاقداشلىرىم بولسا كىيگەنلىرىمنى ماختايتتى.
ئالىي مەكتەپ دېگەننى سەن كۆرمىگەن، بىلمەيسەن. لېكىن نازۇك تىلىدىن تەڭداشسىز كۈيلەرنى تۆكۈۋاتقان قولۇڭدىكى ئاشۇ ئىسكىرىپكا ئالىي مەكتەپنىڭ مەھسۇلى! نۇرغۇن نەرسىلەرگە قىزىقىشىم سەنئەت ئىنستىتۇتىغا كىرگەندىن كېيىن ئىسكىرىپكىغا مەركەزلىشىپ توختىدى. كەسپىم شۇ بولغاندىكىن ئۇنىڭغا بېرىلىشىم كېرەك ئىدى. ئانام سەنئەت ئىنستىتۇتىغا كىرگىنىمدىن خۇشال بولۇپ تۇنجى تەتىلدىلا مۇشۇ ئىسكىرىپكىنى ئېلىپ بەردى. خۇشلۇقۇمدا چالدىم، چالدىم، پۈتۈن ئىخلاسىم بىلەن ئۆگەندىم. بىراق بىلسەڭ، قىزىم، بۇ «سەنئەت ئىنستىتۇتى» ئىدى. ئەڭ گۈزەل قىزلار، ئەڭ يېڭى مودا كىيىملەر مانا مۇشۇ يەردىن تېپىلاتتى. مەنچۇ؟ ھەي،

قويغىن، بالام. قەلبىمگە بېسىلغان ئۆچمەس مۆھۈرلەر ئاشۇ نامراتلىقنىڭ يالدامىسى. كەسىپتە پۇختا بولۇش سەنئەت ئىنستىتۇتىدا يېتىلدۈرىدىغان ماھارەتنىڭ ئاران بىرىلا ئىدى. گۈزەل چىرايىم، يېڭى كىيىملىرىم ساناقسىز گۈزەللەر ئارىسىدا قولنى يۇيۇپ تۆكۈۋەتكەن ئىلمان سۇدەكلا قەدىرسىز بولۇپ قالدى. قەددىمنى كۆتۈرۈش، نەزەرگە ئېلىنىش ئۈچۈن ماڭا پۇل لازىم ئىدى! تۇخۇمچىلىق قىلىۋاتقان ئانام مېنى مودىغا ماسلاشتۇرالىغۇدەك كۆپ پۇلنى بېرەلمەيتتى. شامال ئۇچۇپ تۇرىدىغان كونا ئۆيىمىزدىن ھەر ئايدا كېلىدىغان پۇل گىرىملىرىمگە ئاران يېتەتتى.

ئۆيگە يازىدىغان خېتىم ئازىيىپ كەتتى. نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ۋاقىت چىقىرالمايۋاتسام خەت يېزىشقا نەدە چولام تەگسۇن. كۇندۈزلىرى كەسپىي مەشقنى پۈتۈن ئىخلاسىم بىلەن داۋاملاشتۇراتتىم. كەچلىكى ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىگە بولالماي قالاتتىم. دەرۋازا ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغان ئالىي دەرىجىلىك پىكاپلارنىڭ بىر-ئىككىسى مېنى ۋە دوستلىرىمنى ساقلاپ تۇراتتى. بىز بارىدىغان جايلار، بىز چالىدىغان كۈيلەر، بىزنىڭ بۇ ئويۇنلىرىمىز! مەن بىردىنلا چولپانغا ئايلىنىپ كەتتىم. جەمئىيەت ۋە مەكتەپتە ھەممىنىڭ دىققەت مەركىزىدىكى ئىسكىرىپكىچى، پائالىيەتچى، يىگىتلەر نەزەرىدە قول يەتمەس ساھىبجامال بولۇپ قالدىم.

ئانام ئېيتىپ بېرىدىغان «مازار تېرەك» ھېكايىسى مەندىن ئاستا-ئاستا يىراقلاشماقتا ئىدى. ئۇ ئانام دىلىدىكى تۈگمەس كۈي، ئانام تىلىدىكى مەڭگۈلۈك ھېكايە ئىدى. شۇنداق، ئۇ كۈي شەكلىدە ئەبەدىي تەكرارلىناتتى. ئەمدى ئۇنى مەن چالاتتىم. ئانامدەك قازان بېشىدا، كىر يۇيۇۋاتقاندا، تۇغۇمچان مىكىيانلىرىمىزغا يەم بېرىۋاتقاندا چالا-پۇچۇق غىڭشىپ ئەمەس، ئانام ئېلىپ بەرگەن ئىسكىرىپكىدا ئانامدىن ئاشۇرۇپ، سەلتەنەت ئىچىدە چالماقچىدىم، چالدىم! بىراق ئىسكىرىپكام قانداقتۇر بىر جايلارنى ھامان تاشلاپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. قەيەر ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. كۈي قەسرىمدىكى «مازار تېرەك» ھېكايىسى راستىنلا ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. ئۇمۇ قايسىدۇر بىر يول بىلەن قەسرىنى ئىزدەپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇنى كامالچە بىلەن، ئەقلىم بىلەن توسايتتىم. ئۇنى قوغلاۋېتىپ پات-پاتلا باشقا يولغا كىرىپ قالغانلىقىمنى سېزىپ ھەيران قالاتتىم. بىراق، ئىسكىرىپكامنى تاشلاپ قويالمايتتىم.

دەريا شاۋقۇنى بىردە كۆچىيىپ، بىردە پەسىيەتتى. غەربكە قىيسايغان قۇياشنىڭ ھارارەتسىز نۇرى سۇ يۈزىنى يەڭگىللىنە سۆيۈپ تۇراتتى. سەنمۇ قۇياشقا بېقىپ چېلىۋاتاتتىڭ. كۆز ئالدىڭدا سوزۇلۇپ ياتقان قەدىمىي دەريا سېنى قۇياش بىلەن باغلاپ تۇراتتى. ئۆرە تۇرۇپ چېلىۋاتاتتىڭ. دەريانىڭ ئۇز سىنىنى يوقاتقان ئېگىز قېشى سېنى تېخىمۇ بويلۇق كۆرسەتمەكتە ئىدى.

ئاياغ ئاستىڭدا تونۇپ بولمايدىغان تاشلاندۇقلار چېچىلىپ ياتاتتى. ساتارنىڭ

قۇلىقىغا، دۇتارنىڭ خەرىكىگە، داپنىڭ گەردىشىگە، تۈگمەنىنىڭ سۈكىنىگە، يارىيارنىڭ كالاڭ كەتكەن چاقىغا، پىيمىنىڭ چەمگە، جۇۋازنىڭ قىلچاق-قايچىلىرىغا ۋە يەنە ئاللىقانداق نەرسىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغۇن چىرىندىلار تولىمۇ ئۇششاق، رەزگى ھالەتتە كۆزگە چېلىقاتتى. شۇ قەدەر كۆپ، ئىسمىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر قاچان تاشلاندى، بۇنى بىلىپ بولمايتتى. لېكىن تۇتسىلا ئۇۋۇلۇپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنۈشىدىن ئۇلارنىڭ تاشلانغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغانلىقى ئېنىق ئىدى.

تومۇز بولغىنىغا قارىماي ئەتراپىدا يېشىللىقتىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. سەن دەسسەپ تۇرغان تۇپراقنىڭمۇ توپا رەڭگى قالمىغانىدى. ئارقا تەرىپىدە ئادەم ماڭغان يولنىڭ ئىزى باردەك قىلاتتى. لېكىن دىققەت قىلمىسا ئۇنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. سەن تۇرغان دۆڭ دەريا بويىدىكى ئەڭ ئېگىز جاي بولۇپ، ئۇ يەردە تۇرۇپ خېلى يىراقلارنى كۆرگىلى بولاتتى. سېنىڭ ئورنۇڭدىن تارتىپ كۆز يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى بىپايان ساھىل تاقىر ھالەتتە شور بېسىپ ياتاتتى. ئۇنىڭدىن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز غېرىبلىق، سۈرلۈكلۈك ۋە ئاللىقانداق ۋەھىمە تۈزۈپ تۇراتتى. يەنە قانداقتۇر بىر جايلاردىن كېلىۋاتقان كۈچلۈك سېسىقچىلىق دىماغقا ئۇرۇلاتتى.

دەريا توختىماي شارقىرايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ سەن تۇرغان قىرغىقى تامام چىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ توپىغىمۇ، قىغقىمۇ، تاشقىمۇ ئوخشىمايتتى. قات-قات شور بىلەن قوشۇلۇپ پېتىق ئارىلاشتۇرۇلغان نامەلۇم بىر بوشلۇققا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ھازىرلا تۈزۈپ كېتىدىغاندەك ياكى ئېپلاس ئېقىندى بولۇپ دەرياغا ساقىپ چۈشىدىغاندەك بىلىنەتتى. سەنمۇ تۇرغان جايىڭنىلا پېتىپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتىڭ. سېنىڭ ئارقاڭدىكى —

ئېگىزلىكنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدىكى پەرقلەندۈرگۈسىز بولۇپ قالغان يولنىڭ نېرىسى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇ يەر ئۇيمانىراق بولۇپ، ئەڭ پەس جايىغا بۇزۇلغان قارامايغىمۇ، يامغۇردىن پەيدا بولغان شاكراپ لايغىمۇ ئوخشىمايدىغان، چىلە قۇرتلىرى لۆمۈلدەپ تۇرغان بىر خىل چىرىگەن سۈيۈقلۇق يىغىلىپ قالغانىدى.

سەن مۇشۇلارنى بىلەمدىغانسەن؟ قەلبىڭ بولسىمۇ كۆرەلەمدىغاندۇ، قىزىم؟ مەن سېنىڭ ئۆيدە چېلىشىڭنى ھېچقاچان چەكلىمىدىم. سىرتنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدە سۆزلەپ كۆڭلۈڭنى غەشمۇ قىلمىدىم. لېكىن، نېمىشقا ھە دېسىلا تالاغا چىقىۋالىسەن، يەنە كېلىپ مۇشۇ شورتاڭ دۆڭلۈككىلا چىقىسەن؟ مەن قاچقان نەرسىگە سەن نېمىشقا ييپىشىۋالىدىغانسەن-ھە؟

مەن بۇ يەردىن قاچىدىغان بولۇپ قالدىم. سېنى، سېنىڭ ئاشۇ مۇزىكاڭنى دېمىسەم قىزىم، بۇ يەرگە چىققۇممۇ يوق. بىر چاغلاردا ئانام ماختاپ بەرگەن بولسىمۇ بىراق بۇ دەريانىڭ سۈيىنى ئىچمىگىلىمۇ ئۇزۇن بولۇپ كەتتى. بەلكى، ئانام ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ئېيتىدىغان «مازار تېرەك» ھېكايىسىنى، توغرىراقى بۇ ھەقتىكى كۈيىنى

ئاساسى ئۇدارىدىن چەتنەپرەك چالدىغان بولۇپ قالغاندىن باشلاپ دەريا سۈيىنى تېتىمىغاندىمەن. ئېمىشقا دېسەڭ، ھازىر دەريا سۈيى ئىچمەيدىغان بولۇپ قالدۇق. ئۇنى ئىچمىگەندىكىن، ئۇ يەردە پايپاسلاپ يۈرۈش نە ھاجەت؟

مەن ئانام بىلەن — سىنىڭ موماڭ بىلەن مۇشۇ ھەقتە چىقىشالماي جېدەللىشەتتىم. ئۇ ئىككى گەپنىڭ بىرىدە مۇشۇ يەرنى ماختاپ تۇرۇۋالاتتى. مازار تېرەك، — دەيتتى ئۇ خۇددى راست گەپ قىلىۋاتقاندەك ئەزۋەيلەپ، — ئۇلۇغ مازارىمىزنىڭ تېرىكى، بۇ يەرنىڭ ئىپتىخارى، مازار تېرەك بولغاچقىلا مەھەللىمىز مۇشۇ نام بىلەن باغلىنىپ ئۇلۇغلانغان. نامى ھەر يەرگە تارالغان. يامان يېرى، ئۇ ھازىر يوق. ئۇنى قاچانكى بىر چاغدا نەپسى ئوپقان، قارا يۈرەك بىراۋ كېسىپ قالىۋەتكەن. ئۇزۇنغا بارماي ئۇنىڭ يۈرىكىدىن باشلاپ ھەممە ئەزايى يىرىڭدەك ئېقىپ كەتكەن. ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىققان بەدبۇي پۇراقمۇ بىللە ئېقىپ يەرنى بۇلغىۋەتكەن. ئۇنىڭ تېنى ئېقىپ چۈشكەنلا يەر دەسلەپتە شور ئۆرلەپ، كېيىن ئاستا-ئاستا سېسىپ كەتكەن. ئۇنىڭ يەتتە ئەۋلادىمۇ ھەر خىل كېلىشمەسلىك بىلەن ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلگەن.

شۇنىڭدىن بېرى مەھەللىمىزنىڭ سۈر-ھەيۋىسى قالمىدى. تېرىكى يوق مازارنىڭ بەلگە-نىشانى بولمايدۇ. بەلگىسىز مازارنى مازار دېگىلى بولامدۇ؟ بۇنداق مازارلىق مەھەللىنى خەقلەر ئەزىزلەمدۇ؟ بىر زامانلاردا بۇ ئاجايىپ ئاۋات مەھەللە ئىدى. ئۇن ئايماقنىڭ جامائىتى مۇشۇ مازار قوينىدا ياتقان ئەزىزلىرىمىزنى سېغىنىپ كېلەتتى. ھەركۈنى تاۋاپ قىلىپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. يىراق-يىراقلاردىن كەلگەن يولۇچىلارمۇ دۇئا-تىلاۋەتسىز ئۆتمەيتتى. ئات-ئۇلاغ، تۆگە-كارۋان بىلەن ماڭغۇچىلارمۇ توختىماي ماڭمايتتى. ئۇ چاغدا دەريا ياقىلاپ ماڭىدىغان كەڭتاشا يول بار ئىدى. يول ياقىسىدىكى سۆگەت تاللىرى ياز بويى سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئەتراپ بۆككىدە يېشىلچىلىق، جان-جانىۋارلار مۇشۇ يەردىن ماكان تۇتۇشقانىدى. ئۇچقۇچلارمۇ بۇ يەرگە ياراغ تەكلىمەيتتى. مازار تېرەك تېخىمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى. نۇرغۇن قەدىمىي تېرەكلەر ئۇنى قورشاپ تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ ئەتراپتىكىرەك بىر دۆڭدە بولىدىغان. ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئەركەكنىڭ قۇچىقى يەتمەيتتى. قارىماققا ئىنتايىن قېرى ئىدى. ئۇنىڭ پۈرلىشىپ كەتكەندەك تىلىم-تىلىم قوۋزاقتا ئۇرۇلۇپ تۇرۇشى، ئوتتۇرىسىنىڭ ئىككى ئادەم پاتقۇدەك كاۋاكلىشىپ كېتىشى، بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ساناقسىز شاخلىرىنىڭ چۆرىسىدىكى تېرەكلەرگە مىنگىشىپ ئۆسۈشلىرى ئۇنىڭ سۈر-ھەيۋىسىنى يەنىمۇ ئاشۇرغانىدى. مەھەللىمىزنىڭ نامى تېرەك بىلەن باغلانغانىدى. ئەمما، تېرەكنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. نەچچە يۈز ياشتۇر ياكى بىرەر مىڭ ياش! كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، مازار تېرەك قىشۇ ياز غازاڭ تاشلىمايتتى. يوپۇرماقلىرى يىل بويى ياپيېشىل تۇراتتى. ئۇ كەملەردە تېرەكنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن بۇلاقلار بولىدىغان. دەريا سۈيى بۇلاقنى مەنبە قىلىپ بارغانسېرى كېڭىيىپ، ھازىرقىنىڭ

تەتۈرچە ئاقاتتى. بۇۋام شۇنداق سۆزلەپ بېرەتتى. ساڭا سۆزلەپ بېرىشىمنىمۇ تاپىلىغانىدى.

كىچىكىمدە بۇ ھېكايە قالتىس تەسىرلىك بىلىنەتتى. يەنە كېلىپ، ئۇ ھەمىشە مۇشۇ ھېكايىنى ئېيتىپ بېرەتتى. شۇ چاغلاردىكى سەبىي قەلبىمدىن ئورۇن ئالغان خاسىيەتلىك مازار تېرەك ھېكايىسى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدە كۆز ئالدىمدا پەيدا بولىدىغان قەدىمىي، سۈرلۈك، گۈزەل ھەم تەڭداشسىز مازار تېرەك كارتىنىسى ئەمدىلىكتە مېنى سېغىندۇردى، ئويغا سالدى. بىر چاغلاردا ئانام بىلەن مۇشۇ توغرىدا «چوقۇشۇپ» قالاتتىم. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىقىمنى بىلمىگەندەك، ھەر تەتىلدە كەلسەم كىچىكىمدە سۆزلەپ بېرىدىغان بۇ ھېكايىلەرنى يەنىمۇ ئەزۋەيلەپ، تەكرار-تەكرار سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە ئىشەنمەس بولۇپ قالغانىدىم. چۈنكى مەن ئۆزۈم كۆرەلىگەن نەرسىگىلا ئىشىنەتتىم. بۇ يەردە ئانام دېگەن نەرسىلەرنىڭ ئازراقمۇ ئىزناسى كۆرۈنمەيتتى. دەريانىڭ ئېقىش يۆنىلىشىمۇ ئانامنىڭ ھېكايىسىدىكىگە ئوخشىمايتتى. سۇيىمۇ ئىنتايىن لاي، خۇددى يۇندىدەكلا ئىدى.

مەن جاھىللىق قىلغانسېرى ئانامنىڭ خۇيى تۇتۇپ قالاتتى. ئۇ قاپىقىنى ئاچماي تۇرۇپ، بىر زامانلاردا ئېيتىدىغان، ھېلىمۇ ئېيتىپ كېلىۋاتقان «تېرىكىم» ئاھاڭىنى ئۆزىلا ئاڭلىغۇدەك قىلىپ غىڭشىيتتى. نېمىشقىكىن، بۇ ئاھاڭنى ئۇ بۇرۇنقىدەك تولۇق، تولدۇرۇپ ئېيتالماس بولۇپ قالغانىدى. مۇشۇنى سەزسە كېرەك، ئۇ ئاھاڭ تۈگىگەندىن كېيىنلا ئىختىيارسىز ھالدا ئېغىر تىناتتى، كۆزلىرى ياشلىناتتى. مەن بۇنى قېرىغانلىقنىڭ ئالامىتى دەپ ئويلايتتىم.

— سەن ئۆزگىرىپ كېتىپسەن، بولماي قاپسەن.

شۇنى ئارانلا دېيەلەيتتى ئۇ. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ زۇۋان سۈرمەيتتىم. لېكىن ئۇنىڭ بىلمىسىزلىكىگە — ساۋاتسىزلىقىغا ئېچىناتتىم، غەزىپىم كېلەتتى. ئوقۇغان بولسا بۇنداق قىلماس ئىدى.

يامغۇر تاراسلاپ قۇيۇۋەتتى. كۆيۈك ئۈزۈلمەيتتى. سەن گويا چېلىش ئۈچۈنلا يارالغان ئادەمدەك، ئەتراپىڭدىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەر ساڭا مۇناسىۋەتسىزدەك، بېشىڭنى ئىسكىرىپكا قىسىلغان تەرەپكە قىيسايتىپ، چېلىشنى ئۈن-تىنسىز ھالدا داۋاملاشتۇراتتىڭ. يامغۇر يۈزۈڭگە، قولۇڭغا، ئىسكىرىپكىڭغا... ھەممە يېرىڭگە تىنىمسىز ئۇرۇلاتتى. ئىسكىرىپكا يۈزىدىن، قۇندۇزدەك تال-تال چاچلىرىڭدىن، بوغما چاپىنىڭ ۋە كاناي شىمىڭدىن چېپىلداپ سۇ ئاقاتتى. نازۇك بارماقلىرىڭ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماستىن تار ئۈستىدە يورغىلايتتى، ئۇ مۇشۇ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىسكىرىپكا تىلىنىڭ كۆرۈش مۇمكىن بولمىغان چوڭقۇرلۇقلىرىدىن ئاجايىپ نازاكەتلىك، گۈزەل ۋە يېقىملىق كۈي پەرلىرىنى باشلاپ چىقاتتى. ئۇ ھاۋانىڭ گۈلدۈرلەشلىرىگە، يامغۇرنىڭ تارسىلداشلىرىغا قوشۇلاتتى-دە، ئاسمان بىلەن زېمىننى تۇتاشتۇرىدىغان، «ھازىر» نىڭ تېنىدە

«ئۆتمۈش» قېنىنى جۇشقۇنلاشتۇرىدىغان تېخىمۇ ۋەزمىن، غوللۇق ھەم تەسىرلىك بىر
سەزگۈ دۇنياسى بولۇپ يارىلاتتى.

كۆزۈم ئوتتۇرا رەتنىڭ ئىككىنچى قاتارىدا ئولتۇرغان ئورۇق بىر يىگىتكە چۈشكەندە،
كامالچە تۇتقان قولۇم ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. ئۇ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان بىر
خىل قىزىقىش بىلەن ماڭا قادىلىپ ئولتۇراتتى. قارىماققا روھى تېنىدىن ئاللىقاچان
چىقىپ كېتىپ، روھسىز جىسمى قېتىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. شەبنەم قونغان قارا
ئۆرۈكتەك پارقىراپ كەتكەن قارىچۇقلىرى چاناقلىرىدىن سوزۇلۇپ چىقىپ كۆكسۈم
تەرەپكە لەيلەپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. بۇ كۆزلەر نۇرلۇق، ھارارەتلىك، ئەمما
مىسكىن ئىدى. ئۇنىڭ نۇرى كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۆكسۈمنى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ توپچىسىنى
قىزدۇرۇپ غىدىقلايتتى. ئارقىدىنلا يېقىملىق بىر سېزىم غىدىقلاشقا قوشۇلۇپ كېلىپ پۈتۈن
ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالاتتى. بۇ تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىقىشىم بولمىسىمۇ، لېكىن
بەكلا ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. ھېلىقى كۆزدىن نۇر بىلەن قوشۇلۇپ دانە-دانە
سۇيۇقلۇق تېمىپ چۈشەتتى. يىگىت ئۆزىمۇ سەزمەستىن سەھنە تەرەپكە ئىنتىلىپ،
ئورنىدىن پات-پاتلا تۇرۇپ كېتەتتى.

گۈلدۇراس ئالقىش سادالىرى ئىسكىرىپكا ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى. تاماشىبىنلار
قىيىن بولسىمۇ ماھارەت بىلەن چېلىنغان نازۇك بىرقايتىلانما ئۈچۈن ئالقىش ياغدۇرۇۋاتاتتى.
سوناتا تېخى تۈگىمىگەنىدى. «يىلتىز ناخشىسى» دەپ ئاتالغان بۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ
تەسىرلىك قىسمى مۇشۇ يەردىن باشلىناتتى. زال ئىچى بىردىن جىمىپ قالدى. ئۆتمۈش
قوينىدا ئەگىپ يۈرگەن تاماشىبىنلارغا كۈي تىلى ئارقىلىق ئۆز قىسسىسىنى ئېيتىپ بېرىش
ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ ئۇزاقلارغا باشلاپ مېڭىش شۇ تاپتا يەنىلا مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم ئىدى.
مەن تۇرۇۋاتالمايتتىم، ئۇلارمۇ يانالمايتتى.

... كولدۇرما ئاۋازى چەكسىز يىراقلارغا سوزۇلغان قۇم-دەشتلەرگە ھاياتلىق
شەپىسى بېرەتتى. ئەسىرلەر بويى ئۇخلاپ ياتقان سېھىرلىك تىلسىم دۇنياسى
سەزگۈسىنى ئويغىتىۋاتقان تونۇش ۋە رىتىملىق ئاۋاز تەسىرىدە ئاستا-ئاستا جانلىناتتى.
قۇياش شەپىسىز ھالدىلا ئۇپۇقتىن باش كۆتۈرەتتى. ئۇ زېمىندەك بۈيۈك، قاندەك قىزىل
ئىدى. ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ گىرۋەكلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ تەڭداشسىز
ئوت شارىدىن ئازراقمۇ ھارارەت سېزىلمەيتتى. كولدۇرما ئاۋازى غەربىي ئۇپۇقنى
بويلاپ دەسلەپتە تولىمۇ ئاجىز، بارا-بارا كۈچەيگەن ھالەتتە يېيىلىپ كېلەتتى. ئۇ
بېسىپ ئۆتكەن تاشلاندۇق، ئۆلۈك جەزىرىلەر ئۇنىڭ ئىزىنى بويلاپ تىرىلىپ باراتتى.
شۇئان توخۇلار چىللايتتى، ئىتلار ھاۋشىيتتى. كولدۇرما توختاۋسىز ھالدا سۇرۇلەتتى.
ئۆز تۈسىنى ئەبەدىي يوقاتمايدىغان قوزغاتقۇچ بىر ئاۋاز بوران كۆمۈۋەتكەن قەدىمىي
ئىزلارغا ئەگىشىپ بىرخىلدا ئىلگىرىلەيتتى.

ئەسەر قويۇق سىمۋوللۇق تۈسكە ئىگە ئىدى. تاماشىبىنلار ئۆزىنىڭ سېزىمى

ئارقىلىق پەقەت ئۆزىلا ھېس قىلالايدىغان ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارغا ئىگە بولاتتى. بۇ تونۇگۇن بىلەن بۈگۈن گىرەلەشتۈرۈلگەن ئەجداد ۋە ئەۋلاد ھەققىدىكى تەسىرلىك قىسسە، ھەممىگە باغلاشقا بولىدىغان ئۈچمەس سەرگۈزەشت ئىدى. ئەسەر ئاپتورى رېپېتىتسىيە قىلىۋاتقان چېغىمدا ھەمىشە شۇنداق چۈشەندۈرەتتى.

زال جىمجىت. ھەممە سۈكۈتتە. سىرتتا شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ ئاۋازى مۇزىكا مۇھىتىغا تېخىمۇ مۇڭلۇق تۈس قوشۇپ تۇراتتى.

مۇرەمگە چۈشۈپ تۇرىدىغان كۆپتۈرمە چاچلىرىم پەدە باسقان قولۇمنى يېپىۋالغانىدى. چاچ ئارىسىدىن تۆۋەنگە قارىدىم: ماڭا كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ تۇرغان ھېلىقى يىگىت بىر دەستە گۈلنىڭ ئارىسىغا خەت تىقىپ يېنىدىكى قىزچاققا بەرگەچ، مېنى كۆرسىتىپ بىر نېمە دەۋاتاتتى.

ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خۇش يېقىپ-ياقمايراق ئارقا ئىشىككە چىقتىم. دېگەندەك، ھېلىقى يىگىت يامغۇردا چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن.

— بۇنداق ماھارەت بىلەن چېلىنغان مۇزىكىنى تۇنجى قېتىم بىۋاستە ئاڭلىشىم، قالتىس ئورۇنلىدىڭىز! رەھمەت!

چاۋاك بىلەن ئېيتىلغان رەھمەتنى كۆپ ئاڭلىغانمەن. لېكىن، ئاغزاكى رەھمەت ئېيتقاننى خىزمەتكە چىققاندىن بېرى بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتىم. تېنىم يايراپ، كۆڭلۈم خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلگۈم كېلەتتى.

— ئىسمىم ئىلىيا قاھارى. ئانچە-مۇنچە شېئىر يېزىپ قويىمەن. مۇزىكا ھەۋەسكارىمەن.

يايراپ تۇرغان تېنىمنى بىردىنلا ھاياجانلىق تىترەك بېسىپ كەتتى. تالاي كىشلەر سورۇن-سورۇنلاردا ئىغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيدىغان، نۇرغۇن قىزلار چوقۇنىدىغان، رايونىمىزدا ئەڭ تەسىرلىك سانىلىدىغان ياش لىرىك شائىر يېنىمدا تۇراتتى. ئۆمكىمىزدىكى ناخشىچى قىزلار ئۇنىڭ تېكىستى بىلەن داڭق چىقارغان ئەمەسمىدى؟ بىرقانچە دوستۇم «ئىلياغا تەلەپ قويۇپ خەت يازسام جاۋاب بەرمىدى» دەپ ساراڭ بولاي دېگەن ئەمەسمىدى؟ مەنمۇ ئۇنى كۆرۈش ئىستىكىدە يۈرگەن ئەمەسمىدىم؟ ئاھ، بەخت!

ۋۇجۇدۇم ياپراقتەك تىترەيتتى. جىسمىم ياندىشىپ كېتىۋاتقان شائىر تەرەپكە ئىختىيارسىز ئاغاتتى. ئۇنىڭ سەنئەتنىڭ مىللىيلىقى، مۇزىكىدىكى مىللىي تۈس دېگەندەك گەپلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقان بولساممۇ، ئاڭلاش سېزىمىم تېخىمۇ ئەمەلىيرەك سۆزلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن تەمە بىلەن زورۇقاتتى.

— مەن شائىر، سىز مۇزىكانت. شېئىر بىلەن مۇزىكا قەلبداش، تۇمۇرداش قوشكېزەكلەر... ئىككىمىز ئاسانلا ماسلىشىپ كېتەلەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سىزنى...

مەن كۈتكەن گەپلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاخىر چىقتى. بۇنداق گەپلەرنى تېخى يېقىندىلا يەتتە-سەككىز ئوغۇل بالىنىڭ ئېغىزىدىن ئارقا-ئارقىدىن ئاڭلىغان بولسامۇ، بىراق ئۇلار بۈگۈنكىسىگە ئوخشىمايتتى، ھەئە، پەقەتلا ئوخشىمايتتى! چۈنكى شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئاستىدا مېنى باغرىغا باسقان ھېسسىياتچان بۇ يىگىت سېنىڭ داداڭ ئىدى!

«يىلتىز ناخشىسى» ئانامنىمۇ خۇش قىلىۋەتتى. ئۇ ئويۇنىمىزنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، بۇ توغرىدا باشقىلاردىن ئاڭلىغانىكەن.

— مانا ئەمدى مېنىڭ قىزىمغا ئوخشاپسەن. «تېرىكىم»گە شۇنداق قاملاشتۇرۇپ چېلىپسەنغۇ؟ خەقلەر شۇنداق دەيدۇ. ماڭىمۇ بىر چېلىپ بەرگىنە.

— «تېرىكىم» ئەمەس، «يىلتىز ناخشىسى» بۇ دېگەن.

— قېنى چېلىپ باقە.

— قانداق؟ ئەمەس دېسەم ئۇنىمايسىز، — دېدىم مەن چېلىۋېتىپ.

ئۇ لام-جىم دېمەي ئاڭلىدى. ئۇنى يەنىمۇ خۇش قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئوقۇۋاتقاندا مەشق قىلغان، لېكىن پات-پاتلا ئاساسىي ئۇدارىدىن چىقىپ كېتىدىغان «تېرىكىم»گىمۇ ئۇلاپلا چېلىۋەتتىم.

— بولمىدى! پەقەتلا بولمىدى! ئالدىدا چالغىنىڭ چىرايلىق ئاھاڭكەن. ئەمما، تېرىكىمنى تۈگەل بۇزۇۋەتتىڭ. ھېلىقى يېرىنى مۇنداق چالساڭ بولمامدۇ؟ مۇنداق...

ئۇ چېلىشنى بىلمەيدىغىنىنى ئۇنتۇپ، قولۇمدىكى ئىسكىرىپكىنى تارتىپلا ئالدى-دە، كامالچىنى قانداق تۇتۇشنى بىلمەي جىم بولۇپ قالدى. ئارقىدىنلا ئاغزىدا غىڭشىپ ئۈلگە كۆرسەتمەكچى بولدى. قىرىشقاندەك، ئاۋازى راۋان چىقمايۋاتاتتى. قارىغاندا، «تېرىكىم»نى ئۇ ئۆزىمۇ سېزىپ-سەزمەي ئۇنتۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ تەربىيىلەنمىگىنى ئۈچۈن «تېرىكىم»نىڭ قۇرۇلما، ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى دەپ بېرەلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىدىغان «مازار تېرەك» ھېكايىسى مېنى قىزىقتۇرالمايتتى، قايىلمۇ قىلالمايتتى.

كۈي رىتىمى جىددىيلەشتى. شامال كۈچەيمەكتە ئىدى. مۈرەڭنى يېپىپ تۇرغان كۆپتۈرمە چاچلىرىڭ بىردە كامالچە تۇتقان قولۇمنى، بىردە پەدە باسقان قولۇمنى يۇمشاق سۆيۈپ تۇراتتى. تىنىق ۋە كۆپكۆك كۆزلىرىڭ ئۇيۇق سىرتىغا، سەندىن باشقا كىشى كۆرەلمەيدىغان چەكسىز يىراقلارغا تىكىلگەنىدى. كۆك قەرىدە نىشاندىن ئادىشىپ قالغان بىرەر قۇشنى كۆرگەنسەن؛ شامال زەربىسىدە تورۇلۇپ سىلجىۋاتقان قايسىبىر بۇلۇتلار توپىنى كۆرگەنسەن؛ كۆيۈك قېتىدىن تىرىلگەن گۈزەل سىمالارنىڭ كۆز ئالدىڭدىكى پايانسىز بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرگىنىلىكىنى كۆرگەنسەن ۋە يەنە تەڭداشسىز گۈزەل ۋە كەڭ بوشلۇقنى... ھەممە-ھەممىنى كۆرگەنسەن! شۇ تاپتا سەندىن شۈبھىلىنىپ قېلىۋاتىمەن. تەگ-تېگىگە سىرلىق مەنىلەر يوشۇرۇنغاندەك كۆرۈنىدىغان

چىرايلىق كۆزلۈك مېنى ئالداۋاتامدۇ، نېمە؟ مەن شۇنىڭغا ھەيران، سېنىڭ ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىڭنى بىلىپ تۇرىمەنۇ، قىلىۋاتقانلىرىڭ كۆرەلمەسلىككە يات! چىراي-ئىپادەڭ، گەپ-سۆزلىرىڭ كۆزى ئەڭ روشەن ئادەممۇ كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، سېنىڭ بۇ تېتىكلىكىڭ، سېنىڭ سەزگۈرلىكىڭ، جۇشقۇن ھەرىكەتكە ماسلاشتۇرۇپ يىراق-يىراقلارغا نەزەر سېلىشىڭ... مۇشۇنداق كۆزنىڭ كۆرەلمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟

مۇزدەك شامال يىراق-يىراقلاردىن ھۇشقىيتىپ كېلەتتى. پادىچى شىمى ۋە نېپىز يۇڭ پوفايكا بىلەن تۇرغان سېنىڭمۇ چوقۇم توڭلاۋاتقانلىقىڭنى سېزىپ تۇرسامۇ، تېتىكلەشكەن كۆيۈڭ سېنى ياندۇرۇپ كىرىپ كېتىشىمگە يول قويمايتتى. ئەتراپىڭدا دەل-دەرەخ يوق ئىدى، ئەمما چوڭ-كىچىك ياپراقلارنىڭ شاخلىرىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن ئاۋازى بوش ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن ئاڭلىغاندەك بىلىنگەن، لېكىن ئەزەلدىن چېلىپ باقمىغان بىر كۈي ئىسكىرىپكاڭدىن تارقىلىپ شامال ئاۋازىغا قوشۇلاتتى-دە، يىراقتىن كېلىۋاتقان نەي ئۈنىگە بىرىكىپ تېخىمۇ ئۇزاقلارغا كېتەتتى.

شامال ھۇشقىيتاتتى. نەي ئاۋازى ئاستا-ئاستا كۈچىيىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئىسكىرىپكاڭ تاشلاپ كېتىشى مۇمكىن بولغان ئالللقانداق ئاچ ئۇدارلارنى تولۇقلاپ، تەڭداشسىز بىر كامالەت مۇھىتى يارىتىۋاتاتتى. بۇ ئاۋاز يېنىڭدىن ئۇچۇپ چىقىپ ئىسكىرىپكاڭغا جور بولۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى. دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىن كېلىۋاتقاندەكمۇ سېزىلەتتى. نېملا بولمىسۇن، ئەمدى ئاڭلىنىۋاتقىنى بىر ئادەمنىڭ چېلىشى مۇمكىن بولمىغان بىرىكمە كۈي ئىدى. ئۇنىڭغا تەشنالىق، سېغىنىش، ئىنتىلىش...كە ئوخشاش تەسىرلىك تۇس قوشۇلۇپ كېلىۋاتاتتى.

«سىز مېنى قۇتقۇزدىڭىز، سائادەت، سىزنى سۆيىمەن!» يانچۇقۇڭدا پۇرلىشىپ تۇرغان خەتتە شۇنداق دېيىلگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۈمىدسىز مۇڭنى جۇشقۇنلۇق تۇسى بار سېغىنىش مۇڭىغا ئۆزگەرتكەن نەي ئاۋازىمۇ شۇنداق دەۋاتاتتى. تەگكەش مۇزنىڭغا قوشۇلۇپ كېلىۋاتقان كۈچلۈك شامال يۈزۈمگە تىنىمسىز ئۇرۇلاتتى. بىراق قۇلقىم تۈۋىدە ھۇشقىيتىۋاتقىنى بولسا، تويى كېچىسىدىكى شامالنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ئىدى.

«يۈزۈم ئېچىلىدىغان» كۈننى ھېيىز مەزگىلىمگە توغرىلىغانلىقىمدىن مەمنۇن بولسامۇ، لېكىن يەنىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتىم. چۈنكى ئىلىيا روھنى، روھىي ساداقەتنى ئالاھىدە قەدىرلەيدىغان ھېسسىياتچان شائىر بولسىمۇ، «ئامانەت» كە سەل قارىمايدىغانلىقىنى ئۇنىڭ كۆپ قېتىملىق سەۋرچانلىقىدىن بايقاپ قالغانىدىم. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەن بىلەن تونۇشۇپ بىرقانچە ئاي بولغان بىر كەچتىكى قوتراشلىرى، مەستلىك تەسىرىدە ئېشىپ بېرىۋاتقان جىنسىي تەلپى ھېچنېمىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۈچلۈكتەك بىلىنگەنىدى. مېنى ياتىقىمغا ئەكىرىپ قويغان شۇ كۈنى ئۇ ئېغىر مەست ئىدى. ياتاققا كىرىشىم بىلەنلا ئۇ مېنى كارىۋىتىمغا باستى.

مەن ئاز-ماز ناز قىلىپ ئۆزۈمنى قاچۇرغان بولدۇم. ئاخىردا ئامالسىز قالغان قىياپەتتە ئۇنىڭ ئاچكۆزلەرچە سۆيۈشلىرىگە، يۈزۈمنى، بوينۇمنى، كۆكسۈمنى، يوتامنى... ھەممە يېرىمنى قىزغىنلىق بىلەن سىلاشلىرىغا يول قويدۇم. ئۇنىڭ يۇمشاق سىلاشلىرى تاتلىق سېزىملىرىمنى ئويغىتىشۇەتتى. ئەمدى ئۇ رېزىنكە باغلىق كالتە ئىشتىنىمنى پەسكە تارتىشۇەتسىلا بولاتتى. شۇنداق قىلىدىغانلا بولسا ئۇ «ئامانەت» نى ئالغان ھېسابلىناتتى. لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، پەقەت رۇباشكامنى قايرىپ، باغىرداقنى ئېلىۋېتىپ، كۆكسۈمگە يالىڭاچ ئېتىنى ياقتى.

ئۇنىڭ سەۋرچانلىقى ھامان ئەرلىك تەلىپىنى بېسىپ كېتەتتى. بۇ خىلدىكى تالاي تەكرارلىنىشلار مېنى شۇنداق چۈشەنچىگە ئىگە قىلغانىدى.

بىز توي قىلغان شۇ كۈنى شامال تاڭ ئاتقۇچە توختىمىدى. ئىلبىيانىڭ ئىلگىرىكى سەۋرچانلىقلىرى ئۇنىڭ مەن ئويلىغاندەك گول يىگىت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. مەن دەل مۇشۇ يېرىدىن ئەنسىرەيتتىم.

ئۇ كۈننىڭ شاماللىق كېچە بولغانلىقى يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئېسىمدىن چىقمىغانكى، ئىلبىيا دېرىزىگە يۈزىنى يېقىپ تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىققانىدى. بۇ كېچە ئەسلى مەن يىغلىسام بولاتتى. بىراق ئىلبىيا يىغلىدى. بەلكى مەندىن ئاشۇرۇپىراق يىغلىدى. ئۇنىڭ يىغىسى مېنى ئازابلىق تېگىرقاش ئىچىدە قىينايتتى. ئۇ ئۆز تاللىشىغا ئۆكۈنۈپ يىغلىغاندۇر، مۇھەببەت مەنزىلىنىڭ ئاياغ ئىزى چۈشكەن بورۇقتۇملۇق گىرۋەك بولۇپ قالغانلىقىغا يىغلىغاندۇر، ئۇنىڭ يىغىسى ماڭا قارىتىلغان مەسخىرىدۇر، بېسۋالغۇسىز غەزەپ-نەپرەتتۇر، ئاھ، ئىلبىيا، شاناقسىز قىزلار نەزەرىدىكى سېھىرلىك مەبۇد، يېتىشىش مۇمكىن بولمايدىغان سىرلىق تالانت، مېنىڭ رازىلىق بېرىپ تەگكەن ئېرىم! ساڭا قانداق تەسەللى بېرەي، سېنىڭ يىغاڭنى مەن كىمگە، نېمىدەپ چۈشەندۇرەي؟ شامال ئازابلىق ھېسلىرىمنى يىراق-يىراقلارغا ئۇچۇرۇپ كېتەتتى.

«راست گەپ قىلغاندا ئاداش، — دەيتتى ئىنستىتۇتتىكى ساۋاقدىشىم ھەمىشە، — بىز «ئامانەت» نى پۇلغا، ئويۇنغا تېگىشتۇق، بۇنىڭ سورۇقى بار. لېكىن، كاللا ئىشلەتسەڭ ئامالمۇ تېپىلىپ قالىدۇ. ئەرلەر مەست بولغاندا ئېچىرقاپ كېتىدىغان خەق. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇلار نەپسىنى دەپلا ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. توي قىلىدىغان يىگىتىمىزنى مۇشۇنداق مەست چېغىدا ئۆزىمىزگە قىزىقتۇرۇپ، چېقىلدۇرىمىز، يەنە بىرى، توي كۈنى ھېيىز ۋاقتىغا توغرىلانسا ئىش كۆرمىگەن ئۇ نېمىلەر سەزمەيلا قالىدۇ. لېكىن، ئاداش، ھەر ئىككىسى قىمارەكلا بىر ئىش. ئۇتتۇرۇپ قويساڭ تۆلەيدىغان بەدەل ئىنتايىن ئېغىر، بولۇپمۇ كۆزى ئېچىلىپ قالغان نېمىلەر بىلەن توي قىلىپ قالساڭ...»

يەنە نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىم ئېنىق ئېسىمدە يوق. ئۇنتۇيالمايدىغىنىم: مەنمۇ ئاچچىق بىر تۇيغۇ ئىچىدە يىغلىپ قالغان ئازابلىق يىغامنى ئۇنسىز ھالدا يىغلىدىم.

ئەمەلىيەتتە سۆيۈنىڭ رىتىملىق شارقىراشلىرىلا ئەمەس، نەيىنىڭ تونۇش بولۇپ

كەتكەن زىل ۋە يېقىملىق ئاۋازىمۇ سىنى دەريا بويىغا ئەگەشتۇرۇپ چىقىدىغان بولغانىدى. كۆڭ ئاتلىماي چىقاتتىڭ. كۆيۈك تۆگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. كونىراپ قالىدىغاندەكمۇ قىلمايتتى. بەلكى ئۇنىڭ قۇرۇلمىلىرى كۆن ساناپ مۇكەممەللىشىپ، مېنىڭ چالالىشىم مۇمكىن بولمىغان نازۇك ئۇدارلار ئىسكىرىپكاڭ تىلىدىن يېڭىچە ماھارەت، گۈزەل شەكىل ئارقىلىق تۆكۈلۈپ چىقماقتا ئىدى. ئىسكىرىپكاڭغا جور بولۇۋاتقان نەي ئاۋازىمۇ ئەگىشىپ ئۇدار تولۇقلاشتىن ياندىشىپ تەگداش ئۇزۇنداشقا يۈزلىنىۋاتاتتى. ئۇزۇندىن بېرى ئۆزگەرمەي كەلگەن بىرلا نەرسە — ئورنۇڭ مۇقىم ئىدى. دەرياغا يۈزلىنىپ ئۆرە تۇراتتىڭ. دەسسەپ تۇرغان ئېگىزلىكتىن بىرقەدەم سىلجىمايتتىڭ.

ئىسسىق-سوغۇق تاللىمايدىغان يۈزۈڭ قوناق ناندەك يېرىلىپ كەتكەنىدى. ئىزچىل بىر نۇقتىغا تىكىلىشكە ئادەتلەنگەن ئويچان كۆزۈڭ ياشاڭغىراپ تۇراتتى. سەن يەنىلا يىراققا، ھېچ كىشى بايقىۋالالمايدىغان ئالىقاندەك بىر مەنزىلگە ئۈن-تىنسىز ھالدا تىكىلىپ تۇراتتىڭ.

دەريا سۈيى قارا رەڭگە كىرىپ قالغانىدى. ئۇ كۆچىنىپ شارقىرايتتى، ئايىغىڭ ئاستىدىكى بولغانىغان تاقىر قاشقا زەرب بىلەن ئۇرۇلاتتى. سۇ ھەر قېتىم قاشقا ئۇرۇلغاندا بوتۇلكىلار جاراڭلايتتى، قاينام ئارىسىدا لەيلەپ-چۆكۈۋاتقان چالا ئۆلۈك مۈشۈكلەر كۆچسىز مىياڭلايتتى، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ئىتلار ھالسىز خارقىرايتتى، قاۋايتتى. پۈتۈن-پۈتۈن زاغرا توقاچلار، رەڭگى ئۆزگەرگەن گۈرۈچ، قوناقلار قاينام ئارىسىدا ھەريان سەكرەيتتى. ساناقسىز قارا بېلىقچانلار ھوشسىز ھالەتتە پىلتىڭلاپ ئاقاتتى. قارا رەڭدىكى ئانا بېلىقلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى سۇدىن ئۈچۈپ چىقاتتى-دە، ئېغىزلىرىنى يوغان ئېچىشىپ يەنە ئامالسىز كىرىپ كېتەتتى. سۇ ھەر قېتىم قاشقا ئۇرۇلغاندا ئەتراپقا بىردىنلا چىداپ تۇرغۇسىز سېسىق پۇراق تارايتتى. قارا سۇ بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيەتتى. ھەر قېتىم پەسەيگەندە ئۇنىڭ ئۇرۇلۇۋاتقان ئىزىدا ھالال-ھارامنىڭ ئۆلۈكى، چىنە-قۇتىلارنىڭ سۇنۇقى، ئەخلەت-چىرىندىلار، ياغاچ-يوپۇرماقلار، ئىشقىلىپ جاھاندىكى ھەممە نەرسىلەر پەيدا بولاتتى. سەن دەسسەپ تۇرغان ئېگىزلىكنىڭ سۇ يالاپ تۇرغان تەرىپى ئاشۇ نەرسىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار كۈنسېرى ئېگىزلەيتتى. مۈشۈ كۆپىيىشتە، ئۇزۇنغا قالمايلا سېنىڭ ئورنۇڭنىمۇ كۆزگە چېلىقمايدىغان لايداك ئويمانلىققا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغاندەك قىلاتتى.

بولۇتلار توپى نەرە تارتىپ كېلىۋاتاتتى. نازۇك بارماقلىرىڭ قىسىپ تۇرغان كامالچە تار ئۈستىدە يورغىلايتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ھەر قاچانقىدىكىدىنمۇ تېز ۋە كۈچلۈك ئىدى. ئىسكىرىپكا تىلىدىن يېپىلىپ چىقىۋاتقان جىددىي بىر كۈي سېزىمىم ئارقىلىق كۆڭلۈمنىڭ نازۇك، ئەمما ئۆزۈممۇ ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بىر جايلىرىنى ئاچچىق-ئاچچىق چىمدىپ ئۆتەتتى. كۆزلىرىڭدىنمۇ تارام-تارام ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى. نېمىگە يىغلىدىڭ؟ تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بولۇتلار كۆڭۈلسىز سەرگۈزەشتىلىرىڭنى ئېسىڭگە سالدىمۇ؟ ئايىغىڭ ئاستىدىكى

يىغىندىلار دىلىڭنى ئەزدىمۇ؟ راست، سەن ئۇلارنى كۆرەلمەيسەن. ئانداقتا كۆڭلۈڭگە نېمە كەچتى؟

مۇزىكا ئۇدارى قوپال، لېكىن ناھايىتى ساددا ئىدى. ئۇنىڭ رىتىملىق تەكرارلىنىشىدىن پۈتۈنلۈككە ئايلىنىۋاتقان كۈي كىشى قەلبىگە ھاياجانلىق سوئال ئىزلىرىنى تاشلاپ ئۆتەتتى.

ساڭا قورساق كۆتۈرگەن چېغىمدىلا ھەيرانلىقىم باشلانغانىدى. مۇددەتتىن بۇرۇن مىدىرلىدىڭ.

چېلىۋاتقىنىڭ جىددىي، ئەمما ناھايىتى مۇڭلۇق كۈي ئىدى. ئۇنى تۇنجى قېتىم تەبىئىي ۋە تولۇق ھالىتىدە ئاڭلىغان ۋاقتىمدا دەل سەن مىدىرلىغانىدىڭ. بىلىۋاتامسەن، سەن شۇ چاغدا مىدىرلىغان! ئەمدى ئۇنى سەن چېلىۋاتاتتىڭ.

ئانامنىڭ — موماڭنىڭ ئۆلۈمى تولىمۇ تاسادىپىي بولدى. ئۇنىڭ جىمغۇر بولۇپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تېنى ناھايىتى ساغلام ئىدى. بىراق خوشلىشىپ كېتىپ ئىككى كۈندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئۆلگۈرۈپ كەلدۇق. ھەممە يالغۇزچىلىق ھازا كۈنى سېزىلدى. بارلىق ئۇرۇغ-تۇغقانلار جەم بولغان بولسىمۇ، ئۆزۈمنىڭ بىردىنلا يۆلەنچۈكسىز قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. يىغلىشىم ئۈچۈن، كۈلۈشۈم ئۈچۈن، مەسلىھەت سورىشىم ۋە قېيىدىشىم ئۈچۈن... ھەممە ئۈچۈن ئانام لازىم ئىكەنلىكى مانا ئەمدى تولۇق بىلىنىۋاتاتتى. يەر-جاھان پىرقىرىدى. ئەتراپىم تارايدى. كۆز ئالدىمدىكى جىمى نەرسە چانقىمدىن سىرغىغان ئىسسىق سۈيۈقلۇق ئاستىدا قالدى. كۆككە دەسسەپ كېتىۋاتتىم. بېشىم تەگسىز چوڭقۇرلۇققا ساڭگىلايتتى. خىيالىم، غايەم، روھىم، جىسمىم... ھەممىسى ئۆز يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلغانىدى.

مېنى ئىلىيانىڭ يۆلەپ تۇرغانلىقىنى بىلمەن؛ ئۇنىڭ ھەممىدىن ئاشۇرۇپ ھۆركىرەپ يىغلاۋاتقانلىقى ھەم يادىمدا. چۈشكىمۇ، رېئاللىقىمۇ ئوخشىمايدىغان خىيالىي بىر تۇيغۇ ئارىسىدا تۇراتتىم. ئىلىيانىڭ يىغا ئاۋازى ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى. مەن قاتتىق ئازابلىنىۋاتاتتىم. لېكىن نېمىشقىكىن، تەسەۋۋۇرۇم كۈچىيىپ باراتتى — ئانام «مازار تېرەك» ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى. ئىلىيا دېرىزە تەرەپكە قاراپ بۇقۇلداپ يىغلايتتى. سەنئەت ئىنستىتۇتىدىكى ھېلىقى ساۋاقدىشىم: «كۆزى ئېچىلىپ قالغان بىر نېمىلەر قىلتىقىڭغا چۈشمەيدۇ» دەۋاتاتتى.

جەسەت جىنازىغا سېلىنىش بىلەن تەڭ ئانامنىڭ «تېرىكىم» نى ئېيتىپ بېرىۋاتقان چاغدىكى كۈلۈمسىرەپ تۇرغان نۇرلۇق چىرايى كۆز ئالدىمدا تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. ئۇنى شۇ قەدەر ئېنىق كۆردۈمكى، باشقىلارمۇ كۆردىمىكىن، دېگەن ئوي بىلەن يىغلاپ ئېقىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە ئىختىيارسىز ھالدا تەكشى قاراپ چىقتىم. باشقىلاردا يىغىدىن ئۆزگە سادا يوق ئىدى. پەلتو ئۈستىگە ئاق باغلىغان ئىلىياغا يەنە بىر قېتىم قارىدىم. ئۇ يەنىلا قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن تارام-تارام

ياش تۆكۈپ، ئۇنى بېسلماي يىغلاۋاتاتتى. جىنازا شۇنداق كۆتۈرۈلۈش بىلەن تەڭ ئانام ئاۋازىنى راستتىنلا قويۇۋەتتى. ھەيرانلىقىمدىن ۋارقىراپ تاشلىماقچى بولدۇم. لېكىن يەنە يىغلاشتىن باشقىسى قولۇمدىن كەلمەيتتى. بۇنى ئەتراپتىكىلەرگە دەپمۇ ئىشەندۈرەلمەيتتىم. خۇدا، بۇ نېمە ئالامەت؟! دېدىم ھويلىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقان جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ. ئەسلىدە ئۇنىڭ كەينىدىن خېلى بىر يەرگىچە ئەگەشمەكچىدىم. دەل شۇ چاغدا قورسىقىمغا تەگكەن بىر تېپىك مېنى توختىتىپ قويدى. چۆچۈپ كەتتىم. بويۇمدا قالغىنىغا ئىككى ئايمۇ بولمىغان ئەمەسمىدى؟ ئەزرائىل مېنىڭ جېنىمنىمۇ قوشۇپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. بىراق توختاۋسىز ياش قۇيۇلۇپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزۈم مۆلدۈرلەپ، ھەممىنى كۆرۈپ تۇراتتى. دېمەك ھايات ئىدىم. جىنازا ئاستا-ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئانامنىڭ ناخشىسى كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. مەن خىيالغىمۇ، چۈشكىمۇ ئوخشىمايدىغان غەلىتە بىر تۇيغۇ ئىچىدە بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتىم: ئانامنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ياش تۆكۈۋاتاتتىم، ئانامنىڭ سىيماسىنى قايتا كۆرۈۋاتاتتىم، ئانامنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاۋاتاتتىم، بالام بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلاۋاتاتتىم، تۇغۇلمىغان بالىنىڭ نىداسىغا قۇلاق سېلىۋاتاتتىم، ئۆتمۈش خاتىرەمنى ۋاراقلاۋاتاتتىم، ئېرىمدىن گۇمانلىنىۋاتاتتىم، ياشلىقىمدىن سۆيۈنۈۋاتاتتىم...

ئانام ناخشا ئېيتقان پېتى كۆرۈش دائىرەمدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغان جىنازىغا يېتىشىۋالدى ۋە ئارقىسىغا بىر قارىۋېتىپ ئاستا-ئاستا كۆزۈمدىن يىتتى. ئەمما ئۇنىڭ ناخشىسى دەقىقىسېرى كۈچىيىپ باراتتى. بۇ ناخشا كۆكتىن تامچىۋاتاتتى، زېمىندىن بالقىۋاتاتتى، دەرەخ-ئورمانلاردىن سىرغىپ چىقىۋاتاتتى، ھازىدار ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن، غەمسىز بالىلارنىڭ يۈرىكىدىن... ئۇقچۇپ چىقاتتى. بۇ مەن ئاڭلىغان ۋە تېخى ئاڭلاپ ئۈلگۈرمىگەن، ئېسىمدە قالغان ھەم ئۇنتۇپ كەتكەن ناخشىلار ئىدى. ئۇ بىردە ئانامنىڭ ئاۋازى بىلەن ئېيتىلاتتى، بىردە يەككە سازلار بىلەن چېلىناتتى. قورسىقىمنىڭ ئىچ تەرىپىگە تېگىۋاتقان تېپىكلەرمۇ ئەمدى رىتىملىق ۋە ئاغرىقسىز ھالدا داۋاملىشىۋاتاتتى. كۆي ئۇدارى كۈچەيگەنسېرى قورسىقىمدىكى جاننىڭ ھەرىكىتىمۇ شۇنچە جانلىنىپ كېتەتتى. ئۇ تەپسۇن ياكى مۇشتلىسۇن ئۇدارىدىن زادىلا چىقىپ كەتمەيتتى. كۆي مۇڭلۇق تۈسكە كىرسە ئۇنىڭ ھەرىكىتىمۇ قورسىقىمنىڭ ھەممە يېرىدىن تولىمۇ ئاستا باشلىنىپ كېلىپ، كىندىكىمدە كۈچىيەتتى ۋە يەنە ئەسلىگە قايتاتتى. كۆي تېتىكلەشسە ئۇمۇ شوخلىشىپ كېتەتتى. قول-پۇتلىرىنى تەڭ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، قورسىقىمنىڭ ھەممە يېرىگە رىتىملىق ھالدا مۇشتلاپ، تېپىپ چىقاتتى. بۇ رېپېتىتسىيە قىلىۋاتقان ئۇسسۇلچىنىڭ نەپىس ھەرىكىتىگىمۇ، دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان بوۋاقنىڭ تېپچەكلەپ يىغلىشىغىمۇ، تەلپىنى قاندۇرغان ئانىسىدىن سۆيۈنگەن پەرزەنتىنىڭ ئەسەبىي خۇشاللىقىغىمۇ ئوخشايتتى، ھەئە، بۇ بىر ئەسەبىي ئىنكاس ئىدى. مەن تالاي ئاڭلىغان

ۋە ئاگىلغاچ ئۇنتۇۋاتقان، ئۇ تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقان بۇ كۈي ئۇچۇن سەۋەبي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇرۇۋاتاتتى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. ھازىدارلار بىرەر نەرسىنى سەزگەندەك قىلمايتتى. قورساقىم ئىچىدىكى رىتىملىق ھەرىكەت بايىقىدەكلا داۋاملىشىۋاتاتتى، بىراق ھېچقانداق ئاغرىق سەزمەيتتىم. ئەتراپىمنى يىغا ئارىلاش كۈي قاپلاپ تۇراتتى. يەنە كېلىپ ھەممىسى مەن تەرەپكە سىغدىلىپ كېلىۋاتاتتى. جىنازا كەتكەن تەرەپتىن، ياق، ئۇنىڭدىنمۇ يىراق جايدىن ئاجايىپ تەسىرلىك كۈيلەر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى.

مەست تۇرۇپمۇ ماڭا چېقىلمىغىنىڭغا قارىغاندا، سەن چوقۇم ئىش كۆرۈپ قاپتىكەنسەن، كۆزۈڭ ئېچىلىپ بوپتىكەن، ئىلىيا!... مۇسىبەت كۈنى تۇرۇپمۇ بۇنداق خىيالنىڭ كاللامغا قانداق كىرىۋالغىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

— سىز ئانامنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەي ئۆتكۈزۈۋەتتىڭىز، — دېدى ئىلىيا ئانام قازا قىلىپ ئىككى ئايچە بولغان ۋاقىتتا سەل رەنجىگەندەك قىلىپ.

— نېمىسىنى چۈشەنمەپتىمەن؟ سىز قانچىلىك چۈشىنەتتىڭىز ئانامنى.

— ئۇنىڭ سەۋەبي باللارنىڭكىدەك پاكىز قەلبىنى سىزدىن ئوبدانراق چۈشىنىمەن.

— بۇقىدەك ھۆركىرەپ يىغلاپ بەرگىنىڭىز ئۈچۈنلا چۈشەنگەن بولۇپ قالامسىز؟

— ۋىجدانلىق ئادەم يىغلاشقا تېگىشلىك جايدا چوقۇم يىغلايدۇ، — دېدى ئۇ ماڭا لاپپىدە قارىۋېتىپ، — سىز ئانامنى راستىنلا چۈشەنمەي ئۆتۈپ كەتتىڭىز. ئۇنىڭ سىزگە قالدۇرماقچى بولغانلىرى... «مازار تېرەك» ھېكايىسى، «تېرىكىم» ناخشىسى... ئېسىت، ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنراق تونۇشۇپ قالمىغىنىمغا...

ئۇنىڭ ئاخىرقى گېپىنى چالا-بۇلا ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ «ۋىجدانلىق ئادەم يىغلاشقا تېگىشلىك جايدا چوقۇم يىغلايدۇ» دېگەن گېپى يۈرىكىمگە نەشتەردەك سانجىلدى. بۇ ئۇنىڭ نېمە دېگىنى؟ مېنى تۈزكور ئىكەنسەن، بۇزۇلۇپ كېتىپتىكەنسەن، نومۇس قىلساڭچۇ! دېگىنىمدۇ؟ راست شۇنداق دېگىنى! ئۇ تەگدى، ئاخىر تەگدى! ئاھ، ھاماقەت تىلىكىم!

تىلىم تۇتۇلدى. بېشىمغا قايتىدىن ئاغرىق كىرىپ كەتتى. ئەسلىدىنمۇ زىلۋا بەدىنىم سولىشىپ قالغان تەرخەمەكتەك قورۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ھوشسىز ھالىتىمدە «زەخمىلەندۈرۈلگەن» جاي مانا ئەمدى ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقاندەك قىلاتتى. قارا ماتاق، قويۇق بۇرۇتلۇق، سېمىز ۋە كۆچتۈڭگۈر بىرى سېزىمسىز كۆكسۈمنى ھارغىن ھالەتتە مىجىقلاۋاتاتتى...

دەرىيانىڭ كۆچلۈك بىر شارقىرىشى قەلبىمدىكى ئاچچىق تۇيغۇلارنى ئۆزگە قوشۇپ ئېقىتىپ كەتتى. مەگزىلىرىم چانىقىمدىن سىرغىپ ئاققان ياش بىلەن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. يېقىنلا يەردىن كېلىۋاتقان مۇڭلۇق نەي ئاۋازى موھتاجلىق، تەشنالىقتا ئۆرتىنىۋاتقان غېرىب بىر سىيمانى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتى. «سىز مېنى قوتقۇزدىڭىز

سائادەت، سىزنى سۆيىمەن. بىرقانچە پارچە خېتىمنى يانچۇقىڭىزغا سېلىپ قويدۇم-يۇ، زادىلا جاۋاب بەرمىدىڭىز» دېيىلگەنىدى كاستۇمىڭىنىڭ يانچۇقىدىكى يەنە بىر پارچە خەتتە. كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى. مۇشۇنداق خەتنى كۆرگەن چېغىمدا ئىنستىتۇتتىكى ۋاقىتلىرىم ئېسىمگە كېلىپ قالاتتى. ئۇ چاغدا تەلەپ قويغانلارنى مەنمۇ شۇنداق تەقەززا قىلغان ئەمەسمىدىم؟ خەتنى كۆپ تاپشۇرۇۋېلىش، ئاسان جاۋاب بەرمەسلىك نەقەدەر قىزىقارلىق، كۆڭۈللۈك ئىش-ھە! شۇ تاپتا سەن نېمىنى ئويلاۋاتقانسەن؟ قانداق ھېسسىياتلاردا بولۇۋاتقانسەن؟

تاتلىق ئەسلىملىرىم مۇڭلۇق، يېقىملىق نەي ئۇنىگە سىڭىشىپ كەتتى. بۇ ئاۋاز ئىسكرىپكا ئۇنىنىمۇ بېسىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ شۇ قەدەر ھېسسىياتلىق، شۇ قەدەر لەرزان ئىدىكى، ئۇنىڭ سېھرىلىك تەسىرىدىن ئىسكرىپكاڭنىڭ ئاۋازى تەبىئىي ھالدىلا پەسىيىپ بارماقتا ئىدى.

ھەممە ياقتىن نەي ئاۋازى كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭدىن ئۆلتىجا، سېغىنىش، مۇھەببەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداق، بۇ نەي ئاۋازى ئارقىلىق يېزىلىۋاتقان مۇھەببەت ئىزھارى ئىدى! بۇنى مەن قولۇمدا تۇتۇپ ئەمەس، يىراقتىن — كۆز ئالدىمدىكى چەكسىز بوشلۇقتىن كۆڭۈل كۆزۈم ئارقىلىق كۆرۈۋاتاتتىم.

«سىز مېنى قوتقۇزدىڭىز، سائادەت، سىزنى سۆيىمەن.» بۇ خەتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ھاياجانلىق جۈملە ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، خەتنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جۈملە بىلەنلا داۋاملاشقان. ئۇنىڭ بېشى ۋە ئاخىرىدا يەنە قانداق تەسىرلىك سۆزلەر بار ئىدىكىن؟ ئىنستىتۇتتىكى ماڭا يېزىلغان مۇھەببەت خەتلىرى ئېسىمگە كەلدى. نەي ئاۋازى شۇ خەتلەرگە قوشۇلۇپ قەلب كۆزۈمنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرمەكتە ئىدى. ئاۋاز ئىزىدىن دانە-دانە ھاياجانلىق خەتلەر ئاستا-ئاستا باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتاتتى.

قەدىرلىك سائادەت، — دەپ ئىسمىمنى ئاتاپ باشلانغانىدى تەسەۋۋۇرۇمدا تولۇقلىنىۋاتقان بۇ خەت، — ئالدى بىلەن سىزگە ئېيتىلغان چوڭقۇر، مۇشۇ ئانا دەرياسىدەكلا چوڭقۇر رەھمىتىمنى قوبۇل قىلغايسىز! يەنە بىر قېتىم، ياق، تەكرار-تەكرار رەھمەت ئېيتىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز! سىزگە، ئىسكرىپكا تۇتقان ئاپئاق قوللىرىڭىزغا، ھارماس ئىسكرىپكىڭىزغا رەھمەت!

سائادەت، سىز مېنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان. لېكىن مېنى تونۇيسىز. كۈيلىرىڭىز سىزنى ماڭا تونۇشتۇرغىنىغا ئوخشاش كۈيلىرىم مېنى سىزگە تونۇشتۇرغان. شۇنداق، بىز كۈي ئارقىلىق تونۇشقان، يەنە كۈي ئارقىلىق سىرداشۇۋاتىمىز. مېنىڭ باشتىلا سىزگە رەھمەت ئېيتىشىمنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟ بىلمەيسىز بەلكىم. ئىلگىرىكى خەتلىرىمدە يازغىنىمدەك مەن بىر رەسسام شۇنداقلا يەنە مۇزىكا خۇمارمەن. سىز بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى رەسىم سىزىش — كەسپىم، نەي — ھەۋىسىم ۋە

سىردىشىم ئىدى. ئەمەلىيەتتە نەي — ۋاستەم ۋە ھەۋىسىم بولدى. سىز سىردىشىم ئورنىنى تولۇقلىدىڭىز. ئاڭلاۋاتامسىز، سىردىشىم بولۇپ قالدىڭىز، سائادەت.

شۇ كۈنى مەن دەريا بويىغا چىققانىدىم. قىياپىتى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن بۇ ئانا دەريانى ئاخىرقى قېتىم كۆرمەكچى، ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ، ئەبەدىي بىرگە ئاقماقچىدىم. ئۇ مېنى ئالدىمايتتى. سۆيگەن قىزىمدەك ۋاپاسىزلىق بىلەن مېنى تاشلاپ كەتمەيتتى. دەريا بويىغا كېلىپلا پەلكۈچ ۋە بوياق تەڭشەش تاختىسىنى سۇغا كۈچ بىلەن ئېتىۋەتتىم. ئۇ نەرسىلەرنى شۇنچە ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن مەن بىلەن بىرگە ئاقسۇن دېگەنىدىمەن. ئارقىدىنلا كۆزۈمنى مەھكەم يۇمدۇم. خۇددى ئۆلۈشتىن بۇرۇن چوقۇم كۆزنى يۇمۇش پەرزدەك شۇ پېتىچە قاشتىن سىيرىلماقچى بولدۇم. دەريا سۈيى يۇمۇق كۆزۈمگە زۇمرەتتەك سۈزۈك، ئۇنىڭ ئاستى بولسا جەننەتتەك تىنچ ۋە ئارامبەخش بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ يەر تەڭداشسىز گۈزەل ئىدى. ھەر تەرەپكە توختىماي ئۈزۈپ باققان ھالەتتىمۇ ھۇدۇدىنى بىلىپ بولمايتتى. سۇ ئىنتايىن سۈزۈك ئىدى. ئۇنىڭ باغرى ماموقتەك يۇمشاق، ئىسسىق ۋە ھۇزۇرلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتىم. ئاشۇ چوڭقۇرلۇقتا مەن كۈتكەن گۈزەللىك، مەن ئىزدىگەن ھەقىقانىيەت تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تەساۋۋۇرۇمدىكى تەكتىگە يېتىشىم ئاسان ئەمەس ئىدى. لېكىن كۈچ بىلەن سەكرىسەملا ھەممە ئىش ھەل بولاتتى: كۈچلۈك قاينام مېنى ئۆزىگە تارتىپ، كۆزلىگەن چوڭقۇرلۇققا باشلاپ كىرەتتى. مەن قاينام بىلەن ئېلىشمايتتىم، ئەكسىچە ئۆزۈمنى ئۇنىڭ مەيلىگە قويۇپ بېرەتتىم.

مەن كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ ئاستا سىيرىلدىم. پەقەت پەسكە قاراپ سىيرىلىۋاتقانلىقىمنى، ئازابسىز دۇنياغا يەتمەكچى بولغانلىقىمنىلا بىلىمەن. دەل شۇ چاغدا قاياقتىندۇر تەسىرلىك بىر كۈي ئاڭلاندى. بۇنداق كۈينى مەن ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. ئۇنى ئاڭلاپ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمنى تولۇق ئېيتىپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى زادىلا تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن! ئۇ كۈينى مەن توختاپ ئاڭلىدىممۇ ياكى سىيرىلىپ چۈشۈۋېتىپمۇ، بىلمەيمەن. لېكىن شۇنى جەزملەشتۈرەلەيمەنكى، شۇ چاغدا كارامەت بىر مۆجىزە يۈز بەرگەنىدى. مېنى مەھلىيا قىلغان، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە روھىي ئالىمىمدە ئۆزگىچە تەپەككۇر ئويغاتقان بۇ سېھىرلىك كۈي سىزنىڭ ئىسكىرىپكىڭىزدىن يېيىلىپ كەلگەنىدى. بۇ سىزنىڭ ئىسكىرىپكىڭىز ئىدى! مەن ھېلىغىچە ئاڭلاۋاتقان، مېنىڭ سىردىشىمغا، ھەمراھىمغا ئايلىنىپ كەتكەن، مېنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئىسكىرىپكا ئىدى! ئىسكىرىپكا ئاۋازى يېقىنلا يەردىن ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن ھاياتقا، تەبىئەتكە بولغان مۇھەببەت، پانىي ئالەمنىڭ خۇۋلۇق، گۈزەللىكى توغرىسىدىكى قەسىدىلەر ئاجايىپ يارقىن ئاھاڭلار ئارقىلىق ئەتراپقا تارالماقتا ئىدى. بۇ ھاياتنى ئۇلۇغلاش توغرىسىدىكى، ئانا زېمىننى

قوغداش، قەدىرلەش ھەققىدىكى لىرىك كۈي ئىدى! ئۇ ناھايىتى زىل، مۇڭلۇق، لەرزان چېلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭدا چۈشكۈنلۈك، يۈز ئۆرۈش پۇراقلىرىدىن زەررىچە تاپقىلى بولمايتتى. كۈي خۇددى ماڭا قارىتىپ چېلىنىۋاتقاندەكلا قىلاتتى. يەنە كېلىپ بارغانچە تېتىكلىشىپ كېتىۋاتاتتى. دەريا سۈيى شاۋقۇنلايتتى. ھېلىلا تىنچسىز ئېقىۋاتقان قانلىرىم ئەمدىلىكتە شاۋقۇنلۇق سۇدەك تومۇر-تومۇرلىرىمغا كۈچ بىلەن ئۇرۇلاتتى. ئىسكىرىپكىدىن كېلىۋاتقان جەلپكارانە كۈي كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن سېزىلمەس يۈرىكىمنى يۇمشاق سىلايتتى. ھەر بىر ئۇدار بىر غايىب قول بولۇپ مېنى ئاستا-ئاستا ئۆزىگە تارتاتتى. كۈچسىز يۈرىكىمنى، زەئىپ روھىمنى، بىھوش ۋۇجۇدۇمنى ئەركىلىتەتتى. مەن ئىسسىق قول، مېھرلىك بېغىرنىڭ يېقىملىق غىدىقلىشى بىلەن ھوشسىز ھۈجەيرىلىرى جانلىنىپ، پەي-مۇسكۇللىرى تىرىلىۋاتقان يېڭىچە بىر ۋۇجۇدنى كۆرۈۋاتاتتىم. كۆز ئالدىمدىكى مەن يېتىش ئالدىدا تۇرغان مەئىشەت دۇنياسى تۇمانلىق ئۆڭكۈردەك غۇۋالىشىپ كېتىۋاتاتتى. تىنىق ساناپ قورقۇنچلۇق بىلىنمەكتە ئىدى.

كۆڭۈل ئېكرانىمدا مەن سەسكەنگەن دۇنيا! ئۇ كېڭەيگەن ھالەتتە، گۈزەل تۇستە تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدىن مۇھەببەت، مېھربانلىق، ۋاپادارلىق يېغىپ تۇراتتى!

ئارقامغا قانداق يانغىنىمنى بىلمەيمەن. كۈي قوينىدىن سوزۇلۇپ چىققىنىمدا قاشتىن خېلىلا يىراقتا تۇراتتىم. ئەمدىكى كۆزۈمدە ھەممە نەرسە باشقىچە: دەريا يەنىلا بۇرۇنقى جانسىز دەريا. ھېسسىياتسىز، پەردازسىز، ئۇنىڭ تەكتىدە ۋىسال شادلىقى، مەئىشەت ھۇزۇرى دېگەنلەر باردەك ئەمەس. ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتقۇم كەلمەيدۇ. قەلبىمدىكى قۇدرەتلىك ئازاب بىر يولىلا ئۇنتۇلغان. مەن سىقىلغان بۇ دۇنيا شۇنچە كەڭ، شۇنچە گۈزەل، خۇددى مەن سىزىپ قانمىغان چاغلاردىكىدەك. ئەس-يادىم بىرلا نۇقتىدا: ئىسكىرىپكا چالغان قىز كىم؟

ھەيران قالماڭ، سائادەت، ئىسكىرىپكا چالغۇچىنىڭ قىز ئىكەنلىكى كۆڭلۈمگە ئايان بولغانىدى. ئۇ چوقۇم قىز. بالا بولۇشى كېرەكتەك بىلىنگەنىدى. مېنىڭچە، قىزلارلا، پەقەت سىزدەك قىزلارلا مۇشۇنداق مۇرەككەپ قاتلاملارغا، مۇشكۈل قايتىلانمىلارغا ئىگە تاتلىق، تەسىرلىك، غەيۇرانە تۇستىكى گۈزەل كۈيلەرنى يارىتالايتتى. بۇ كۈيدە سىزنىڭ، مۇڭلانغان ئەمما ئۈمىدۋارلىقنى يوقاتمىغان جاسارەتلىك بىر قىزنىڭ سىيماسى ئەكسلىنىپ تۇراتتى. ئۇ مېنى ياشاشقا ئۈندەيتتى. ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى قەلب تىلى ئارقىلىق شەرھلەيتتى. غەيرەتسىزلىكىمنى ئەيىبلەيتتى. ماڭا جۈرئەت ۋە ئىشەنچ بېغىشلايتتى. بۇ سىز ئىدىڭىز سائادەت. ماڭا ھاياتنىڭ قىممىتىنى قايتا تونۇتقان قىز سىز ئىدىڭىز. مەن سىزگە شۇ چاغدىلا مەھلىيا بولۇپ قالغانىدىم. سىزنى كۆرمەي تۇرۇپ ھەتتا سىزنىڭ قىز ياكى ئوغۇل ئىكەنلىكىڭىزنىمۇ بىلمەي تۇرۇپ سىزگە ئىنتىلگەنىدىم. تۇيغۇم سىزنى «قىز» دەپلا چاقىرلايتتى. شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمدا

ئۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. باشقىچە نەتىجىنى كۈتۈرەلمەيتتىم. مەن قىز بالىدىن ئازار يېگەنىدىم، يەنە قىز بالىلا ماڭا تەسەللى بېرەلەيتتى. ئاچچىق ئەسلىمىلىرىمنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ماڭا ئۈمىد، مەدەت ئاتا قىلالايتتى. پەقەت سىزلا شۇنداق قىلالايتتىڭىز، سائادەت!

شۇ چاغدا قاشتا ــ دەريادىن سەل يىراقتا تۇرۇپ، سىزنىڭ تەسىرلىك كۈيلىرىڭىزنى ئاڭلاۋېتىپ يەنە نېمىلەرنى ئويلىدىم دېمەمسىز؟ ئالدى بىلەن، مېنى ئالدىمىغان تۇيغۇمغا رەھمەت ئېيتتىم! دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان ئادەمدەك دەرياغا قايتىدىن قاراپ چىقتىم! يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چىداپ بولماس نومۇس ئوتى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. دەريا سۈيى قارىداپ كەتكەنىدى! ئۇنىڭ بېتىدە ھەممە تاشلاندۇقلار قىستىلىشىپ ئاقاتتى. ئەتراپ تېخىمۇ بەتتەر، خۇددى ئادەم ئاياغ باسماس بولۇپ قالغان، ئۇنتۇلغان ئەخلەت رايونىدەك. تېخى يېقىنغىچە دوستلار بىلەن مۇشۇ يەردە يەپ-ئىچىشىپ، ئۆزىمىزگە ئەمەك تېپىپ كەلگەن؛ سۇنىڭ پاكىز، سۈزۈكلىكىنى ماختاشقان؛ ھاراق، پىۋا، كونسېرۋا ... قۇتىلىرىنى ئۇنىڭ كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان سۈزۈك ئېتىكىگە چولتوكىشتىپ ئېتىپ، كۆڭلىمىزنى شاد ئېتىشكەن ئەمەسمىدۇق؟ بۇ يەردە كۆڭۈل ئاچىدىغان ياشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتىغۇ؟ دەرياغا نېمە بولدى، كۈندە كېلىدىغان ئادەملەر قېنى؟

ئىسكىرىپكىڭىز دەريا ھەققىدە سۆزلەۋاتقاندەك قىلاتتى. جۇشقۇنلۇق ئارىلىشىپ كەلگەن كۈيلىرىڭىز ماڭا بىردىنلا تېخىمۇ مۇڭلۇق تۇيۇلۇپ كەتتى. سىزمۇ دەريا توغرىسىدا ئويلاۋاتامسىز؟ كۈيلىرىڭىزدىن بىلىنىۋاتقان ھەسرەت شۇنىڭ بېشارىتىمىدى؟ سىز بۇنى خېلى بۇرۇنلا سېزىپ يەتكەنمۇ؟ شۇ تاپتا مەن كىم؟ دەردىسىز پاراغەت، مەۋھۇم گۈزەللىك ئىزدەپ ھاياتتىن جۇدا بولۇش خىيالىغا قانداق كېلىپ قالدى؟ مەن سىزغان دەريا مۇشۇ ئەمەسمىدى، مېنى بىرىنچى دەرىجىگە ئېرىشتۈرگەن «بوستانلىق ساھىل» مۇشۇ ئەمەسمىدى؟ قېنى، ئۇ بوستانلىق؟ دەريا مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالغۇچە مەن نېمىشقا كۆرمىدىم؟ گۈللىنىشىنى سىزىپ، ھالاكىتىنى سىزالمايدىغان، كۆز ئالدىدا تۇرسىمۇ كۆرەلمەيدىغان قانداق رەسسام مەن؟ مېنىڭ نەرىم سەنئەتكار؟ شۇلارنى ئويلىسام نومۇس قىلىمەن ئۆزۈمدىن.

يېقىملىق كۈيلىرىڭىز ھېلىغىچە سېھرىي كۈچى بىلەن مېنى سىزگە باغلاپ كەلدى. مۇزىكىغا ئايلانغان گۈزەل ئارزۇلىرىڭىز بىلەن مۇزىكىلاشقان شېرىن ئىستەكلىرىمنى ئۆز ئارا ئۇچراشتۇرۇپ، ئورتاق بىر بوشلۇقتا تارىلىدىغان، بىر قەلبكە سىڭىپ كىرىدىغان، ئاجرالماس-ئايرىلماس كۈي پۈتۈنلۈكى ھاسىل قىلدى. روھىمىز بىپايان بوشلۇقتا مۇزىكا شەكلىدە ئۇچراشتى. ئوخشىمىغان چالغۇدىن تارالغان ئوخشاش رىتىملىق، ماس ئۇدارلىق كۈيلەر مۇستەھكەم بىرىكتى. ئۇلارنىڭ بىرىسىز يەنە بىرى گۈزەللىك پەللىسىگە يېتەلمەيتتى. سېھرىي تەسىرىنى يوقىتىپ قوياتتى.

كۆڭلەر ئۆتكەنسېرى كۈيىگۈزسىز ياشىيالماس بولۇپ قالدىم. سىزنىمۇ يىراقتىن كۆرۈپ تۇردۇم. ئەمما، ماڭا نەزەر سالىدىغاندەكمۇ قىلمايتتىڭىز. مەن تەرەپكە — يىراق قىرغاقلارغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق تىكىلىپ قارايتتىڭىزيۇ، مېنى كۆرمىگەندەك ئۈنسىز، ئىپادىسىز تۇرۇپ كېتەتتىڭىز. بىلمەن، مۇزىكا چېلىۋاتقان ئادەم ئۆز روھىنى ھەر بىر ئۇدارغا سىڭدۈرۈپ، كۈينىڭ قات-قېتىغا شۇڭغۇپ كىرگەن چېغىدا پۈتكۈل ئەس-يادى، خىيالى، تەپەككۇرى، ئارزۇ-غايىلىرى مۇزىكىلىشىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى، سېزىمى — بارلىقى يۈكسەك بىر كۈي پەللىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ-دە، شۇ كۈي قېتىدىكى گۈزەل-غايىۋى سىيمالاردىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرمەيدۇ. بۇ بىر قانۇنىيەت! بەلكى سىزمۇ شۇنداق بىر مەنىۋى ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرۈپ، سەنئەت سېھرى ئاپىرىدە قىلغان روھىي سەكرەش ھالەتلىرىگە ئەسىر بولۇۋاتقانسىز. شۇڭا سىزنى چۈشىنىمەن. سىزنىڭ ماڭا نەزەر سېلىشىڭىزنى، قايرىلىپ بىر قارىشىڭىزنى شۇقەدەر كۈتسەممۇ، ماڭا شۇنچىكى دىققەت قىلىپمۇ قويمىغان سىزنى يەنىلا چۈشىنىمەن، سائادەت!

ئاڭلىسام، سىزنى ئەمما دېيىشىدىكەن. بۇ مۇمكىنمۇ؟ شۇڭلاشقا مېنى كۆرمىگەنسىزمۇ؟ سىزدەك بىر قىزنىڭ، سىزگە ئوخشاش تۇرقىدىن كۈي تۆكۈلىدىغان خىسلەتلىك پەرىزاتنىڭ ئەمما يارىتىلىشى ئەقىلگە سىغامدۇ؟ شۇنداق دېيىلگەن ھالەتتە بۇ كەمنىڭ سەۋەنلىكى، تەگرىنىڭمۇ؟ مەن ئىشەنمەيمەن! ئۆزىڭىز كۈيلەۋاتقان بۇ گۈزەل دۇنيانى كۆرەلمەيدىغانلىقىڭىزغا زىنھار ئىشەنمەيمەن. سائادەت! ئەمما بولغان ھالەتتىمۇ كۆرەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن ئەمەس! خەقلەرنىڭ دېمەكچى بولغىنى كۆزىڭىزغۇ، پەقەت ئاشۇ كۆزلىغۇ! كۆزىڭىز شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ يەنە قەلب كۆزىڭىز، تەڭداشسىز مۇزىكا سېزىمىڭىز، سىزنى يىراق-يىراقلارغا باشلاپ بارىدىغان گۈزەل كۈيلىرىڭىز بارغۇ؟ ئەھۋالىڭىز خەقلەر دېگەندىن ئېغىر بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا سىزنى سۆيىمەن. قەلبىڭىزگە مەلھەم، كۆزىڭىزگە نۇر، جىسمىڭىزغا قۇۋۋەت بولىمەن، سائادەت! چۈنكى سىز مېنى قۇتقۇزدىڭىز، يورۇق دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇردىڭىز...

قار لەپىلدەپ ياغماقتا ئىدى. ئۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. مۇشۇ پېتىچە توختىماي ياغىدىغاندەك، ئەبەدىي توختىمايدىغاندەك قىلاتتى. كۆك ئاق، زېمىن ئاق، زېمىندىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان نەي ئاۋازىمۇ ئاپئاق ئىدى.

سوغۇق شامال قارلارنى ئۇچۇراتتى. يۈزلىرىم سوغۇق زەربىسىدىن قېتىپ قالغانىدى. تال-تال كىرپىكلىرىمگە قېلىن قىراۋ قونغان، چاناقلىرىم ۋىژىلداپ ئېچىشاتتى. سۇرمىلىك قاپاقلىرىم ئېغىرلىشىپ، قارىچۇقلىرىمنى توسۇۋېلىشقا ئالدىرايتتى. ئۈيۈشقان بەدەنلىرىم غال-غال تىترەيتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم سېزىمىنى، تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ بارماقتا ئىدى. ئەمما سەن كامالچىنى سىلىق ھالدا ھەريان يورغىلىتاتتىڭ. قار، شۇۋۇرغان دېگەنلەرنى سەزمىگەندەك قىلاتتىڭ. چىرايىڭدىن ئېنىق بىر ئىپادىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. مۈرەڭگە يېيىلىپ تۇرىدىغان دولقۇنلۇق چاچلىرىڭ ئاقارغان. مۈرەڭ ئاق، بىلەكلىرىڭ

ئاق، ئىسكىرىپكا يۈزى ۋە ئۇنى قىسقان ئىگەكلىرىڭمۇ ئاق...

سوغۇقنىڭ تەسىرىمىكىن ياكى نەي ئاۋازى قوزغاتقان ھاياجانلىق ئىز، تەسەۋۋۇرلارنىڭ غىدىقلىشىمىكىن، ئەيتاۋۇر كۆزۈڭ بىلىنەرلىك نەملەنگەنىدى. مېنى قىزىقتۇرۇۋاتقان بۇ كۈينىڭ، ياق، بۇ سېھرىلىك خەتنىڭ ساڭا تەسىر قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن سەن يەنىلا جىمجىت، ئىپادىسىز ئىدىڭ. كۈلمەيتتىڭ، ئاچچىقلانمايتتىڭ. سەندىن سېزىلىۋاتقىنى خىيالچانلىق، تۈگىمەس مۇڭ. خۇددى بوۋاق ۋاقتىڭدىكىدەك. شۇ تاپتا نېمىنى ئويلاۋاتقانسەن بالام، يەنە نېمىلەر توغرىسىدا خىيال قىلىۋاتقانسەن جېنىم قىزىم! ئاڭلا، بۇ سەن توغرۇلۇق يېزىلغان خەت، ساڭا ئىزھار قىلىنغان مۇھەببەت كۈيى! ئېھ، بالام، يۈرەك پارىم، ئۆز ھالىڭدىن ئازابلىنىۋاتسەن-ھە؟ ئەمىسە نېمىشقا بۇ ھەقتە ماڭا بىرەر قېتىممۇ زارلىنىپ باقمىدىڭ؟ مەن، سېنى زادى قاچان چۈشىنىمەن، ئوبدان قىزىم؟ ساڭا نېمىلەرنى قىلىپ بېرىشىم كېرەك، قانداق قىلسام خۇش بولىسەن، كۈلىسەن؟ ئانىلىق كۆزۈم بىلەن سىرلىق قەلبىڭنى كۆرگۈم بار. مۇمكىن بولسىدى، بىردەم بولسىمۇ ساڭا قوشۇلۇپ كەتسەم، جىسمىڭنىڭ بىر تەركىبىگە ئايلىنىپ، بۈيۈك تەساۋۋۇرلىرىڭغا، تۈگىمەس مۇڭلىرىڭغا شاھىت بولسام، سېنىڭ تومۇرۇڭدا ئېقىپ باقسام، سېنىڭ مېڭەڭدە ئويلاپ باقسام، سېنىڭ قەلبىڭدە مۇڭلىنىپ كۆرسەم! شۇ چاغدا سېنى چۈشىنەرمىدىم ياكى مەنمۇ مۇڭلىنىپ كېتەرمىدىم؟

بوۋاق چېغىڭدىلا مۇڭلۇق بالا ئىدىڭ. خۇددى بىرەر غايىب كۈچ كۈلمەسلىككە سېھرلەپ قويغاندەك ئاسانلىقچە كۈلمەيتتىڭ. بوقۇلداپ يىغلىغىنىڭنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. ئەگەر شۇ ھېساب بولىدىغان بولسا، سېنىڭ كۈلگەن ۋاقتىڭ... سېنىڭ يىغلىغان چېغىڭ... تۇغۇلغان كۈنۈڭ ئىدى. قورسىقىمدىكى پەيتىڭ مۆجىزىلىك بولغىنىدەك، يەرگە چۈشۈشۈڭمۇ ئاجايىپ غەلىتە بولدى. شۇ چاغدا ئىلىيا يېنىمدا ئىدى. قورسىقىم قاتتىق مۇجۇدى، دوۋۇسۇنۇمغا گۈرسىلدىتىپ ئۇسكەن ئاۋاز سىرتقىمۇ ئاڭلاندى. ئىلىيا چەكچىيىپ قالدى. مېنىڭ ۋايجانلىمىغىنىمغا ئۇمۇ ھەيران بولدى. سېستىرالار بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ، ئۈنسىز كۈلۈشەتتى. دوختۇر نېمە قىلارنى بىلمەي ساراسىمىگە چۈشتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىرچاغدا ئىڭەلەپ يىغلاشنىڭ ئورنىغا پىخىلداپ كۈلگىنىچە بالا يەرگە چۈشتى. ئۇ يەرگە چۈشۈپمۇ توختىماي كۈلدى. بىر كىشى غىدىقلىغاندەك، پەرىشتىلەر كۈلدۈرۈۋاتقاندەك تېلىقىپ-تېلىقىپ كۈلدى. ئۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ توختىتالمىدۇق. شۇ كۈلگىنىچە توپتوغرا بىر كۈن كۈلدى. ئېغىزلاندۇرۇپ باقتىم، ئەمچەك سېلىپ كۆردۈم، ئامال بولمىدى. لوقمىنى سالسام چىقىرىۋېتىپ كۈلدى، ئەمچەك تەڭلىسەم ئېمىپ تۇرۇپ كۈلدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئىلىيا ئۇنئالغۇنى بوش قويۇپ قويدى. سىملىق چالغۇ بىلەن ئورۇندالغان يېنىك بىر مۇزىكا ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ كۈلكە بېسىقتى. سېنىڭ كۈلكەڭ شۇ چاغدا بېسىقتى، قىزىم! ئەمما بۇنىڭ ئاخىرقى كۈلكەڭ ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي؟ مۇزىكا تۈگىشى بىلەن بىردىنلا قاتتىق يىغلاپ

كەتتىڭ. بىر كۈن كۈلگىنىڭگە قاراپ، سېنى بۇنچىلىك يىغلاپ كېتەر دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. ئاۋازىڭ نورمال بوۋاق بالىنىڭكىگە ئوخشايتتى. تېلىقىشىڭ ئۆسمۈرنى، بوقۇلدىشىڭ قىران دەردمەننى، تارام-تارام ياش تۆكۈشۈڭ جاھانكەزدى بېشارەتچىنى ئەسلىتەتتى. شۇ تەرىقىدە بىر كېچە يىغلىدىڭ، ئۇخلىمىدىڭ، بىزنىمۇ ئۇخلاتمىدىڭ. نېمە تەسىر قىلغانلىقىنى بىلمىدىم، يىغاڭمۇ ئاخىر بېسىقتى، تاڭ بىلەن تەڭ بېسىقتى، قىزىم! بۇمۇ سېنىڭ ئاخىرقى، ئەڭ ئاخىرقى بوقۇلداپ يىغلىشىڭ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلمىغانىكەنمەن. مانا ئەمدى سەن ئارقىلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشىنىۋاتقاندەك قىلىمەن. سېنىڭ جىمغۇرلۇق ئاستىدىكى ئۈنسىز جاۋابلىرىڭ، كۈيلىرىڭ ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتقان سىرلىق مۇلاھىزىلىرىڭ مېنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. بولمىسا بۇ يەرگە چىقارمىدىم؟ باشقىلارغا ۋەدە بېرىپ تۇرۇپ يەنە تانسا-تىياتىرلاردىن كېچىپ، كۈيۈڭگە مەھلىيا بولۇپ يۈرەرمىدىم؟ ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمدى سوراپ باقايچۇ قىزىم، سەن تۇغۇلغان چاغدا نېمىشقا كۈلۈپ كەتكەنىدىڭ؟ ئىنسان بالىسى يورۇق دۇنياغا يىغلاپ كۆز ئاچاتتىغۇ؟ شۇ چاغدا سېنى كىم كۈلدۈرگەن، نېمىگە شۇنچە خۇش بولۇپ كەتكەنىدىڭ؟ مۇزىكىنى ئاڭلاپلا يەنە نېمىشقا يىغلىدىڭ؟ شۇ چاغدا سەن مۇزىكا دېگەن نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمتىڭ؟ ئۇنى بىر ئاز بولسىمۇ چۈشىنەمتىڭ؟ بۇلار ماڭا ھېلىغىچە بىر تېپىشماقتەك بىلىنىدۇ. لېكىن سېنىڭ كۆرسەتىدىغان مۆجىزىلىرىڭ بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىگەنىدى. قىرقىڭغا توشمىغان بولساڭمۇ زادىلا يىغلىمايتتىڭ. ئۈنئالغۇدا مۇزىكا قويۇپ قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېلىقى ۋاقىتتا — تۇنجى كۈنىلا ھېس قىلغانىدۇق. شۇڭا، مۇزىكا سېنىڭ ھەمراھىڭ ئىدى. بولۇپمۇ قەدىمي، موڭلۇق مۇزىكىلار دىققىتىڭنى ئالاھىدە تارتاتتى. بۇنداق چاغدا پۇت-قوللىرىڭ ئويناپ كېتەتتى. كىچىككىنە، مىلىقلاپ تۇرىدىغان چاچسىز بېشىڭ ماس ھالدا ئىككى تەرەپكە يەڭگىل تەۋرىنەتتى. يەنە كېلىپ بۇ ھەرىكەتلىرىڭ خالىغانچە ئەمەس، رىتىملىق، مۇزىكا ئۇدارىغا ئەگىشىپ تۇرۇپ داۋاملىشاتتى. مۇزىكا توختىسا پۇت-قوللىرىڭمۇ جىمىپ قالاتتى. خېلى كۆپ ئاھاڭلار، بولۇپمۇ موماڭ ئىڭشىپ ئېيتىدىغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قەدىمي، ھازىرقى كۈندە ئاندا-ساندا ئېيتىلىدىغان ئاھاڭلارنىڭ سىملىق چالغۇدا چېلىنغانلىرى قويۇپ بېرىلىدىغان بولسا، پۈتۈن ئەزايىڭ قىمىرلاپ كېتەتتى. بۇنداق ۋاقىتتا سېنىڭ خۇش بولغانلىقىڭنى سېزىپ تۇرساقمۇ، كۈلگىنىڭنى كۆرەلمەيتتۇق. مۇزىكا قويۇپ بەرمىگەن چاغلاردا قوشۇقتەك يۈزۈڭنى چۆچۈرىدەك ئالقىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئۈن-تىنسىز ھالدا يېنىچە ياتاتتىڭ ياكى تورۇسقا تىكىلگىنىڭچە نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىپ كېتەتتىڭ. نېمىلەرنى ئويلايتتىڭ؟ كىچىككىنە بولغىنىڭغا قارىماي سېنى شۇنچىۋالا ئويغا سالغان نېمە بولغىيدى؟ ھايات مۆئەممالىرى، تۇرمۇش مۇشكۇلاتلىرى، ئىنسانلار دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ ۋە مۇشكۈل مۇناسىۋەت، ئالەمنىڭ سىر-ھېكمەتلىرى توغرىسىدىكى ئايىغى چىقماس خىياللارغا بەند بولۇشۇڭ

مۇمكىنمىدى؟ ئېيتقىنا قىزىم، شۇ قەدەر مۇڭلىنىپ كەتكۈدەك نېمە دەرد كەلگەنىدى ساڭا؟ قىرىق كۈنگە توشمىغان بالىغا شۇنچىلىك ئەقىل ھەم ئاڭنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقى بىزنى ئويغا سالاتتى. پات-پاتلا توغقىنىم ئادەممۇ ياكى... دەپ ئۆز-ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ قالاتتىم. كۆزلىرىڭ يوغان-يوغان ئىدى. دېڭىزدەك كۆك قارىچۇقلىرىڭ گويا بىر نۇقتىغا باغلىنىپ قالغاندەك تىنچ-ھەرىكەتسىز تۇراتتى. قاپقارا ۋە ئىنچىكە قاشلىرىڭ تال-تال كىرپىكلىرىڭ بىلەن قوشۇلۇپ تىنىق كۆزلىرىڭنى تېخىمۇ سىرلىق كۆرسىتەتتى. ئېگىزگىنە قاڭشىرىڭ، چىرايلىققىنا ئېغىزىڭ، گۈرۈچتەك ئۇششاق ۋە ئاپئاق چىشلىرىڭ... سېنىڭ تۇرقۇڭمۇ بىر مۆجىزە ئىدى. بېشىڭنىڭ چاچسىزلىقى ئېھۋەن ھېسابلانمايدىغانلا بولسا، تېرەڭنىڭ ئاپئاق ۋە سۈزۈكلۈكى، پۇتكۈل بەدىنىڭنىڭ بويىرۇتۇپ قۇيىۋرۇۋالغاندەك يۇماق ھەم بودرۇقلۇقى رىۋايەتلەردىكى پەرىزات بوۋاقلارنى ئەسلىتەتتى. مەن باشقىلارنىڭ تۇغۇتى ئۈستىدە تۇرۇپ باقمىغان. بوۋاقلارنىڭ بۇنچىلىك چىرايلىق تۇغۇلىدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ كۆرمەپتىكەنمەن. ئۆزىنىڭ بالىسى شۇنداق كۆرۈنۈپ كېتەمدىغاندۇ-يا؟ «ئانىسى چىرايلىقنىڭ بالىسى چىرايلىق» دەپتىكەن كىشىلەر. ئەسلىدە مەنمۇ راستىنلا چىرايلىق بولسام كېرەك.

تىكلىمە ئەينەكتە بىر ئايال، ياق، گۈزەل بىرقىز ماڭا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدە سېھىرلىك نۇرلار جىلۋە قىلاتتى. سۇس ۋە يارشىملىق بويالغان نېپىز لەۋلىرىدە يېقىملىق، ئىسسىق كۈلكە ئوينايتتى. تېگى-تېگىدىن نۇر ۋە ھارارەت يېغىپ تۇرىدىغان سۈتتەك سۈزۈك چىرايى، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدىغان بىر جۈپ زىننىقى، ھىلال ئايدەك قېشى، دولقۇنلۇق چېچى، بولاقتەك كۆزى، ئويماقتەك ئېغىزى... قايسىبىرىنى دەپ بولاي، ئۇنىڭ ھەممە يېرىلا گۈزەللىكنىڭ ئۆلگىسى! ئۇنىڭ كىيىملىرىمۇ شۇقەدەر يارىشىملىق: قىپقىزىل يوفايكىسىنى مىقىدە كۆتۈرۈپ تۇرغان چىرايلىق كۆكسى، تار ئىشتان كىيگەنلىكىدىن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدىغان ئەۋرىشىم بېلى، تولغان يوتىلىرى، زىلۋا بەدەنلىرى... ئاھ، گۈزەللىك، شۇ ياشتىكى ئاياللارنىڭ، ياق، تولغان قىزلارنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكى! ئۇنى ئەبەدىي شۇ پېتىچە ساقلاش مۇمكىن بولسا-ھە!

ئۆزۈمنى قىز ھالىتىمگە قايتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. مەن ھەقىقەتەن گۈزەللىشىپ كېتىپتىمەن. بۇ ئەينەككە تۇنجى قېتىم قارىشىم ئەمەس. لېكىن ئىلگىرىكى گۈزەل چىرايىم ھەسسىلەپ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ (ياق، قىزلارنىڭ دېگۈم كېلىپلا تۇرىدۇ) ھەممىسى مۇشۇنداق چىرايلىق بولۇپ كېتەمدىغاندۇ؟ مەن نېمانداق گۈزەللىشىپ كەتكەندىمەن؟

چىرايلىقلىقنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ماڭا تارتقانلىقىنى پەملەپ بولدۇم. بەزى جايلىرىڭ ھەتتا مېنىڭكىدىنمۇ چىرايلىق تۇراتتى. قىرىق كۈنگە توشماي تۇرۇپ شۇنداق بولغان يەردە، چوڭايغانسېرى ئۇ يەنە تولىدۇ، سۈزۈكلىشىدۇ، ھەسسىلەپ گۈزەللىك قونىدۇ!

ساڭا خاس بولمىغان ئەقلىڭدىن ھەيران قالساقمۇ، لېكىن ناھايىتى خۇشال ئىدۇق، بەس-بەستە بىر نېمە يېگۈزەتتۇق، مۇزىكا قويۇپ بېرەتتۇق، ساڭا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئويۇنچۇقلارنى قولۇڭغا تۇتقۇزاتتۇق. جىرىڭلىغۇچنى كۆزۈڭگە ئەكىلىپ جىرىڭلىتاتتۇق. سەن ھەممىگە قىزغىن ئىدىڭ-يۇ، كۆز ئالدىڭدىكى ئويۇنچۇقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن باشقا ئۇنىڭغا قولۇڭنى سوزمايتتىڭ، قولۇڭنى پەقەتلا سوزمايتتىڭ، قىزىم! كۈنلەر بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتتۈەردى. ئىپادىسىز كۆزلىرىڭ بىر ۋەھىمىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بېشارەت روشەنلىشىپ كەلدى. رېئاللىق ئايان بولدى: سەن ئەما ئىكەنسەن! ئاڭلاۋاتامسەن، جېنىم قىزىم، ئەما تۇغۇلغانىكەنسەن!

مەن ئىلىيادىن گۇمانلاندىم. ئۇنىڭ نەسلى شۇنداق بولمىسا، سەن ئەما تۇغۇلۇپ قالامتىڭ! مەن ئۇنىڭغا دۆڭگەيتتىم. ئۇ ئۆزىنى ئاقلايتتى. بۇ ئىش سىرتقا سىر ئۆتتۈلدى. ئەمما زىددىيىتىمىز شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى.

«ئەر دېگەن شۇنچىلىك نەرسە، ئايال بىرنى تۇغقاندىن كېيىن ئۇنى ئېشەك ئېتىپ مىندۇ». ئىختىيارسىزلا «يىلتىز ناخشىسى» نى ئورۇندىغان ئاخشام ئېسىمگە كېلىپ قالاتتى. «يىلتىز ناخشىسى» ئارقىلىق تونۇشقان قىزغىن، ياش شائىر ئىلىيا قېنى؟ مەن سۆيگەن، ماڭمۇ ئۆزىنى بېغىشلاش توغرىسىدا تالاي ۋەدىلەرنى بەرگەن ئارزۇيۇمدىكى تاللىشىم نەگە كەتتى؟ يوق! ئۇلار ئۆتمۈش، ھەممىسى تاتلىق چۈش! ئەمدىكى ماڭا قالغىنى، ئېنىقراق ئېيتسام، ماڭا ھەمراھ بولۇۋاتقىنى كىتابتىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان، يېزىشتىن ئۆزگە ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ئەبگار، قوپال، ھېسسىياتسىز، مۇھەببەتسىز بىر مەخلۇق! ئۇ، مەن قىزىققان جىمى نەرسىگە بىپەرۋا قارايدۇ. ھەممە نەرسىنى بىلىدىغان قىياپەتتە سۆزلەيدۇ. روھىي پاكلىق، ئىنسانىي بۇرچ، تەبىئەت، مۇھەببەت... تۇفى، گەپ دانلىقىڭغا! ئايالىڭ قىزىققانغا سۇس مۇئامىلە قىلىپ تۇرۇپ يەنە رومانتىك ۋەزخان بولغانىكەنسەن، دېمەك، سەن بۇزۇلغان، ئاللىقاچان ئۆزگەرگەن ئىكەنسەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق مەندىن رەنجىشكە نېمە ھەققىڭ بار؟

— سىزنىڭ ئورۇنداش ماھارىتىڭىزنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى «يىلتىز ناخشىسى» بوپقاپتىكەن. شۇنىڭدىن كېيىنلا چولپانلىقىڭىزمۇ ئاخىرلىشىپتۇ.

بۇ داداڭنىڭ گېپى بالام، سەن ئۈچ ياشقا كىرگەندە دېگەن گېپى. ئاڭلىدىڭمۇ، ئۇ ئۆيى ئىشلىرىدا مىس-مىس بولغىنى بىلەن ئادەمنى چېقىۋېلىشقا مۇشۇنداق ئۇستا، شۇڭا بىز غىژ-غىژلىشىپ كەلدۇق، توختىماي غىژ-غىژلىشىۋاتىمىز. كىم بىلىدۇ، يەنە قاچانغىچە...

ئىلىيا ماڭا سوغۇق مۇئامىلە قىلغىنى بىلەن سېنى بىردەم كۆرمىسە چىدىيالمايتتى. ئۇ سېنى كۆرۈپ تۇرالماسلىقتىن ئەنسىرەپ ھېچ يەرگە بارمايدىغان بولۇۋالدى. بۇۋاق ۋاقتىڭدا سەن مىنىپ ئولتۇرۇپ تىرىڭشىتىدىغان ئىسكىرىپكامنى قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ، ھەۋەسكار قىزلارغا شېئىر توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىنىدەك ئېرىنمەي ئولتۇرۇپ

چۈشەندۈرەتتى. ئۇنىڭ بەزى چۈشەندۈرۈشلىرى ئىلمىي ئەمەس ئىدى. ئۇنى مەن تۈزىتەي دەيتتىم-يۇ، كۆزۈمگە سەت كۆرۈنۈپ كەتكەن ئاشۇ بىر نېمىنى ئىلىيا ئالدىدا! تۇتقۇم كەلمەيتتى. ئۇ قاچانلا قارىسام تۇختىماي چۈشەندۈرەتتى. ئۆزىنىڭ ياخشى چاللالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ساقا چېلىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئەلۋەتتە تازا چۈشەنمەيتتىڭ. لېكىن، چۈشىنىۋاتقاندەك، ھەر بىر سۆزنى مېڭەڭگە تولۇقى بىلەن، ئەينەن ئورناشتۇرۇۋالماقچى بولغاندەك ئۈن-تىنسىز ھالدا ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ تۇرغىنىڭنى كۆرسەم ۋۇجۇدۇمغا ئاجايىپ بىر ئىسسىقلىق تارايتتى. سېنى باغرىمغا باسقۇم كېلەتتى!

— سىز ئىسكىيوپكا چايامامسىز؟ — دەپ سورىدىڭ، شۇنداق كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئىشتىن كېلىپ تۇرۇشۇمغىلا.

— ئەركىلىمەي گەپ قىلىڭ قىزىم، ئاپىڭىزمۇ چاللايدۇ، — دېدى ئىلىيا مېنىڭ ئورنۇمدا جاۋاب بەرگەچ بېشىڭنى سىلاپ.

ئىشتىن خاپىغان قايتقانلىقىم ئۈچۈن گەپ قىلغۇممۇ كەلمىدى. بىراق خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان چېغىمدا سوئالىڭ يەنە تەكرارلاندى.

— ئەمىشە نېمىشقا چېيىپ بەمەيدۇ؟

— چالغان! ئاپىڭىز دېگەن بۇنى چېلىشقا قالتىس ئۇستا، قىزىم. «يىلتىز ناخشىسى» دېگەن مۇزىكىنى ئاپىڭىز ئورۇندىغان. «يىلتىز ناخشىسى» دەپ بېقىڭا؟

— ژىلتىز... ياق، ئاپام چېيىپ بەشۇن. ماڭا كەمپوت بەگەن ئاچاشمۇ چايدىغۇ؟

— ئاچاش؟

ھارغىن مېڭەمگە قايتىدىن ئاغرىق كىرىپ كەتتى. ئۆزىنى ھەۋەسكار دەۋالغان بۇزۇقلار يەنە كەپتۇ-دە! ھە، ئىلىيا، ئۇستاز قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئىشقىۋاز ئەبگار. ئىدارىدىن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن قەۋەتلىك، يۇرۇشلەشكەن ئۆيگە بارغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋېلىشىڭدىكى سەۋەبنى ئەمدى بىلدىم. مۇشۇنچىلىك بالىنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتماي، ھېلىقىدەك... مەن ئۆي كۆچىمەن. ئەتىلا ئىدارىگە كۆچۈپ بېرىپ، ئىلىيا دېگەن بۇ شاللاقنىڭ ھازىرقىدەك كۆز-قۇلاقسىز تۇرۇشىغا پۇرسەت بەرمەيمەن!

ئۆي كۆچكەندىن كېيىن جېدەلىمىز تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. خۇددى مېنى مازاق قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك كېلىدىغان ھەۋەسكارلارنىڭ سانى كۈنساناپ كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇزۇق — ئەرلەر شاللاق، خوتۇن-قىزلار ئىشقىۋاز ئىدى. بولمىسا بۇنچىۋالا قىلىپ نېمە كەپتۇ، ئىلياقانچىلىك ئادەم؟ شېئىر دېگەن مەن بىلمەيدىغان نەرسىمىدى؟ ئىنستىتۇتتىكى چېغىمدا مەنمۇ دەسلەپتە ھەۋەسكار ئىدىم. مۇزىكا ھەۋەسكارى ئىدىم! ماڭا ئىسكرىپكا ئوقۇتقۇچىسى بولغان ھېلىقى قارا ماتاق مېنى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ ئاپىرىپ نېمىلەرنى قىلمىدى؟ كېيىن مېنى كىملەرگە تۇتۇپ بەرمىدى؟ ئاشۇ مۇئەللىممۇ دەسلەپتە ماڭا ئاكا، ئۇستازلارچە

مۇئامىلە قىلغان ئىدىڭغۇ؟ قىز ھەۋەسكارلارنى كۆرسەملا سەپرايىم ئۆرلەيتتى، ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىۋەتكۈم كېلەتتى. لېكىن قىزىم، دەل مۇشۇنداق چاغدا سەن داداڭغا ماسلىشىپ بەردىڭ. ئۇنىڭ دۇمبىقىنى چېلىپ، ئىشكىنى تۆت چىشلىق قىلدىڭ. مازار تېرەكتىكى ئۆيۈمگە كېتىمەن! سەن بۇ گەپنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ ئىدارىدىكى ئۆيىمىزگە كۆچكەن كۈندىن ئېتىبارەن مۇشۇ گەپنى دەپ كېلىۋاتىسەن، موماڭدىن قالغان، ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن «مازار تېرەك» ئەپسانىسى (موماڭ بۇنى ھېكايە دەيتتى) كاللاڭغا قانداق كىرىۋالدى؟ ئىلىيامۇ ساڭا شۇنى ئۆگىتىۋاتامدۇ؟

سېنىڭ غەلۋەڭ باشقا باللارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. باشقىلار يەيمەن دەپ يىغلىسا سەن «كېتىمەن» دەيتتىڭ. يەنە كېلىپ كۈن بويى شۇنداق دەپ تۇرۇۋالاتتىڭ. سېنى ئۇ يەرگە بىر كىشى ئاپىرىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭغا سەن يەنىلا داداڭنى تاللىدىڭ! شۇڭا دەيمەن، سەن داداڭغا باھانە تېپىپ بەردىڭ، ئۇنىڭ ئويناپ-كۈلۈشكە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردىڭ، قىزىم! داداڭنىڭ گېپىمۇ راسا چىرايلىق: «كونا ئۆيگە بېرىپ مازار تېرەك ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى رەتلەپ كىتاب قىلىمەن».

ھەر ئىككىڭلار مۇرادىڭلارغا يەتتىڭلار. كەسپىي يازغۇچى دېگەن بىكارچىلا نېمىكەن. ئۇ سېنى كۈندە ئەتىگەنلا ۋېلسىپىتقا مىندۈرۈپ ئېلىپ كېتىدۇ، ئاخشىمى بەكلا كەچ كېلىسىلەر. ئىلىياغۇ موماڭنىڭ مومىسىدىن قالغان شۇ ئەپقاچتى رىۋايەت بىلەن ھەپىلەشسۇن، سەنچۇ؟

داداڭنىڭ كېچە-كېچىلەپ قەلەمنى چىشلەپ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرى ئۇنىڭ كۈندۈزى كونا ئۆيدە بىر نەرسە يازمايدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. كۈندۈزى يازغان بولسا كېچىسى يەتە ئىشلەپ يۈرەرمىدى؟ ئۇ ئىسكىرىپكامنى قولۇمغا قايتا ئېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ھە دېسىلا «يىلتىز ناخشىسى» دەك مۇزىكىلارنى يەنە چېلىڭ، «تېرىكىم» ئاھاڭىنى رەتلەپ چىقىڭ، دەيدۇ. ئۆزى بولسا ئوغرى مۈشۈكتەك كېچىسى مېڭىپ يۈرىدۇ. يېزىش ئۆيىدىكى ئۈستەلگە مۈشتلەيدۇ، ئۇزاقتىن-ئۇزاق دېكلاماتسىيە قىلىپ ئۇيقۇمنى قاچۇرىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ دېكلاماتسىيىسىگە ئەگىشىپ خىيالىم يىراق-يىراقلارغا كېتىدۇ. «يىلتىز ناخشىسى» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ زىلزىلە پەيدا قىلغان چاغلىرىم ئېسىمگە چۈشىدۇ. تەساۋۋۇر قۇشلىرىم «تېرىكىم» ئاھاڭىغا تولۇپ بېرىۋاتقان، «مازار تېرەك» ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقان ئانامنى ئىزدەپ تاپىدۇ. ئانام تېخىمۇ مېھرىبان، باغرى يۇمشاق كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغان پەرىشتە سۈپەت ئايال بولۇپ كۆرۈنىدۇ. شۇنداق، ئۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلەتتى-يۇ ساۋاتسىز ئىدى. شۇ چاغدىكى ئېڭىمدا ئۇ دىلى ئەما ئانا ھېسابلىناتتى. ئىلىيا قايتا-قايتا دېكلاماتسىيە قىلغانسېرى ئانامغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىم كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىلگىرى مەن ياقتۇرمايدىغان «مازار تېرەك»، «تېرىكىم» دېگەندەك ناملار بىلەن ھېكايە-كۈيلەرنى ئېيتىپ بېرىۋاتقان ۋاقتىدىكى چىرايى

ناھايىتى ئېنىق، يەۋاتقان ئېشىمدەكلا ئېنىق ھالەتتە كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. دېكلاماتسىيىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئىسسىق، يۇمشاق كۆكسىگە بېشىمنى قوياتتىم. ئېغىزىدىن چىققانلىرىنى تولۇق ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن قۇلىقىمنى ئۇنىڭ ئېغىزىغا يېقىپ دېگۈدەك تۇراتتىم. ھېكايە بىرىنىڭ كەينىدىن-بىرى ئېيتىلىۋېرەتتى. ئىلىيانىڭ دېكلاماتسىيىسى قايتىلىنىپ تۇراتتى. دېكلاماتسىيە «مازار تېرەك» توغرىسىدا بولۇۋاتامدۇ ياكى «مازار تېرەك» ئانام تەرىپىدىن دېكلاماتسىيە قىلىنغانمۇ، سېزەلمەيتتىم. ئىدارە باشلىقىمىز، ئىلىيا بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەن يامغۇرلۇق ئاخشام، ئىنىستىتۇت قوينىدىكى تىزگىنسىز مەزگىلىم، دىلى ئەما موماڭنىڭ ئەكسىچە كۆزى ئاجىز يارالغان سەن... توغرۇلۇق پىكىر قىلاتتىم. شۇنداق كېچىلىرى ئىلىيانى تونۇيالماي قالاتتىم. ئۇ بىردىنلا زالنىڭ ئالدىنقى رېتىدە ماڭا تىكىلىپ ئولتۇرغان ھېسسىياتچان شائىر، دۇنيا، ئىنسانىيەت ھەققىدە تەپەككۇر قىلىۋاتقان جاپاكەش پەيلاسوپ، ئەجداد روھىنى شېئىر ئارقىلىق روھىمىزغا تۇتاشتۇرۇۋاتقان مۇتەپەككۇر، بارلىق گۈزەللىكنى ئۇنىڭ يىلتىزىغا باغلاپ شەرھلەيدىغان «يىلتىزشۇناس»، شېئىر بىلەن مۇزىكىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ سەنئەتنىڭ ئالىي شەكلىنى ئاپىرىدە قىلالايدىغان ھارماس سەنئەتكار بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. چۈش بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ پىكىرلەرنىڭ قايسىسى ئوڭۇمدا پەيدا بولدى، قايسىسى ئەينەن چۈشۈم ئىكەنلىكىنى زادىلا ئايرىيالمايتتىم. ئۇيقۇم ئېچىلغاندىن كېيىن ئاجايىپ غەلىتە چۈشلەرنى كۆرۈپتىمەن، دەپ قالاتتىم. ئىلىيا بىلەن ئىككىڭلارنىڭ كونا ئۆيىمىزدىن ئەگىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىڭلارغا ئاچچىقىم كېلەتتى. يەنە كېلىپ، پات-پاتلا ئۇ يەردە قونۇۋالاتتىڭلار. سىلەر كەمدىدار بولغانسېرى «دېكلاماتسىيە چۈشى» نى تولا كۆرۈپ كېتىۋاتاتتىم، مېنى بىر كۈن كۆرمىسە تۇرالمايدىغان ئىدارە باشلىقىمىزنىڭ مېنى يەنە بىر بالداق ئۆستۈرىدىغانلىق توغرىسىدىكى ۋەدىلىرىمۇ كېچە-كېچىلەپ داۋاملىشاتتى.

ئىدارە باشلىقىمىز ئارتىسقا لايىق سۆلىتى بار ئادەم ئىدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەن چېغىمدىمۇ ئۇ ماڭا ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىپ سەنئەت ئۆمەككە تەقسىم قىلدۇرۇپ قويغان. شۇنىڭدىن كېيىنلا مۇناسىۋىتىمىز تېخىمۇ قويۇقلىشىپ كەتتى. باشقىلار مېنى كۆرەلمەيتتى. ئۇلار ھەسەت قىلغانسېرى كۆزىدىن ئوت چاقنىتىۋەتكۈم كېلەتتى. باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشنى ئويلىغان ئادەم خەقنىڭ نوپۇزى ئۈچۈن كەتمەن چاپسا بولامدۇ؟ ماڭا ماڭلىيىدا قازاپ يۈرگەن ناخشىچى، ئۇسسۇلچى دېگەن شۇ نېمىلەرگە ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئىسكىرىپكا چېلىپ بېرەمتىم؟ ئىسكىرىپكا دېگەن قانچىلىك نېمىدى، ئۇنى تىلەمچىلەرمۇ چېلىپ يۈرمەمدۇ؟ سەنئەت كاساتلاشقان بۇ دەۋردە ئىسكىرىپكا دېگەننىڭ نېمە قەدرى بولسۇن؟ چالمايمەن!

ئىلىيا بىلەن ئىككىڭلار كونا ئۆيىمىزدە قونۇپ قالغان كۈننىڭ بىر كېچىسى ئىدارە باشلىقىمىز بۇ تەلىپىمگىمۇ قوشۇلدى، ھەتتا ئىككى ئاي ئىش تاشلىغىنىم ئۈچۈن ئىشتىن بوشىتىۋەتمەكچى بولغان ئۆمەك باشلىقىنى «ئىختىساس ئىگىلىرىنى خارلىغان» دەپ

بۇرنى-قۇلىقىغىچە تويغۇزۇپ، مېنى ئاممۇى سەنئەت سارىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈۋەتتى. ئۇمەكتىكى ھەسەتخور سەتەڭلەر ھەيران قېلىشتى. ماڭا كۆكتىكى يۇلتۇزغا قارىغاندەك بويۇنداپ قاراشتى. ئاھ، سېمىز، ھارارىتى، ۋەزنى بار ئاپئاق بەدەن! ئۇ، مېنى قۇتقۇزدى. زېرىكىشلىك ئۇسكرىپكىدىن ئازاد قىلىۋەتتى. شېئىر چىقىدىغان كىچىك، تەسەۋۋۇرلۇق باشقا سىلىشتۇرغاندا تەر چىقىدىغان يوغان، تاجلىق بۇ باش نېمىدېگەن قۇدرەتلىك ھە! مەن ئەمدى باشلىق بولدۇم، باشلىق! مەدەنىيەت ئىدارىمىزنىڭ باشلىقلا بولسا، مەن يەنە ئۆسىمەن، ماڭا ئۇسكرىپكا ئەمەس، ئەمەل لازىم!

ماڭا ئىنتايىن تونۇش بىر ئاھاڭ ماشىنامنىڭ دېرىزىسىنى يەڭگىل چېكىۋاتاتتى. ماشىنا يېقىنلاشقانسېرى مۇزىكا كۈچەيدى. ئەمما، ئۇنىڭ نامىنى ئەسكە ئالالمايتتىم. بۇ يۇقىرى سەۋىيىدە چېلىنغان كۈي ئىدى. ئېلىيا بۇنچىلىك چالالمايتتى. بۇنى چوقۇم بىرى، بىرەر بۇزۇق ئېلىياغا چېلىپ بېرىۋاتقان گەپ. سائادەتنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ئۇ ئىككىسى... كېلىپ توغرا قىپتىمەن. دەل ۋاقتىدا كەپتىمەن!

ئىشىكنى غەزەپ بىلەن تېپىپ كىرگىنىمدە كىچىككىنە بىر قىز «گۈلمەرەم» نى چېلىۋاتاتتىكەن. ئۇنى سەن چېلىۋاتاتتىكەنسەن، جېنىم قىزىم! ئىسىڭدە بارمىكىن، شۇ ۋاقىتتا سەن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىڭ. ئۇسكرىپكىنى تاشلاپلا دادا! دەپ توۋلىدىڭ. مەن كىم بولۇپ قالدىم-ھە؟ ئېلىيا كونىراق بىر كەتمەننى كۆتۈرگىنىچە ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى. يېزىق ئۈستىلىدە ئۇنىڭ يازمىلىرى تۇراتتى. مېنى كۆرۈپلا ئۇ ھەيران قالدى. چۈنكى بۇ مەھەللىگە كەلمىگىنىمگە ئۇزۇن بولغانىدى. مېنى تونۇغاندىن كېيىن سەنمۇ جىمىپ كەتتىڭ. بەكلا خىجىل بولدۇم. ئەڭ مۇھىمى ساڭا مەستلىكىم كېلىپ سۆزلەپ يۈرگەن سۆزلىرىڭگە، تېنىق كۆزلىرىڭگە ئۇزاقتىن-ئۇزاق قاراپ كەتتىم. باش-كۆزلىرىڭگە ئارقا-ئارقىدىن سۆيدۇم. بىراق سەن ئىپادىسىز تۇراتتىڭ. قۇچىقىمغا ئالغىنىمنى، تويماي سۆيگىنىمنى تۇيمىغاندەك ئۈن-تىنسىز ئولتۇراتتىڭ، ئويچان كۆك كۆزلىرىڭ بىر نۇقتىغا قادالغانىدى. ئۇنىڭ سېھىرلىك چوڭقۇرلۇقلىرىغا ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدىغان ئاجايىپ سىر-ھېكمەتلەر يوشۇرۇنۇپ ياتقاندەك، قارىچۇقلىرىڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، مېنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ كېلىۋاتقان چۈشىنىكسىز قەلبىڭگە دۇنيا، ئىنسان ۋە بارلىق مەۋجۇدات ھەققىدىكى مۇئەممالارنىڭ سىرلىرى پاناھلىنىپ كىرىۋالغاندەك ۋە بۇ سىرلار نەپەرەتكە ئايلىنىپ كىرپىكىڭ ئارقىلىق ھازىرلا كۆزۈمگە قادىلىدىغاندەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

ئېغىر ئازاب تارتقان مويسىپىتلاردەك ئۈن-تىنسىز ئولتۇراتتىڭ. ئەمما سادا، يېقىملىق چېلىنغان «گۈلمەرەم» ئۆي ئىچىدە جاراڭلايتتى. ئىشىك، دېرىزىلەردىن، بارلىق يوچۇقلاردىن قىستىلىپ چىقىپ، مەھەللە بوشلۇقىدا لەيلەپ يۈرەتتى. ئۆي كۈي، ھويلا كۈي، مەھەللە كۈي، زېمىن-ئاسمانمۇ كۈي، دۇنيا كۈيلىشىپ كەتكەنىدى،

خۇددى ئالەم مۇزىكىدىن يارالغاندەك. تال-تال كىرپىكلىرىڭ ياش يۇقى تۇراتتى. لېكىن چىرايىڭدىن يىغلايدىغاندەك تۇرمايتتىڭ. بىلمەن، سەن ئەمدى يىغلىمايتتىڭ. سېنىڭ يىغاڭ بوۋاق چېغىڭدىلا ئاخىرلاشقانىدى. كۆزۈڭدىكى نەم يىغىنىڭ بەلگىسى ئەمەس! ئۇ روھىي ئالىمىڭدىكى غەزەپ ئۇچقۇنىنىڭ تىنچ ھالەتتە ساقىپ چىقىشى، قەلب نۇرلىرىڭنىڭ تىنىق كۆزۈڭ ئارقىلىق دۇنياغا تىكىلىشى!

مېنىڭ بالام ئىسكىرىپكا چالالايدۇ. قىزىم «گۈلمەرەم» گە چېلىشنى بىلىدۇ! ھەممىلا يەردە شۇنى دەپ يۈردۈم. «گۈلمەرەم» مۇزىكا سېزىمىمنى جانلاندۇرۇۋەتتى. ساڭا بولغان ئانىلىق مۇھەببىتىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. شۇندىلا ساڭا قايتىدىن قاراشقا مەجبۇر بولدۇم. ھەر قارىغىنىمدا سېنى يېڭىدىن كۆرۈۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالاتتىم. بىر نۇقتىغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق تىكىلىپ تۇرىدىغان ئويچان كۆزلىرىڭ سىرلىق تېپىشماقنىڭ تۈگۈنىدەك بىلىنىپ كېتەتتى. راست، مەن كۆزۈڭدىكى مەنىلەرنى تولۇق چۈشىنەلمەيتتىم، بەلكى ئەبەدىي شۇنداق ئۆتەرمەن. سەن مېنى مۇرەككەپ ھېسسىياتقا مۇپتىلا قىلدىڭ. سېنى ئۆزۈمنىڭ تۇغقانلىقىمنى بىلمەنۇ، سەندەك بالا تۇغقانلىقىمغا ئىشەنمەيمەن. سەندىن ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ تۇرسامۇ، سىرلىق قەلبىڭنى زادىلا چۈشەنمەيمەن! سەن چالغان بۇ كۈي ئىككىمىز ئارىسىدا تۇنجى قېتىملىق كۆڭۈل ئەلچىسى بولدى. پەقەت مۇشۇ كۈي ئارقىلىقلا ئانىلىق ھېسسىياتىم بىلەن قەلب روجىكىڭنى يىراقتىن پەرق ئېتەلىدىم. ئانا بولغۇچىنىڭ بالىسىنىڭ ئوي-خىيالى، ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى چۈشىنىشكە مۇۋەپپەق بولالماسلىقى نەقەدەر ئازابلىق ئىش-ھە! مەن بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى بىلىۋالغاندەك قىلغانىدىم. «گۈلمەرەم» قەلب قەسرىڭگە كىرىش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەندەك قىلغانىدى. كىچىككىنە تۇرۇپ، مۇشۇ مۇرەككەپ مۇزىكىنى چالغانلىقىڭ تېخىمۇ مەستلىكىمنى كەلتۈرەتتى. مەن، مۇزىكاڭغا مەھلىيا بولۇپلا كەتتىم. مۇزىكاڭ ئارقىلىق سېنى تونۇدۇم. مۇزىكاڭ مۇھىتىدىلا سېنى چۈشەندىم. بىراق مۇزىكاڭ «گۈلمەرەم» بىلەنلا تۈگىمىدى. ئۇ «دوست خېنىم» كەبى قەدىمىي كۈيلەر بىلەن داۋاملىشىپ ئانام كۆرسەتكەن يول بىلەن مېنى «مازار تېرەك» كە باشلاپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. كۈيلىرىڭ ئىلھامىدا پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم مۇزىكىلىشىپ كەتكەندە شۇنى سەزدىمكى، ئۇ يەردە يەنە «تېرىكىم» مۇ بار!

يوللار ئۇزىراپ كەتكەنىدى. «گۈلمەرەم» ئويغاتقان دەسلەپكى تۇيغۇ سەن رەسىدە بولغان مۇشۇ كۈنلەردىمۇ مېنى مۇزىكىلىرىڭغا باغلاپ تۇراتتى. ئۆزۈم مۇزىكىدىن شۇ قەدەر سەسكىنىپ كەتكەن تۇرۇقلۇق يەنە مۇزىكاڭسىز ئۆتەلمەيتتىم. نېمىشقىكىن سېنىڭ چالغانلىرىڭ ماڭا مۇزىكىدەك بىلىنمەيتتى. بەلكى، ئۇ قەلب قەسرىڭنى كۆرسىتىدىغان ئەينەك، مېنى روھىڭغا يېتەكلەپ بارىدىغان ھەمراھ، سېنى يېشىپ بېرىدىغان ئىزاھ، كۈندىلىك پائالىيىتىمنىڭ قېلىپلاشقان مەزمۇنى، ئۆزگەرمەس مىزانى

بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئۇنى ئاڭلىمىغان چېغىمدا سېنى كۆرمىگىنىمگە، چۈشەنمىگىنىمگە باراۋەر ئىدى. مۇزىكاڭ قەلبىمگە بۇسۇپ كىرگەنسېرى قەلبىڭگە شۇنچە يېقىنلىشاتتىم. قەلب كۆزۈڭنىڭ مېنى، پۈتكۈل دۇنيانى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. پەقەت شۇندىلا مەنمۇ سېنى ھەقىقىي كۆرەلەيتتىم.

دەريا شارقىرايتتى. جۇشقۇن ئاھاڭغا چۆمگەن ئىسكىرىپكا ئۆزى ياراتقان ھودۇقسىز ئالەمنىڭ قات-قېتىغا سىڭىپ كىرەتتى. ئۇنىڭدىكى جىمى بارلىقنى مۇزىكا تىلى ئارقىلىق ئەينەكتە كۆرۈنگەندەك روشەن كۆرسىتىپ بېرەتتى. كونا مەھەللىدىكى يېگىلاپ سېلىنغان ئاددىي ئۆيدە «مازار تېرەك رىۋايىتى» جۇلالىنىپ تۇراتتى. يىگى مەھەللىدىكى ئۆمۈچۈك تورلىرى بېسىپ كەتكەن ھەشەمەتلىك كونا ئۆيدە كۆزلىرىنى دەھشەتلىك چەكچەيتكەن، قولاق ۋە بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن قان تېمىپ تۇرغان ئورۇق بىر ئادەم سىرتماقتا ئېسىقلىق تۇراتتى. بۇ مەنزىرە بەك ئېنىق ئىدى. لېكىن زەن سېلىپ قارىغاندا، ئۇنىڭغا سىڭىشىپ كەتكەن يەنە بىر مەنزىرىمۇ ئايان بولاتتى: «مازار تېرەك رىۋايىتى»نىڭ بىرىنچى جۈملىسىدىن باشلاپ سىرتماقتىكى ئادەم ئۆز پۈتۈنلۈكىدە باش كۆتۈرەتتى؛ سىرتماقتىن تامچىغان قىپقىزىل قان «مازار تېرەك رىۋايىتى» ئۈستىگە تېمىپ چۈشۈپ، جۇلالىق قۇرلارنىڭ يېشىللىق تۈسىنى ئاشۇراتتى. ھەممە نەرسە بىردىنلا يېشىللىشىپ كېتەتتى. يېشىللىق تۈسى ئاشقانسېرى مەن كۆرۈپ تۇرغان بۇ ئالەمگە شۇنچە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ قات-قېتىدا، ئەڭ مەركىزىي قاتلىمىدا ماڭا تونۇشلۇقلا بىلىنگەن بىر سىيما يۇيۇۋەتكىلى بولماس دەرىجىدە مەڭگۈلۈك قېتىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە كۆچلۈك شەھۋانىي نۇرلار ئۇيناپ تۇراتتى. سېمىز، ئاپئاق ۋە كەڭ پېشانىسىگە ساناقسىز قىز-جۇۋانلارنىڭ ئىسمى يېزىلغانىدى. مۇشۇ يېشىل دۇنياغا مەنچىلىك سىڭىپ كىرەلىگەن ئادەملا ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى ئىسىملارغا قاراپ تالاي-تالاي، بەكلا كۆپ سەرگۈزەشتىلەردىن خەۋەردار بولاتتى، ئۆزىنى كۆرەتتى، ئۆزگىنى بىلەتتى. سىنچىلاپ قاراۋېتىپ بىردىنلا ئۆز ئىسمىمنى كۆرۈپ قالدىم. بىر ئەمەس بىرقانچە يەردە! تېمىشقىكى، ھەممە يەردىكى ئىسمىمنىڭ كەينىگە ئۇندەش' بەلگىسى قويۇلغانىدى. ئۇ غەزەپ-نەپرەتتىن باشقا مەنىنى بىلدۈرمەيتتى! بىلىپ قالدىم، قىزىم، بۇنى سەن يېزىپسەن! ئەسلىدە سەن ھەممىنى سېزىپ بولغانىكەنسەن! خېلىدىن بېرى ماڭا نەپرەت بىلەن قاراپ كەلگەنىكەنسەن! شۇڭا مەندىن يىراقلاشقانىمىدىڭ، ئۆزۈڭ توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمەسلىككە قەسەم ئىچكەنمىدىڭ!

يېشىللىق — روشەنلىك. روشەنلىك قېتىدا سېزىلگەن بارلىقمۇ شۇنچە ئېنىق، ئۇنىڭدا ئۆزىنى كۆرۈش شۇ قەدەر ئازابلىق ئىكەن.

ماڭا تونۇشلۇقلا بىلىنگەن، يۇيۇۋەتكىلى بولماس دەرىجىدە ئەبەدىي قېتىپ كەتكەن بۇ سىيما ئەمدى بىراقلا ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ ئىدارىمىزنىڭ خام سېمىز باشلىقى،

مېنى يۈكسەك مەرتىۋە پەللىسگە چىقارغان ئىشقۋاز تاجدار ئىدى!

مېگەم قوچۇلۇپ، كۆزۈم ئالىچەكمەن بولۇپ كەتكەنلىكتىن، بابا تازا ئاڭقىرالماي قالغان قېنىق بىر ئىسىم ئاستىدىكى سەرگۈزەشتىلەر ئەمدى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ مېنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىم، غەزەپلىك كۈيلىرىڭ باشلانغان كۈندىكى سەرگۈزەشتىلىرىم ئىدى.

ئىسكىرىپكىنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى، قەھرلىك مەنە ئىپادىلىگۈچى كۈچلۈك ئۇدارلىرى ئاڭلىغۇچىنى ۋەھىمىگە سالاتتى. سەن ئەزەلدىن بۇنداق كۈچلۈك ئۇدارلىق كۈيلەرنى چالمايتتىڭ. بىز بار قەۋەتكە چىقىپلا داڭقېتىپ قالدىم: ئىدارە باشلىقىمىز مۇشۇك تاتىلىۋالغاندەك تىتما-تالاڭ بولۇپ كەتكەن سېمىز يۈزىنى ئىككى قولىدا تۇتقىنىچە ئۆيىمىزدىن چىقىۋاتاتتى.

— سىزنىڭ ئەجەب مېھرىڭىز ئىسسىق جۇمۇ، ئاپپىقىم. تالاي گۈزەللەر ئىچىدىن پەقەت سىزنىلا تاللىۋالدىم. مۇشۇ تاتلىق لېۋىڭىزدىن باشلاپ گوچ-گوچ چايناپ يەۋەتسەم، — دېگەنىدى ئۇ لېۋىمگە ئوتتەك لېۋىنى چىڭ بېسىپ تۇرۇپ.

— لېكىن قىزىم سائادەتنىڭ ئىشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا بولاتتى... — دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭ تىترىگىنىچە ئىشتان بېغىمغا قول ئۇزاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ.

— سائادەت؟ ھە، توغرا، سائادەت! سىزنىڭ قىزىڭىز... خاتىرجەم بولۇڭ، سىزگە ۋەدە بەرگەنغۇ؟ ئۇنى چوقۇم ئورۇنلاشتۇرىمەن! ئۇنىڭ ئۆيدە يالغۇز تۇرىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بارمۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن ئايرىمچە بىر سۆزلىشەي دېۋىدىم. قىزىقىشى، ئارزۇسى توغرىسىدا...


ئايىسىز، قاپقاراڭغۇ بىر كېچىدە مۇشۇ گەپ بولۇنغان، ئۇ چاغدا بۇ يۈز ئاپئاق، پاكىز ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ پۈتۈنلەي نابۇت بولغانىدى. مەن دەرھاللا ئىلىيانى ئەسكە ئالدىم. مۇشۇ چاتاقنى يەنە شۇ تېپىپ يۈرگەن بولسا، ھە!

— خاپا بولمىسىلا... — دۇدۇقلىدىم مەن، ئىلىيا تۇرمۇش ئۆگىنىشتىن قايتىپ كەلگەن بولسا، باشلىقنىڭ ئۆيگە كىرگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇرغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ.

ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويماستىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى بۇ كىشىلەر ئىشتىن چۈشىدىغان چاغ ئەمەس ئىدى.

ئىسكىرىپكا ئۇنى ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى غەزەپ تۇسىنى ئالغانىدى. كامالچە تار ئۈستىدە ئەسەبىيلەرچە سەكرەيتتى. چاچلىرىڭ چۇۋۇلغان، ئېپىز كوپتاڭنىڭ كۆكسۈڭ ئۇدۇلىدىكى قىسمى يىرتىلغانىدى. بېشىڭ كامالچە بىلەن تەڭ ھەريان سىلكىنەتتى، پۈتۈن بەدەنلىرىڭ مۇزىكىغا ئەگىشىپ تولغىناتتى، ئۆز ئورنىدىن تىنىمسىز قوزغىلاتتى. بۇ مەن ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان ھالەت، مەن ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان جىددىي كۈي ئىدى! ئىلىيا كۆرۈنمەيتتى. كارىۋات ئەدىياللىرى قالايمىقان

تۇراتتى. كۆزۈمگە قاراشقا ئەمدىلا جۈرئەت قىلالىدىم. ئاھ، يىغلاپسەنغۇ قىزىم! مېنىمۇ بىردىنلا يىغا تۇتۇپ كەتتى. تالاي سوئاللارنى سورىغان بولسامۇ ھەممىنى جاۋابسىز قويدۇڭ، زادىلا جاۋاب بەرمىدىڭ، قىزىم. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن كۆيۈڭدىكى



جىددىيلىك، غەزەپ تۇسى ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئۇنىڭ نېرىسى سىر پېتىچە قېلىۋەردى.

سەن بەكلا چىرايلىق ئىدىڭ. مەن ساڭا ئانا بولسامۇ، لېكىن ھامان سېنى گۈزەللىكتە ئۈلگەم دەپ قارايتتىم. شەھىرىمىزگە يېڭىدىن كەلگەن ئايالچە پاسوندىكى كىيىملەر بىرىنچى بولۇپ سېنىڭ ئۇچاڭدا ئۆز كۆركىنى تاپاتتى. كاناي شىم، تار شىم، پادىچى شىمى، گۈزەللىك شىمى دېگەندەك كىيىملەرنىڭ ھەممىسى سەن ئارقىلىقلا ماڭا ۋە مەندىن باشقىلارغا تارالغانىدى. چاچ ياسىنىشتىمۇ مېنىڭ ئۆرنىكىم ھېسابلىناتتىڭ. قىزىق يېرى، قانداق كىيىم كىيدۈرۈپ قويسام يارىشۇرگەندەك، چېچىڭنى قايسى شەكىلدە ياسىتىپ قويسام قاملىشىۋېرەتتى. ياسىنىشقا خۇشتار بارلىق ئاياللارنى قىزىقتۇرۇپ، تاڭ قالدۇراتتىڭ. قانداق ياساپ قويسام چاتىقىڭ يوق ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن خۇشمۇ بولۇپ كەتمەيتتىڭ.

چىرايلىق، ئەۋرىشىم بەدىنىڭ، سۈتتەك ئاپئاق ئەتلىرىڭ، تولغان يوتىلىرىڭ، سىدام ھالەتتىمۇ گىرىم-سۈرمىلىك گۈزەللەرنى بېسىپ چۈشىدىغان مۆجىزىلىك چىرايىڭ... راست، سەن بىر مۆجىزە ئىدىڭ. يېڭى كىيىمىڭنى كىيدۈرۈپ كوچىلاردا قولتۇقلاپ ماڭغىنىمدا بىزگە قارىمايدىغان كىشى بولمايتتى. ئاياللارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى. ئەرلەر لېۋىنى يالىغانچە قارىمىز يېنىكۆچە قاراپ قالاتتى. سەل بىزەڭگىرەكلىرى خېلى يەرگىچە ئەگىشىپ كېلەتتى. يېنىمىزدىن ئۆتكەن يىگىتلەر دەرھال توختاپ، قايرىلىپ قارايتتى. ئېچىرقاپ كەتكەن كۆزلەرنىڭ چىرايلىق كۆكسۈڭ ئۈستىدە، بەللىرىڭدە، مىقىدە كەلگەن گۈزەللىك شىمى ئاستىدىكى ساغرائىڭدا، گۈلدەك لەۋلىرىڭدە، شىشىدەك سۈزۈك بوينۇڭدا، دېڭىزدەك تىنىق ۋە سىرلىق كۆزلىرىڭدە ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزۈممۇ ئاشۇ يەرلىرىڭگە ئىختىيارسىز ھالدا تىكىلىپ قارايتتىم.

باشقىلار سېنى ماختايتتى. مەنمۇ سەن بىلەن ماختىناتتىم. سېنىڭ مەن كۆي مۇھەببەتلا كۆرەلەيدىغان يېشىل ئالىمىڭلا ئەمەس ھەمىشە كۆرۈپ تۇرىدىغان جىسمىڭمۇ شۇ قەدەر گۈزەل ئىدى. بۇنداق گۈزەل بەدەننىڭ، بۇ قەدەر جەلپكارانە چىرايىڭ خام سېمىزنى جەلپ قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن نېمىشقا بۇلارنى ئويلىمىدىم، ھە! دەل مۇشۇ ئۆيدە مېنىڭ ۋە خام سېمىزنىڭ كاساپىتىدىن ئىلىيا ئۆزىگە سىرتماق سېلىپ ئۆلۈۋالدى. يەنە مۇشۇ ئۆيدە ئۇ ساڭا قولىنى ئۇزىتىپ بېقىپتۇ. ئاھ، بالام، مېنىڭ ئۈچۈن ئازاب چېكىپ كەلگەن جېنىم قىزىم! سېنى بىلمىدى دەپ قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى كۆيلىرىڭدىن تۇغۇلغان يېشىللىق ئالىمىدە، خام سېمىزنىڭ كەڭ پېشانىسىدە پۈتۈكلۈك تۇرۇپتۇ، دېمەك، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپسەن. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىچىڭگە سىغدۇرۇپ يۈرۈپسەن. مەن ئۈچۈن، «مازار تېزەك» ئۈچۈن، داداڭ ئۈچۈن ۋە ئۆز پاجىئەلىرىڭ ئۈچۈن ئازاب چېكىپ ئۆتۈپسەن. دۇنياغا شۇنىڭ ئۈچۈن تۆرەلگەنمىدىڭ؟ كۆلۈپ تۇغۇلغىنىڭ مۇشۇ قىزىقارلىق پاجىئەلەرنى ئالدىن بىلىپ قالغىنىڭ ئۈچۈنمىدى؟ ئېيتقىنا، مۇشۇنداق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىڭنى سېزىپ قىلىپ ئاندىن كېيىن قاتتىق يىغلىغانمىدىڭ؟ ئەما تۇغۇلغىنىڭ بۇ دۇنيانى كۆرۈۋم كۆرمىسۇن دېگىنىڭمىدى؟ بۇ دۇنيانىڭ رەزىللىك بىلەن تولغانلىقىنى، ھەتتا ئۆز ئاناڭنىڭمۇ يىرگىنچلىك ئويۇنىنىڭ ئاساسلىق رولچىسى بولىدىغانلىقىنى قورسىقىمدىكى چېغىڭدا بىلگەنمىدىڭ؟ قورسىقىمغا گۈرسىلدىتىپ تېپىشلىرىڭ، قىن-قىنىڭغا پاتماي مىدىراپ كېتىشلىرىڭ شۇنىڭ بىشارىتىمىدى؟ شۇڭلاشقا بۇ دۇنيانىڭ كۆرگۈچىلىكى يوق ئىكەن، كۆرمەيلا قوياي، دېدىڭمۇ؟

غەزەپلىك كۆي داۋاملىشاتتى. مۇزىكاڭ قەلبىمگە بۆسۈپ كىرگەنسېرى قەلبىڭگە شۇنچە يېقىنلىشاتتىم. پەقەت شۇندىلا جۇشقۇن، گۈزەل، چەكسىز يېشىل ئالىمىڭنى ھەقىقىي مەنىدە كۆرەلەيتتىم.

نەي ئاۋازى بىردىنلا كۈچىيىپ كەتتى. دەريا ھامان بىر خىلدا شاۋقۇنلاپ ئاقاتتى.

٧

٢

ئۇنىڭ يۈزىدىن تارىلىۋاتقان نەم شامال بۇ يەردە ئۆزۈڭدىن بىرى ئۇنتۇپ كېتىلگەن ئەتىيازلىق كۆكات ھىدىنى دىماغقا ئۇرۇپ تۇراتتى. قاياقتىندۇر تۇمۇر-تەسەك، ئەسكى-تۈسكىلەرنىڭ جاراڭشىغان ئاۋازى كېلەتتى. يەنە ئالىقاندىن جايلاردىن قىز-ئوغۇللارنىڭ گۇدۇڭشىغىنى ئاڭلىناتتى. ئۆزۈمنى يېشىل ئالەمگىدە يۈرگەندەك ھېس قىلاتتىم. دەريا بويىدا يۈرگەندەكمۇ سېزەتتىم. قايسىبىر يىلى مۇشۇ يەردە بوراندا تۇرۇپ كۆي تىڭشىغىنىم، قاچاندۇر بىر چاغلاردا يەنە مۇشۇ يەردە يامغۇردا سەن بىلەن تەڭ تۇرغىنىم، تومۇزدىكى، قىشتىكى ۋاقىتلىرىم ئېسىمگە كېلەتتى. بۇ يەردە زادى قاچاندىن بېرى تۇرۇۋاتقانلىقىم ئۆزۈمگىمۇ ئايان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتىم. ئەس يادىمنى بىرلا نەرسە قامال قىلىپ تۇراتتى: كۆي — ئىسكرىپكا، نەي!

ئىسكرىپكا ئاۋازى نەي ئۇنىڭغە پۇرسەت بېرىۋاتاتتى. مۇزىكىغا يۇغۇرۇۋېتىلگەن قەلب ئىزھارى — كۆيلەشكەن خەت يەنىلا يىراق بوشلۇقتىن قەلب كۆزۈمگە سۈركىلىپ ئۆتەتتى. شۇنداق، سىز مېنى، ئەرزىمەس ئىش ئۈچۈن ياشاشتىن ئۈمىد ئۈزگەن دىلى كور، روھىي دۇنياسى جەزىرىلىشىپ كەتكەن قۇرۇق سۆلەت، رومانتىك بىر سەنئەتكارنى سەنئەت دىيارىغا — سەممىي، گۈزەل رېئاللىققا قايتۇرۇپ كەلدىڭىز. جىسمىمنى ئەمەس روھىمنى قۇتقۇزدىڭىز. سىزگە رەھمەت ئېيتىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە! ئەمدىغۇ يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىشىمغا رۇخسەت قىلارسىز! سىزنىڭ ئەمالىقىڭىزنى بىلدىم. لېكىن، بۇ مېنىڭ ئەمالىقىم ئالدىدا ئەرزىمەسلا ئىش كەنغۇ! ئىنسانىنىڭ ئاجىزلىقى ئۇنىڭ روھىيىتىدە. جىسمانىي غالىبلىق، بەدەن كەمتۈكلۈكى دېگەنلەرگە ئەمدى ئىشەنمەس بولۇپ كەتتىم. راستىمنى ئېيتسام، مەن ئۆز روھىمدىكى كەمتۈكلۈكنى سىزدىن يوشۇرالماي ئاۋارە. بۇنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشلىرىمنى بەلكى كەمتۈكلۈكۈمنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك. سىزنى بۇنى چۈشىنىدۇ، دەپ ئويلايمەن. ئاڭلاۋاتامسىز؟ مەن سىزنىڭ چۈشىنىشىڭىزگە شۇ قەدەر موھتاج، سائادەت!

سىزگە كۆپ قېتىم خەت يازدىم. ھەر قېتىمقى خېتىمدە سىز توغرۇلۇق، ئۆزۈم ھەققىدە بىر مۇنچە گەپلەرنى دېدىم. بەلكى سىز بۇ خەتلەر قانداق بولۇپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يانچۇقۇمغا كىرىپ قالدى، دەپ ئويلىغانسىز. كىم بىلىدۇ تېخى، بۇ خەتلەرنىڭ بىرەر پارچىسىنىمۇ قولىڭىزغا ئېلىپ باقمىغانسىز. نېمىلا بولمىسۇن ئۇنى يانچۇقىڭىزغا مەن سېلىپ قويغاندىم، مۇشۇ يەردىكى ئۆيىڭىزدە يالغۇز كىر يۇغان، يايغان ۋاقتىڭىزدا. چۈنكى مەن سىزنىڭ قانداق كىيىملىرىڭىز بارلىقىنىمۇ بىلىپ بولغاندىم. ئەمدى بىلدىمكى، ئۇنى سىز قولىڭىزغا ئالغان ھالەتتىمۇ خەتنىڭ قىممىتى ھازىرقى بۇ كۆيلەشكەن قەلبتەك بولمايدىكەن. قەلبىڭىزگە بىۋاستە، تولۇق سىڭىپ كىرەلمەيدىكەن. ئۇنى پەقەت باشقا بىر قول، كۆز ۋە مېڭىنىڭ ياردىمى ئارقىلىلا...

ياق، ياق، ئۇنداقتا تولىمۇ كېچىكىپ كېتىدۇ. قەلب ئىزھارىم، سىزگە دەيدىغانلىرىم ئۇ قەدەر كېچىكىپ كەتسە بولمايدۇ. ئۇنىڭغا مەن تەخىر قىلالمايمەن، سائادەت! مۇشۇلا، ئورتاق تىلىمىز سانىلىدىغان مۇشۇ كۈيلا بىزنىڭ ھەقىقىي كۆڭۈل ئەلچىمىز بولالايدۇ! بىز كۈي ئارقىلىق سىردىشىمىز. مەن سۆزلەيمەن، سىز ئاڭلايسىز. سىز سورايسىز، مەن بايان قىلىمەن. دۇنيادا قەلبنى قەلبكە ئېلىپ بارىدىغان ئەلچى كۆپ ئىكەن، پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىمىزگە مۇۋاپىقلىرىنى بايقىۋالالىساقلا. بىز ئەڭ مۇۋاپىق ئەلچىنى تاپالىدۇق. ئۇ — كۈي، مۇشۇ سۆيۈملۈك كۈي!

ئىككىمىز سىردىشىپ كېلىۋاتقىلى ئۇزۇن بولدى. مەن بۇياقتا، سىز ئۇياقتىلا. لېكىن ماڭا سىز تۇرغان قاشتىكى ھەرقانداق ئادەم مەن تۇرغان قاشنى زادىلا كۆرمەيۋاتقاندەك، دەريانىڭ قارشى قىرغىقى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغاندەك ياكى قەستەن كۆرمەسكە سېلىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. چۈنكى مەن بۇ قاشتىكى مەۋجۇتلۇقۇمنى نېمە ئارقىلىق شۇ قەدەر كۈچەپ ئىپادىلەپ باقسامۇ، سىزدىن باشقا بىرەر ئادەممۇ مەن تەرەپكە بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ باقمىدى. كىشىلەر شۇنچىلىك بىپەرۋا بولۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۇيۇپ كەتكەن روھىغا ھەتتا كۈيمۇ تەسىر قىلالماس بولۇپ قالغانمىدۇ، سائادەت! سىزمۇ سەزسىڭىز كېرەك، ئەتراپىڭىزغا ئادەملەر كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا تونۇش ئادەملەر. سىزگە تۇيدۇرماي كېلىپ، ئۇزۇندىن-ئۇزۇن مۇڭلىنىپ تۇرىدىغان، ئىسكرىپكىڭىزنى قانماي ئاڭلايدىغان چىرايلىق بىر ئايال ماڭا ھەممىدىن بەك تونۇش، ئۇنىڭ تېگى-تەكتىنى، كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئەجەبلىنەرلىكى، ئۇ سىزگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ. يىراق قاشتا تۇرۇپ بۇنى قانداق بىلدىڭىز دەپ قالماڭ. نېمىشقىكىن، دەريا بويىغا چىقىپ سىز تەرەپكە قارىغان دەقىقىدىن باشلاپ سەزگۈلىرىمنىڭ بىردىنلا كۈچىيىپ، نورمال چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىمەن. قىسقىسى، ھەممە جەھەتتە ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە ئادەمگە ئايلىنىپ قالىمەن. مېنىڭ دەۋاتقىنىم دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتا كۆرىدىغان ھېلىقى ئايال. باشقىچە ئويلىنىپ قالماڭ، دېگىنىمدەك، ھېلىقى ئايال راستىنلا بەك چىرايلىق. ئۇنىڭدىن ئارتىسقا خاس لاتاپەت چىقىپ تۇرىدۇ. بىر تۇرۇپ ئارتىسمىكىن دەيمەن، بەزىدە باشلىق ئوخشايدۇ، دەپمۇ قالىمەن. قىزىق يېرى، ئۇ ئەتراپىڭىزدا پەيدا بولۇپ، كۈيلىرىڭىزگە قولاق سالغاندىن كېيىن باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قالىدۇ، شادلىنىدۇ، مۇڭلىنىدۇ، يىغلايدۇ. ئاشۇ ھالىتىمۇ يەنە شۇ قەدەر جەزبىدار. ئۇنىڭ ئاپئاق ئۆڭى، مەجنۇنتالدەك زىلۋا بەدەنلىرى، بەدىئىي سۈرەتتەك گۈزەل تۇرقى، كىيىنىشلىرى، ھەتتا چېچىنى ياسىتىشلىرىغىچە سىزگە ئەينەن ئوخشايدۇ. بىرلا پەرق: ئۇنىڭ بۇلاقتەك بىر جۈپ كۆزى قاپقارا. سىزنىڭ سېھىرلىك كۆزلىرىڭىز بولسا دېڭىزدەك كۆك، تىلسىمدەك سىرلىق، شاھانە ئۆرنەكتەك گۈزەل!

مۇزىكىڭىز سىز بار قاشتىن سىزگە مۇناسىۋەتلىك ھەممىلا نەرسىنى باشلاپ

كېلەتتى. يېقىملىق كۈيلىرىڭىز قۇلىقىمغا ئۇرۇلۇش بىلەن تەڭ بۇرنۇمغا ئاجايىپ مەززىلىك ئەتىر، ماي، ئۇپا پۇرىقى كېلەتتى. شۇندىلا بېشىمنى يەنىمۇ تىك تۇتۇپ، يىراق قاشتا كامالچە ئويىنىشىۋاتقان سىزگە سىنچىلاپ قارايتتىم. سىز تېخىمۇ تەڭداشسىز گۈزەللىكە، قولۇم ئەبەدىي يەتمەيدىغان بىر گۈزەل چوققىغا ئايلىنىپ قالاتتىڭىز. يارىشىملىق كىيىملىرىڭىز بىلەن پات-پات شەكلى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان قۇندۇزدەك قاپقارا، تال-تال چاچلىرىڭىزنىڭ كۆركى قوشۇلسا سىزنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيتتىم. پۈتۈن بەدەنلىرىم ئوت ئېلىپ كۆيەتتى. نېرۋىلىرىم غىدىقلىنىپ، سەزگۈلىرىم زىيادە قوزغىلىشتىن بىردىنلا تورمۇزلىنىپ قالاتتى. ۋۇجۇدۇمنىڭ بوشىشىپ، هوشسىزلىق گىرداۋىغا كېتىۋاتقانلىقىمنى سېزەتتىم. ئەمما هېلىقى ئايالنى ئەتىسلا سىزنىڭ تونۇغۇنكى قىياپىتىڭىزدە كۆرەتتىم. ئېنىقراق ئېيتسام، ئۇ كېيىنىش، ياسىنىشتا سىزدىن ئۆرنەك ئالاتتى. ئىسكىرىپكىڭىز بولسا، ۋۇجۇدىڭىزدىن تونۇغۇنكىگە ئوخشىمايدىغان، باشقىچە بىر هەمدىنى باشلاپ كېلەتتى. سىزنى مۇشۇنداق يېڭىدىن-يېڭى پاسونلاردا كىيىندۈرۈۋاتقان، هەتتا گىرىم-ياسىنىشىڭىزغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان زادى كىم؟ هەمىشە سىزنى دوراپ ياسىنىدىغان ئۇ ئايالنىڭ سىز بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ بۇلارغا جاۋاب ئىزدەشكە ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان كۈيلىرىمىز ئىمكان بەرمەيتتى. نېيىم بىلەن بەسلەشكەندەك ئىسكىرىپكىڭىزمۇ كۈنسېرى يېڭى كۈيلەرنى تۆكەتتى. نەي ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ بولۇشىغىلا ئىسكىرىپكا يەنە بىر يېقىملىق كۈينى دەريا ئۈستىدە جاراڭلىتاتتى. هەر ئىككى چالغۇ قەدىمىي كۈيلەرنى خېلى بۇرۇنلا قىيامىغا يەتكۈزگەنىدى. ئۇلار ئەمدى ئۇنتۇلمايتتى. كامال تاپقان بۇ كۈيلەر شاۋقۇنلۇق دەرياغا، كۆز يەتكۈسىز يىراق قاشلارغا ئەبەدىي ئۆچمەس ئىللىككە سىڭىپ كەتكەنىدى.

هېلىقى ئايالنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. لېكىن ئۇ پېژغىرىم ئىسسىق كۈنلەرگىمۇ، قار، بورانلارغىمۇ پەرۋا قىلماي ئۆز ئورنىدا تۇرغان بولاتتى. ئۇ روهى ئۇزاق ئۆتمۈشكە قايتىپ كەتكەندەك ياكى يىراق كەلگۈسى بىلەن ئۈنسىز زاكونلىشىۋاتقاندەك، كۈيدىن ئۆزگە هېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئاللىقانداق ئويلار قېتىدا ئۇزۇندىن-ئۇزۇن تورۇپ كېتەتتى. مەن ئۇنى قايسىبىر ئىشلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىۋاتىدۇ، مەلۇم بىر سەرگۈزەشتىلەرنى ئەسلەپ ئۆزىگە، بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىغا ئاجايىپ بىر يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ يېڭىچە تەپەككۇر بىلەن قايتا باها بېرىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. بىز هېچقاچان ۋاقىت هەققىدە كېلىشىۋالمايتتۇق. لېكىن هەمىشە دېيىشىۋالغاندەكلا ئىككى قىرغاقتا بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولاتتۇق. هېلىقى چىرايلىق ئايال شۇنىڭغىمۇ كۆنۈك ئىدى. كەچقۇرۇن چىقساقمۇ، تاڭ سەهەردە بولسىمۇ هامان ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ كۈيلىرىمىزگە قۇلاق سالاتتى.

سىزنىڭ كۈيلىرىڭىزنىڭ يېقىملىق، مۇڭلۇق تۇسى قويۇق ئىدى. ئۇ قەدىمىي كۈي ئۇسلۇبىدا يېڭىچە روهنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى. ئىپادىلەش شەكلى يېڭى ۋە

ئەركىن، قاتلاملىرى كەڭ ۋە چوڭقۇر، ھەجمى بىرقەدەر ئۇزۇن بولۇپ، قەدىمىي كۈيلەردەك لىرىكا بىلەن ئىپادىلەنگەن ۋەقەلىك خاراكتېرى كۈچلۈك ئىدى. ئاڭلىغۇچىلارنى گۈزەللىك ئۈچۈن كۆرۈشۈشكە ئۈندەيتتى. نېمىمۇ بۇنىڭغا ماسلىشىپ كەتتى. مەن تېگىنى بىلىپ بولالمىغان ھېلىقى ئايالغىمۇ دەل مۇشۇنداق كۈيلەر يېقىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

كۈيلىرىڭىز ئەگەشتۈرۈپ كەلسە كېرەك، ئەتراپىڭىزدىكى تونۇشلىرىم كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنى بىرلا كۆرسەم تونۇش بولۇپ قالاتتىم. بىراق، ئۇلار كۆرۈنۈپ قويۇپلا يوقاپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ ۋىجىكرەك كەلگەن، قارا، ئورۇق بىر ئەر مەن تونۇيدىغانلار ئارىسىدىكى ئەڭ كونىسى ھېسابلىناتتى. ھېلىقى چىرايلىق ئايالدىن بۇرۇنلا سىز تەرەپتىكى قاشتا پەيدا بولۇپ قالغان ئادەم مۇشۇ ئىدى، سائادەت! لېكىن ئۇ ئادەم چىرايى سىزگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھېلىقى ئايالدەك خىيالچان ئەمەس ئىدى. بۇ يەرگە كېلىش ۋاقتىمۇ ئوخشىمايتتى. ھېلىقى ئايال مۇزىكا چېلىنغان ۋاقىتتىلا كېلەتتى، تۈگىسە كېتەتتى. ئارىلاپ-ئارىلاپ كېلەلمەيمۇ قالاتتى. ئەر مۇزىكىغىلا قاراپ تۇرمايتتى. ئۇنىڭ سىز مۇزىكا چالمىغان ۋاقىتتا كېلىدىغان چاغلىرى كۆپرەك بولاتتى. خاتالاشمىسام، ئەتراپتىكى ئەسكى-تۈسكىلەرنى بىر يەرگە يىغىشنى سىزگە شۇ ئادەم ئۆگەتكەنىدى. چىرايىنىڭ قارىراقلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇ ئادەمنىڭمۇ بىر يەرلىرى سىزگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ مۇشۇ يەرگە پەيدا بولغان كۈنىلا دەريا قېشىدىكى چىرىندىلارنى، قەغەز، قۇتا... پارچىلىرىنى يىغىشقا باشلىغانىدى. بارا-بارا يىغقانلىرى كۆپەيدى. دۆۋە-دۆۋە ئەخلەت مۇنارلىرى ھاسىل بولدى. ئۇنى پات-پات ماشىنا-تراكتورلار ئېلىپ كېتەتتى. كېسەل چىراي كەلگەن بۇ ئەر توختىماي يىغىۋېرەتتى. ئەخلەت تېلەر توشۇلۇشقا باشلىغان شۇ كۈندىن ئېتىبارەن سىزمۇ ھېلىقى ئادەمگە ئەگەشتىڭىز. ئۇ كەلسۇن، كەلمىسۇن ئوخشاشلا ئىشلەۋېرەتتىڭىز. پۇتىڭىزغا ئۇرۇنغانلىرىنى يىغاتتىڭىز، قولىڭىز بىلەن سىلاشتۇرۇپ يىغاتتىڭىز، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپمۇ، ئۆرە تۇرۇپمۇ تاپاتتىڭىز. لېكىن، ئىسكىرىپكىمۇ توختاپ قالمايتتى. بەلكى ئۇ تېخىمۇ ياڭراق، گۈزەل ئىجادىي كۈيلەر بىلەن نېمىنى جور بولۇشقا ئۈندەيتتى. يىراق قاشتىكى بۇ مىسكىن نېمىنى جور بولۇشقا تۇنجى قېتىم ئۈندىگەنىدى، سائادەت! نېمە شۇنىڭدىن كېيىنلا قاناتلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ شوخلۇقىغا، ئۇنىڭ بۇ روھلۇقلىقىغا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيتتى!

سازلىرىمىز يېڭى-يېڭى كۈيلەرگە جور بولۇشاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇقەدەر سۆزۈك ئىدىكى، ئۇنى ھەممە چۈشىنەتتى، شۇ قەدەر ياڭراق ئىدىكى، ھەممە ئاڭلايتتى، شۇ قەدەر گۈزەل ئىدىكى، ھەممىنى جەلپ قىلاتتى!

بىردىنلا سوراپ قالدىم: مەن نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟

كۈيىمىز توختىمايتتى. ئۇنىڭ خىسلەتلىك قولى بىزنى ئۈزلۈكسىز يېقىنلاشتۇرۇپ باراتتى. ئارىلىقىمىزنىڭ قىسقىراپ بېرىۋاتقانلىقى ھەر ئىككىمىزگە ئايان ئىدى. ئورۇقراق

كەلگەن ھېلىقى ئەرنىڭ قىش-ياز دېمەي ئەخلەت يىغىشلىرى ھامان كۆزۈمگە چېلىقىپ تۇراتتى. دەريانىڭ يىراق قېشىدا تۇرساممۇ ئۇنىڭ توختىماي ھاسىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتىم. بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ، ئاغزى گەز باغلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىنىڭ چاپاق ئاستىدا ھارغىن ھالەتتە مۆلدۈرلەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆز ئىشىنى زادىلا توختاتمايتتى. ئەسكى-تۈسكىلەرنى يىغىش بىلەن بىرگە يەنە قولىغا قەغەز، قەلەم ئېلىپ ئاللىقانداق نەرسىلەرنى يېزىپ كېتەتتى. بەزىدە قەلەمنى چىشلەپ ئۇزاقتىن-ئۇزاق تۇراتتى. يەنە بەزىدە مۇشتلىرىنى مەھكەم تۈگۈپ ھاۋادا پۇلاڭلىتاتتى. ئۇياقتىن بۇياققا ماڭاتتى، بىرجايدا توختىماي پىرقىراپ نېمىلەرنىدۇر دەپ سۆزلەپ كېتەتتى. مەن مانا شۇلارغىچە دىققەت قىلاتتىم، سائادەت. بىراق، سىز بار قاشقا ئۆتەلمەيتتىم. ھارماس ئىسكىرىپكىڭىزغا، ئىسكىرىپكىنى شۇ قەدەر مۇڭلۇق تىلغا كىرگۈزگەن يېقىملىق قوللىرىڭىزغا سۆيگۈم كەلسىمۇ، ئۇ تەرەپكە ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم. قانداقتۇر بىر ئۇقۇشماسلىق بىلەن ھازىرقى سىردىشىشىمىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن، سىزنى رەنجىتىپ قويۇپ، جور بولۇپ كۈيلەش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىشىمدىن ئەنسىرەيتتىم. ھازىرچە ماڭا مۇشۇ كۇپايە ئىدى. جور بولۇشقا تەكلىپ قىلىنىش پۇرسىتىمنىڭ مەڭگۈ قولدىن كېتىپ قالماسلىقىنى تىلەيتتىم.

كۈنلەر ئۆتۈپ باراتتى. تەڭكەش كۈيلىرىمىزگە زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن بۇ ئانا دەريانىڭ بۇژغۇنلۇق سۇلىرىمۇ كۈنسايىن سوزۇلماقتا ئىدى. مەن بار قاشتىكى ئەسكى-تۈسكىلەرنى يىغىدىغان قوشۇنىمىزمۇ بارغانسېرى غوللىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار رەسسام، مۇزىكا ھەۋەسكارلىرى بولۇپ، سىز يىغىشقا كىرىشكەن كۈننىڭ ئەتىسىلا ئۇلارنىمۇ تەشكىللىگەنىدىم. سىزگە دېسەم، سائادەت، ئۇلار خېلىدىن بېرى ياتقىمىدا مەندىن ساۋاق ئېلىۋاتاتتى. بۇ قاش خېلىلا پاكىزلىنىپ قالدى. ھەۋەسكارلار قوشۇنىمۇ كۈنسېرى زورىيىپ، ئەخلەت يىغىش ئىشىنى ئادەتكە ئايلاندۇردى. بۇرۇنقىغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بۇ قاش بىزنىڭ ئەمگەك، ئۆگىنىش، مەشق سورۇنىمىز. بىز بۇ ئىشنى توختاتمايمىز. تاكى ھەر بىر ئادەم قەغەز تاشلايدىغان ئەمەس، قەغەز تېرىدىغان بولغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرىمىز.

دەريا شوخ شاۋقۇنلايتتى. ئۇنىڭ سوزۇلۇپ بېرىۋاتقان ھەيۋەتلىك دولقۇنلىرى ئوينىقىشىپ ئاقاتتى.

سىزمىلىرىم تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەبەدىي قانمايدىغان قىزغىنلىق بىلەن توختىماي سىزاتتىم. «بوستانلىق ساھىل» كاللامغا كىرىۋالاتتى. ئۇنى قايتا سىزىپ چىقىشقا تىرىشاتتىم-يۇ، نېمىدۇر كەملىك قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇنى چوقۇم سىزىمەن، بۇرۇنقى «بوستانلىق ساھىل»دىن ئاشۇرۇۋېتىمەن، دەپ ۋەدە بېرەتتىم ۋە ھەۋەسكارلار ئالدىدا «بوستانلىق ساھىل»نىڭ ئارقا كۆرۈنۈش، ئۆرنىكى، سىزىلىش تارىخى، ئېرىشكەن شەرىپىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ كېتەتتىم. ئۇلار

ھاياجانلىناتتى. « بوستانلىق ساھىل » نى ئۇرتاق سىزىپ چىقىمىز، دېيىشىپ، يىغىش ئىشىغا تېخىمۇ قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىپ كېتەتتى. ئۇلارغا قاراپ ھەۋەسىم كېلەتتى. ۋۇجۇدۇم كۈچلىنىپ قالغاندەك، تومۇرلىرىمدا ئىشەنچ قېنى شورۇلداپ ئېقىۋاتقاندەك سېزەتتىم. بىر چاغدىكى سوئالىمغا جاۋابەن ئېڭىمدا كۈچلۈك بىرخىتاب جاراڭلايتتى: مەن، سەنئەتكار، مەن گۈزەللىك ياراتقۇچى!

سىزگە قارايتتىم. مۈزىكىنى تۇجۇپىلەپ چالغانغا ئوخشاش، چىرىندىلارنىمۇ شۇ قەدەر ئەستايىدىل يىغاتتىڭىز. ئەتراپىڭىزدىكىلەر تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەنىدى. بىر قىسىملىرى سىزنى، بىر قىسىملىرى ھېلىقى ئورۇق ئادەمنى ئورىۋېلىشقانىدى. ئۇلار ئاساسەن ياشلار بولۇپ، قىزلارمۇ، ئوغۇللارمۇ تۇراتتى. سان جەھەتتە مەن بار قاشتىكى ھەۋەسكارلاردىن كۆپتەك قىلاتتى. ئۇلارمۇ ئەسكى-تۈسكىلەرنى توختاۋسىز تېرەتتى، توپلايتتى، توشۇيتتى. ئورۇق ئەر دەريانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇلارغا نېمىلەرنىدۇر دەيتتى، ئاللىقانداق نەرسىلەرنى چۈشەندۈرەتتى. تۇرغانلارنىڭ بەزىسى يەنە ئەتراپنى، دەريانىڭ بېشى تەرەپنى كۆرسىتىشەتتى. قاراماتاق كەلگەن ھېلىقى ئەر ئۇتىڭغا جاۋابەن قوللىرىنى سىلكىپ-سىلكىپ كەسكىن ئىپادە بىلدۈرەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى دەرھال دەپتەرگە بىر نېمىلەرنى يازاتتى، بەزىسى بېشىنى لىڭشىتاتتى. قارىغاندا، ھېلىقى ئورۇق ئادەم ھەممىنى ئاغزىغا قارىتىدىغاندەك، ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا چوقۇنغۇچىلاردەك قىلاتتى.

تەركۆچىلەر كۆپىيىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇلار سېپىگە ئەمدى ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلارمۇ قوشۇلغانىدى. ئۇلار دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش يوقتەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنى ئاغزىغا قارىتىدىغان ئورۇق ئەر بولسۇن ياكى بولمىسۇن بەرىبىر ئىدى. ئۇلار گويا جەك، كەتمەن، سېۋەت، هارۋا دېگەندەك سايمانلار بىلەن تېرىشنى ئۆز ئېچىگە ئالغان ھەممىلا ئىشنى قىلاتتى: تىندۇراتتى، تۈزلەيتتى، چانايتتى.

بەزى ۋاقىتلاردا ئورۇق ئادەم بىرگورۇپپا ئادەمنى باشلاپ دەريانىڭ باش قىسمىغا قاراپ ماڭاتتى. ئۇ كەلمىگەن چاغلاردا بىر قىز بىلەن يېتىلەشكىنىڭىزچە ئۇلارنى باشلاپ دەريا بېشىغا كېتەتتىڭىز. چۈشەندىم، ئىشنى باشتىن ئوخشاش كېرەك، دېگىنىڭلارغۇ بۇ! سائادەت، مېنىڭ سۆيۈملۈك سىردىشىم، كۆيگىنىڭىز مېنى يەنە دەريا بېشىغىمۇ چىللاۋاتىدۇ، رەھمەت! مەن بارىمەن، قارشى قىرغاقتا نېمىلەرنى قىلىسىڭىز، بۇ ياقتا بىزمۇ شۇ ئىشنى سىزدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە قىلىمىز. نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلىۋالدىم. بۇ جەھەتتىمۇ سىز ماڭا ئۈلگە بولدىڭىز. مېنى يېڭى بىر ئىشقا، ھاياتنىڭ گۈزەل، ئەھمىيەتلىك بىر باسقۇچىغا يېتەكلەپ كىردىڭىز. ئەنە شۇ يەردە مەن « بوستانلىق ساھىل » نى قايتا سىزىمەن. بىز تېخىمۇ ياڭراق، يېقىملىق ۋە گۈزەل ئاۋازدا كۈيلەيمىز!

كۈيلەر بەكلا گۈزەل ئىدى. نەي شوخ، ئىسكرىپكىمۇ شۇ قەدەر جۇشقۇن. ئۇلاردىن «ئۈزھال» كەبى قەدىمىي كۈيلەر، «جۈپ تېرەك» كە ئوخشاش ئىجادىي كۈيلەر، «تېرىكنىم» دەك ئۆزلەشتۈرمە كۈيلەر ئۈزۈلمەي ياڭرايتتى. بۇلار مېنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز شادلىق ئالىمىگە باشلاپ كىرەتتى. تېنىم كېڭىيىپ، جېنىم يايراپ كېتەتتى. ئۆزۈمنى قېرىمايدىغاندەك، ئەبەدىي ئۆلمەيدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. ئۆتكەن يىللىلا كۆرگەن «مازار تېرەك رىۋايىتى» ناملىق كىتابتىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالاتتىم. ئەتراپىمدىكى ھەۋەسكارلارنىڭ ئويناق كۆزلىرىدىن، يېنىڭىزدىكى قىز-يىگىتلەرنىڭ چىرايلىق، چېچەن كۆزلىرى تەكتىدىن ئاجايىپ نۇرلۇق، يېشىل ھەم چەكسىز بىر دۇنيانى كۆرەتتىم. بۇ ئۇلارنىڭ خاس ئالىمى، ئۆز جىسمىدەكلا گۈزەل، يېشىل ئالىمى ئىدى!

نېيىم ئۇدارىدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. سەزدىمكى، ئىسكرىپكىڭىزمۇ ئەسلىدىكى شوخ رىتىمىنى تاشلاپ، مۇڭلۇق بىر تۈستە ئۇنلەۋېتىپتۇ. سىز تامان قارىدىم: يېقىندىن بېرى پات-پات كەلمەيۋاتقان ھېلىقى ئورۇق ئادەم ئەمدى زادىلا كۆرۈنمەيتتى! راست، ئۇ تونۇگۈنمۇ يوق ئىدى، ئۇنىڭدىن ئالدىنقى كۈنمۇ ھەم...

كۆزلىرىڭىزدىن مەرۋايىتتەك ياشلار سىرغىپ چىقىۋاتاتتى. كامالچىنى تار يۈزىدە كۈچ بىلەن يورغىلىتاتتىڭىز. چەمەن دوپپىڭىز بېشىڭىز بىلەن تەڭ سىلكىنەتتى. ئەتلەس كۆڭلىكىڭىز ئاجىز شامالدا يەڭگىل لەپىلدەيتتى، ئىككى ئۆرۈمە ئۇزۇن چاچلىرىڭىز نازۇك بەللىرىڭىز ئۈستىدە تولغىنىپ تۇراتتى.

سىز مۇڭلۇق ئىدىڭىز، مۇڭلىنىپ كېلىۋاتقىنىڭىزغىمۇ ئۇزۇن بولغانىدى. بىلىسىز ئىدى، سائادەت، كۈيىڭىزگە ئەگىشىپ كېلىدىغان، چىرايى سىزگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھېلىقى چىرايلىق ئايالمۇ خېلىدىن بېرى مۇشۇنداق مۇڭلىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇمۇ ئەمدى تىنىمسىز ھالدا ئەسكى-تۈسكىلەرنى تىرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

دەريا شاۋقۇنلايتتى. كۈيىمىز جور ھالەتتە مەۋج ئۇراتتى. كۈيگە تەڭكەش بولۇپ كەلگەن سۆيۈملۈك شاۋقۇنلاردا، بىزگە سىردىشىش ماكانى بولغان قەدىناس قاشلاردا، قىز-يىگىتلەرنىڭ ئۈمىدلىك، ئويناق كۆزلىرىدىكى پايانسىز يېشىللىقلاردا بىز ئۇنتۇمايدىغان ھېلىقى ئورۇق ئادەمنىڭ سىيماسى مەڭگۈلۈك قېتىپ كەتكەنىدى.

يىغلىماڭ، سائادەت. بىز، ئۇنىڭ ئۆلمەس روھى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرىمىز. كۈيلىرىمىز ئۇنىڭ يۈرەك رىتىمىنى، قانلىرىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن ئاققان ئاۋازىنى ئىزلەپ تاپىدۇ. ئۇنى چوقۇم ئاڭلايمىز. ئەنە شۇ چاغدا كۈيلىرىمىزگە يېڭى بىرمەنە قوشۇلىدۇ. ئاشۇ سۆيۈملۈك ئورۇق ئادەم ئانا زېمىننىڭ يەنە بىر يېرىدە تۇرۇپ كۈيلىرىمىزگە جور بولىدۇ. ئىككى ئالەم كۈيى بىرىكىدۇ. پانىي ۋە باقىيلىق پاسىللىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئالەم بىلەن ئالەمنى، زېمىن بىلەن ئادەمنى، قەلب بىلەن قەلبنى، ھەممە بىلەن ئادەمنى تۇتاشتۇرىمىز. پەقەت گۈزەل كۈيلىرىمىزلا شۇنداق قىلالايدۇ!

يېغلىماڭ، سائادەت. نېمىنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرى سىزگە تەسەللى بولسۇن. تىڭشاڭچۇ، ئۇ سىز ئۈچۈن مۇڭلىنىۋاتىدۇ. ئىسكىرىپكىڭىزغا تېخىمۇ قىزغىنلىق بىلەن يانتىشىپ، ئاجايىپ سىلىق رىتىمدا جور بولۇۋاتىدۇ. ئەنە، چىرايى سىزگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھېلىقى چىرايلىق ئايالمۇ تەرگۈچىلەر توپىغا قوشۇلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ ياش. ئەمما، ئۇ خېلىلا جانلىنىپ قاپتۇ. بۇرۇنقىدەك ئۆز جايىدا مۇڭلىنىپ تۇرىۋەرمەيدۇ. تېرىدۇ، تىڭشايدۇ. بۇ ھالىتى تېخىمۇ جەزبىدار. ئۇنىڭ ئۈچىسىدىمۇ سىزنىڭكىگە ئوخشاشلا كىيىم: ئەتلەس كۆڭلەك، چىمەن دوپپا، ئىككى ئۆرۈمە ئۇزۇن چاچ. شۇ تاپتا سىلەر گويا قوشكېزەك، بىر شاختىكى گۈل!

يېغلىماڭ، سائادەت. تولىمۇ يىراقتىن كارۋانلار تۆۋشى كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار مۇشۇ قىرغاقتىن ئۆتىدۇ. ئەنە شۇ چاغدىمۇ بىز يەنە ئوخشاشلا كۈيلىشىمىز، سىردىشىمىز. ئەنە، تەبەسسۇم قىلىۋاتىسىزغۇ، راستىنلا مەن تەرەپكە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قاراپ تەبەسسۇم قىلىۋاتىسىز. كۆڭلىڭىز بۇنىمۇ تۇيۇپ بولدىمۇ؟ ئاھ، سىز تەرەپكە ئۆتسەم، ھازىرلا ئۆتسەم دەيمەن. سىز بىلەن كۈيلۇم ئارقىلىقلا ئەمەس، كۆزۈم ئارقىلىق، سۆزۈم ئارقىلىق سىردىشىشنى ئىستەيمەن. يېنىڭىزدا تۇرۇپ كۆزىڭىزگە نۇر، قەلبىڭىزگە مەلھەم، ئىسكىرىپكىڭىزغا تار، كۈيىڭىزگە ئۇدار بولغۇم بار. مەن ئۆتىمەن، ھامان بىركۈنى سىز تەرەپكە ئۆتىمەن. ئەنە شۇ ۋاقىتتا تۈگمەس، ئەھمىيەتلىك تېرىش ئىشىمىز يېڭىچە بىر مەنىدە باشلىنىپ كېتەر. كىم بىلىدۇ، بەلكى، ھېلىلا ھارماس ئىسكىرىپكىڭىز شادىيانە نېمىنى جور بولۇشقا چىللار...

دەريا يېقىملىق شاۋقۇنلايتتى. كاككۇكلار تەرەپ-تەرەپتىن توختىماي سايرايتتى. ئارىلاپ-ئارىلاپ بىر-بىرىگە پۇرسەت بېرىۋاتقان، ئاۋازلىرى يۇقىرى-تۆۋەنلىكتە پەرقلىنىپ تۇرۇپ جور بولۇشۇۋاتقان بۇ ئىككى ساز ئەمدى بىراقلا ئوخشاش رىتىمدا كۈيلىنىۋاتاتتى. ھېلىلا كۈچلۈك ئاۋازى بىلەن ئىسكىرىپكىنى بېسىپ كەتكەن، قىزغىن ھېسسىياتلىق، يېگانە بىر قەلبنى ئۆز كۈيىدە ئىپادىلەپ تۇرغان نەي ئۇنى ئىسكىرىپكا ئاۋازىنىڭ قات-قېتىغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. بۇ ئىككى ئاۋاز گويا بىر يەردىن، بىر سازدىن چىقىۋاتاتتى. ئۇلارنى ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، زادىلا ئايرىغىلى بولمايتتى!

ئۇزۇن يىللىق ئۇيقۇلۇق چۈشتىن ئويغىنىپ كەتكەن ئادەمدەك خامۇشلۇق ئىچىدە ئېسىمگە كەلدىم. ئەمما بۇ يەرگە قاچان كەلگىنىمنى ئەسلىيەلمەيتتىم. خام سېمىزنىڭ يېڭى كەلگەن ناخشىچى قىزغا چېقىلىپ قويۇپ قولغا ئېلىنغانلىقى، ئۇنىڭ ئىقرارى ئارقىلىق مېنىڭمۇ رەسۋا بولغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى. ئاقىۋىتى نېمە بولدى؟ ئۆزۈم نېمە قىلىۋاتىمەن؟ بىلمەيتتىم. ئېڭىشىپ تۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر تېرىۋاتقان بولسامچۇ، بىر يەرگە دەسسەپ تۇرالمايتتىم، مەن دەسسىگۈدەكمۇ يەر يوق ئىدى. تىزىمنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى كۆرەلمەيۋاتاتتىم. راست، قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا ئۆزۈمنى ئەينەكتىمۇ كۆرەلمىگەن ئەمەسمىدىم. دېمەك، مەن يوق ئادەم ئىكەنمەن. ئۆزۈم كىم، ئانام كىم، بۇ

قەيەر؟ خاموش ھالەتتە لەيلەپ يۈرىمەن. ئۆزۈمنى تونۇغۇدەك ھالىمۇ يوق. ئۆزۈمنى ئۆزۈم تونۇمايۋاتسام، مەن تونۇمايدىغان بۇ يەر مېنى قانداق تونۇسۇن!

ھەمىشە شۇنداق بولۇپ قالىمەن. چۈشۈممىكىن دېسەم، ئۇخلىغىنىم ئېسىمدە يوق، ئويغۇممىكىن دېسەم، بۇ يەرگە قاچان كەلگىنىمنى ئۇقمايمەن. يىراقتىن يېقىملىق بىر كۈي قۇلىقىمغا كىرىدۇ. بىراق قىزىم، ئەمدىلىكتە سېنى كۆرەلمەيۋاتقاندەك قىلىمەن. راست كۆرەلمىدىممۇ ياكى ئۆزۈم قارىمىدىممۇ، بۇنىمۇ بىلمەيمەن. بەلكى، مەن قارىمىغاندىمەن. ئېكىمدا، قارىچۇقۇمغا ئۇيۇپ كەتكەن ئاشۇ قىز: ئەتلەس كۆڭلەك، چىمەن دوپپا، يارىشىملىق ئۇزۇن چاچ. ئۇنىڭ ئەۋرىشىم بەدىنى شۇ قەدەر گۈزەل، كىشىنى ھېيىقتۇرىدۇ. ئەتلەس كۆڭلەك ئىچىدىكى تولغان كۆكسى شۇنچىلىك چىرايلىق-يۇ، كىشىنى يەنە ھاياغا چاقىرىدۇ. تېگى-تېگىگە سىرلىق مەنىلەر يوشۇرۇنۇپ ياتقان بىر جۈپ كۆزى ئاجايىپ سېھىرلىك-يۇ، كىشى تىكىلىپ قاراشقا ئەيمىنىدۇ! دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتا يەنە سېنى ئەسلەپ كېتىمەن. ئىشچانلىقىڭ، چاققانلىقىڭ، قولۇڭنىڭ ئەپلىكلىكى ئېسىمگە كېلىۋالىدۇ. سەن ئۆي ئىشنى ماڭا قالدۇرماي قىلاتتىڭ، ھەتتا يېڭىنى تىلىك ئۇستىگە ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ تۆشۈكىگە يىپ ئۆتكۈزەتتىڭ. تۈگمە قادايتتىڭ، ياماق يامايتتىڭ!

كۆيلەر توختىمايتتى. چىرايلىق ياز شامىلى يېقىملىق ھۇشقىيتاتتى. ئالەم يېشىللىشىپ كەتكەنىدى. ھەممە يەر يېشىل نۇر ئىچىدە جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. كۆك يېشىل، زېمىن يېشىل، ئويناقشىپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ سۈپسۈزۈك سۇلىرى يېشىل. كۈي تۆكۈۋاتقان سازمۇ، سازدىن تارىلىۋاتقان كۈيمۇ يېشىل. بۇلاقنىڭ بۇلدۇقلاشلىرى، دەريانىڭ شاۋقۇنلاشلىرى، قارلىغاچنىڭ ۋىچىرلاشلىرى، كاككۇكنىڭ سايراشلىرى... ھەممىسى يېشىل!

دەريا ھامان بىر خىلدا يېقىملىق شاۋقۇنلايتتى. ئۇنىڭ مەرۋايىتتەك سۈزۈك تەكتىدە پارقىراق تاشلار ۋىلىقلاپ كۈلەتتى؛ كۆكۈش قۇملار ھەريان كېرىلەتتى؛ چوك-كىچىك بېلىقلار شادىمان ئۈزۈشەتتى. دەل ئاشۇ چوڭقۇرلۇقتا، ھەممە تېپىشقان شۇ سۈزۈك يېشىللىقتا مۇستەھكەم ئىككى يىلتىز بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەنىدى.

كۆيلەر توختىمايتتى. ئۇلار ئوخشاش رىتىمدا ئەبەدىيلىك بىرىكىپ كەتكەنىدى. قارشى قىرغاققا قارىدىم. ئۇ تەرەپكە تۇنجى قېتىم قارىشىم ئىدى. تۇۋا، شۇنچە گۈزەل يېشىل قىرغاقنى نېمىشقا كۆرمىدىم-ھە! قارشى قىرغاق ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى. ئۇنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتاتتىم. ئۇنىڭ چەت-چېتىدىكى يېشىل بوستانلىقلارغا كۆز يەتمەيتتى. ئۇ تەرەپتىمۇ ئوخشاشلا مۇشۇ كۈي ياڭرايتتى. ئۇ يەردە ئادەملەر قىملدايتتى. كارۋانلار مېڭىپ تۇراتتى. ھەرخىل چىرايلىق ماشىنىلار ئۈزۈلمەيتتى. يىراق-يىراق جايلاردىن مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى كېلەتتى. ئەجەبلىنەرلىكى، دەريانىڭ قېشىدا غەلىتە بىر تۈپ تېرەك تۇراتتى. ئۇنىڭ شاخلىرى باراقسان بولۇپ، يېشىل

گەۋدىسى نەي چېلىۋاتقان بىر ئەر كىشىگە ئوخشاپ كېتەتتى. كۈي دەل شۇ يەردىن تارىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. لېكىن ئۇ قىرغاقتىن بۇنى ئېنىق پەرق ئېتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ كۆتىكىدىلا چىرايلىق بىر بۇلاق كۆلىگە تەڭكەش بولۇپ، بۇلدۇقلاپ ئاقاتتى. بۇلاق كۆزىگە تارتىلىپ كەتكەن مۇستەھكەم بىر ئوق يىلتىز دەريا ئاستىنى بويلاپ، مەن بار قاشقا تۇتىشىپ كەلگەنىدى. ھەيرانلىقتا كېرىلگەن كۆزلىرىم يىلتىز بويلاپ كېلىۋەردى، كېلىۋەردى. بىردىنلا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم: مەن تۇرغان قاشنىڭ باراقسان دەرەخلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئېگىز بىر يېرىدە ئادەمگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھەيۋەتلىك، ياپيېشىل بىر تېرەك ئاسمان تۈۋرۈكىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆتىكىدە بۇلدۇقلاپ تۇرىدىغان سۈپسۈزۈك بۇلاق بار ئىدى. تېخىمۇ سىنچىلاپ قارىدىم. تېرەك راستىنلا بىر ئۇزۇن چاچ ئايال ئىدى! ئۇنىڭ ئېگىكىدە ئىسكىرىپكا ئەپچىلگىنە قىستۇرۇقلۇق تۇراتتى. ئوڭ قولىدىكى كامالچە تار ئۈستىگە كۈچ بىلەن بېسىلغانىدى. بېشىنى سول تەرەپكە قىيسايتىپ، سول يۈزىنى ئىسكىرىپكىغا يېقىپ تۇرۇشىدىن، ئۇنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل بىر كۈينىڭ قات-قېتىغا چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى.

كۆزۈمنى ھەر تەرەپكە تىكتىم. لېكىن، ئەمدى سېنى زادىلا كۆرەلمىدىم، جېنىم بالام. سەن ئەزەلدىن تۇرۇپ كەلگەن دۆڭدە، ياق، دۆڭدىلا ئەمەس، ھېچقانداق يەردە كۆرۈنمەيتتىڭ. مەن ئاڭلاۋاتقان كۈي بولسا بىر خىلدا داۋاملىشاتتى. ئۇ كۆكتىن تاراۋاتقاندەك، ئۈپۈقتىن يېتىپ كەلگەندەك، زېمىندىن بالقىپ چىقىۋاتقاندەك، بوستانلىقتىن ئاپىرىدە بولغاندەك سېزىلەتتى. پۈتكۈل ئالەم كۈيلەۋاتاتتى، پۈتكۈل مەۋجۇدات كۈي شەكلىدە بىرىكىپ، ئاجايىپ زور بىر ئۇرىكىستېر دۇنياسىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. ئۇلارنىڭ زامان،ماكاندىن ھالقىپ، پەرقسىز ھالەتتە بىرىككەن گەۋدىسى يېشىل كۆرۈنەتتى. يېشىل گەۋدىدىن تاراۋاتقان قەدىمي كۈيلەرمۇ يېشىل ئىدى!

تېرەك بارغانسېرى ئېگىزلەپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چىرايلىق بىر كېپىنەك تىنىمسىز ئۇچۇپ يۈرەتتى. «جەننەتكە كىرگەن قىزلار بۇ ئالەمگە كېپىنەك بولۇپ كېلىدۇ.» بۇ گەپنى بىرچاغدا ئاڭلىدىممۇ ياكى ھازىر توقۇپ چىقاردىممۇ بىلمەيمەن. ئۇنى ئۆلدى دەپ كىم دەيدۇ. ئۇ ھەممىلا يەردە بار! شۇنداق دەپ توۋلىغاندەك قىلاتتىم. بىر ئويلىسام، بۇ گەپنى يەنە ھازىرلا ئاڭلىغاندەكمۇ قىلاتتىم. دەسسەپ تۇرۇۋاتقانلىقىمغا كۆزۈم يەتمەيتتى. كىملىكىمنى ئەسلىيەلمەيتتىم. مەن ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويۇپتىمەن! قۇپقۇرۇق كاللامدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتىسمۇ، لېكىن كۆلۈشنى ئۇنتۇپ قالماپتىمەن. بۇ نەگە قىسىلىپ قالغان قانداق كۈلكىكىن-تاڭ!

ئۆزۈم ھەققىدە بۇنىڭدىن ئارتۇق ھېچنېمە دەپ بېرەلمەيتتىم. ئۇ قاش بىلەن بۇ قاش ھەممە جەھەتتە ئوپئوخشاش ئىدى: ئۆتۈپ تۇرغان كىشىلەر، مېڭىپ تۇرغان كارۋانلار، بىر-بىرىدىن كۆركەم ماشىنىلار، پات-پات ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان مۇڭلۇق ئەزان...

كۆيلەر توختىمايتتى. ئەبەدىي توختىمايدىغان بۇ كۆي ئاجايىپ مۆڭلۈك ئىدى، مەن قايغۇ ۋە خۇشاللىقلار ئارىسىدا ئازغىن بولۇتلاردەك تەمتىرەپ يۈرگەن ئاشۇ ئۇنتۇلماس كۈنلەردىمۇ دەل مۇشۇ كۆي ئاڭلانغاندەك زاھىر بولغانىدى. ئەمدى ئۇنى بۇ يەردە ئاڭلاۋاتاتتىم. جېنىم بالام، ئوماق قىزىم سائادەت، ئۇنى شۇ تاپتا بوستانلىق ساھىلدىن، بىر-بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن يېشىل مەۋجۇداتلار دۇنياسىدىن ئاڭلاۋاتاتتىم.

كۆي توختىمايتتى.

ياش ئانا چېچەن بالىسىغا ئۆزۈلدىن بىرى سۆزلەپ بېرىۋاتقان رىۋايىتىنى داۋام قىلاتتى: ئۆزۈن زامانلار ئىلگىرى بۇ يەر «مازار تېرەك» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ ناھايىتى ھەيۋەتلىك، باراقسان بىر مازار بولغانىكەن. كىشىلەر خارلىغانلىقتىن، ئۇ بارا-بارا چۆللىشىپ، ئادەم كېلەلمەيدىغان بىر جايغا ئايلىنىپ قاپتۇ. سۈيى سۇزۇك بۇ ئانا دەريانىڭ سۈيىمۇ قارىداپ بۇلغىنىپ كېتىپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، ئاخىر، بەخت بىلەن سائادەت ئىسىملىك ئىككى ئاشىق-مەشۇق باش بولۇپ بۇ يەرنى گۈللەندۈرۈپتۇ. دەريا سۈيىنى سۈزۈلدۈرۈپتۇ. ھەممە جانلارنى يايرىتىپتۇ. مۇشۇ يەرنىڭ يېشىللىقىنى مەڭگۈ ساقلاش ئۈچۈن ئۇلار يەنە ئىككى قاشتا «ئادەم تېرەك»كە ئايلىنىپتۇ. بىرىنىڭ ئىسمى «بەخت تېرەك»، يەنە بىرىنىڭ «سائادەت تېرەك» ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىنلا بۇ يەر ئاۋاتلىشىپ، بازار بولۇپ كېتىپتۇ. شەھىرىمىزنىڭ ھازىرقى «بازار تېرەك» دېگەن نامىمۇ شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە



ئاببباس مۇنىياز 1966-يىلى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئىنگىچى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1986-يىلى خوتەن ئالىي سىنىپ تېخنىكۇمىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 1-ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى.

ئاببباس مۇنىياز 1985-يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «بۈرگە» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. ئۇ «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «تەڭرىتاغ» ژۇرناللىرى بىلەن خېلى تونۇشۇپ دوست بولۇپ كەلگەن، لېكىن «تارىم» بىلەن تېخى ناتونۇش ئىدى، بۇ قېتىم ئۇ «كۆيلەر كۆزى» ناملىق يۈرۈشتى بىلەن «تارىم» سەھنىسىگە كىرىپ كەلدى.

بىز ئۇنىڭ يېڭى ئەدەبىي قەدىمىنى قارشى ئالىمىز.

---

بۇ «〈تارىم〉 ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر.

تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن

# مىسلى ئالەم بەختىم مېنىڭكى

بالا شائىر بولماقچى بولدى
بىر كىتابنى قولىغا ئېلىپ.
مىسرالاردىن تەرمەك بولدى ئىلھاملار
ئەقلىگە كىرىپ.

تاغلىرىغا چىقتى شېئىرنىڭ،
باغلىرىغا كىردى شېئىرنىڭ،
دەشتلىرىنى كەزدى شېئىرنىڭ.
بۇ سەن ئۈچۈن تۇغۇلدۇم،
مەن ئۆلمەن دەردىڭدە سېنىڭ.
بىرلا سۆز ئىدى
مەنلىرى شېئىرنىڭ.
بالا زېرىكتى
ھاردى كىتابنى ۋاراقلاپ.
مەنىسىزلىك،
دېدى-دە، ئۇ كۈلدى قاقاقلاپ.
كىتاب چۈشتى قولىدىن
قەلىمىمۇ ھەم،
ئۆز جايىدا قالدى ئۇ ئۇخلاپ.


1996-يىل، ئاپرېل

## قاقاس تاغلار

چاچماس قۇياش نۇرىنى ئوخشاش،
يۈرىكى قان، كۆزلىرىدە ياش.
ئاھ دېگەندە ئۆرلىسە يالقۇن،
ئېرىپ كېتەر باغرىدىكى تاش.

كۆزلىرىنى چاقنىتىپ ھەريان،
كۈنگەي ياقتا بەرق ئۇرار ياز.
ۋۇجۇدىنى تۇرار مۇزلىتىپ
تەسكەيلەردە تېخى قىش-ئاياز.

سېخىيلىقتا ھاتەمگە ئوخشاش
دەريالارنىڭ ئىشى ئالدىراش.



«تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

قار سۇلىرى ئاقار يىراققا،
ئاھ، بۇ تاغلار تېخىچە قاقاس.

## باھاردىكى ئارزۇ

بەئەينى سۈت كەبى ئاقاردى ئۇپۇق،
يېشىلدى كېچىنىڭ تۈگمە پەتلىسى.
يالتىرار تاغلارنىڭ بېشىدا تاجى،
قىيالار يېپىندى خوتەن ئەتلىسى.

مۇدھىش سوغ تۇماننى سۈرمەككە بۇندىن
ئويناتتى پەلەكتە قۇياش زۇلپىقار.
ئويغاتتى ئۇيقۇلۇق جانلارنى دەرھال،
قۇت بەردى، كۈچ بەردى، بەردى ئىختىيار.

ئاھ، جۇشقۇن بىر سادا بۇزدى سۈكۈنات،
جىسمىنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى تۇرتۇپ.
گوياكى ياش قىزدەك ئۇپۇققا باقتىم،
ئارزۇ ۋە ئۈمىدتە ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ.

ھەيۋەتلىك، مۇقەددەس تەڭرى تېغىنىڭ
ئاھ، مەغرۇر بېشىدا قارلار يالتىرار.
ئەسىرلەر چاقنىغان تەكلىماكانغا
جان ئاتا قىلماققا تارىم ئالدىرار.

تومۇردا دەريادەك ئۇرغۇدى قېنىم،
قۇياشقا شادلىقتا قىلدىم ئىلتىجا.
مەن كۆرەي قۇملۇقنىڭ چېچەكلىشىنى،
شىجائەت شەربىتىن قىلغىن تەنگەجا.

1996-يىل، مارت

## دادىلىما بېشىڭغا كەلسە دەرد-ئەلەم

سەن شاھسەن، شۇ مەھەل ئالەم شاد-خۇرام،
سەن ئۈچۈن قەدەھمۇ بولىدۇ تۆرە.
سەن ماتسەن، شۇ مەھەل تۆرەر يۈزىنى
ھەتتاكى قۇياشمۇ يورۇتۇپ خىرە.

ھەر دوقمۇش رەقىبىڭ ئۈچۈن بىر بازار،
شۆھرىتىڭ، نامىڭنى ساتىدۇ ئەرزان.
ھەم بەزى دوستۇڭمۇ ئۇنتۇيدۇ سېنى،
ئاھ، مۇتلەق نەرسە يوق، ئۆزگەرمەس ئىنسان.

دۈشمىنىڭ تاش ئاتسا بولمايسەن ھەيران،
ئۇنىڭدىن باشقىنى كۈتمەيسەن ھامان.
دوستۇڭنىڭ رەقىبكە بولۇپ ياخشىچاق
ساتقىنلىق قىلغىنى ھار كېلەر يامان.

ئىنسانغا ئۇدۇمدۇر يۈكەكتىن ھامان
ھەسەت ۋە رەشكلەر بەرگەن ئىمتىياز.
سەن شۆھرەت تاپقاندا رەقىب يۈتسا قان،
دوستۇڭمۇ ھەسەتتىن تولغىنار بىر ئاز.

گىدەيمە شان-شۆھرەت تاققاندا زەر تاج،
شۆھرەت ئۇ شۆكىقاردۇر كېتىدۇ قايتىپ.
دادىلىما بېشىڭغا كەلسە دەرد-ئەلەم،
پەقەت بىر ئۆزۈڭلا كەت ئۇنى تارتىپ.

1994-يىل، ئۆكتەبىر

## بارغانچە

بارغانچە كېلىشمەي قالدى ئىپىمىز،
كۆڭۈلنىڭ بېغىمۇ سۇ ئىچمەي ھامان.

بارغانچە سۆزلەشمەك كەلمەكتە بەك تەس،
ئەمەستۇر تاڭلايدا تىللارمۇ راۋان.

بارغانچە چىرايلار بولماقتا خۇنۇك،
ھەرقانچە قىلساقمۇ كۆرۈنمەس گۈزەل.
بارغانچە قۇلاققا خۇش ياقماس سۆزلەر،
دىل پەقەت تىنچلىقنى كۆردۇ ئەۋزەل.

بارغانچە مەنىسىز بولماقتا ھايات،
دۇنيادا ياشىماق كەلمەكتە بەك تەس.
ھېچكىممۇ ھېچكىمگە يول بەرمەس ھەرگىز،
دېيىشەر مەنلا ھەق، باشقىسى ئەمەس.

بارغانچە يات خۇيلار بولماقتا روشەن،
قىلىشىپ پەردازسىز ئەپتىنى ئايان.
بى ھاجەت كۆزلەرگە كۆرۈنمەك ئوبدان،
قەلبلەر سىرلىرى ئاياندۇر ھامان.

مەڭگۈدەك كۆرۈنگەن بىز باسقان قەدەم،
مەڭگۈدەك كۆرۈنگەن تىكلىگەن مۇنار.
ئاھ پىرىم ئۆمۈرنى قىپتىمىز خاراب،
ئادىشىپ بۇ يولغا كىرىپ بىز بىكار.

ئۆمۈرگۇ بىر سوئال، تېپىشماق ھايات،
ئاڭا دەل ھېچكىشى بېرەلمەس جاۋاب.
ئىككىمىز بۇ يولغا ئادىشىپ كىرگەن،
ئاھ، بولماس ئۆمۈرنى يېڭىدىن باشلاپ.

1996 - يىل

## مىسلى ئالەم بەختىم مېنىڭكى

مىسلى ئالەم بەختىم مېنىڭكى،
دىلغا ئەقىل ئالسام يۇسۇپتىن.
كائىناتقا يەتكەي تاراتسام
قەترە ئېلىپ قامۇس بىلىكتىن.

سەييارىلەر كەلگەي سالامغا،
مەقبەرىسىن يوقلاپ يىراقتىن.
ئىزلىرىنى تېرەر يۇلتۇزلار
ئېقىپ يەرگە ئىشقى پىراقتىن.

قەلبىم مېنىڭ نۇرغا كۆمۈلدى،
ھەر قۇرىدىن ئالسام ئەقىللەر.
قايىل بولۇپ ئالەم تىكىلدى،
ھەر سۆزىدىن ئالسام نەقىللەر.

## ئالەم كۈيى

ئالەم كۈيى پۈتكىنى راستمۇ
ئاددىيغىنا ئاشۇ ياغاچتىن.
پەسىللەرگە ياغدى خۇشاللىق
ئامانىسا قېشى قىيغاچتىن.

لەۋلىرىدىن گۈللەرنى تۆكۈپ،
دىل چۆلىنى ئەتتى گۈلىستان.
ئۇيغۇر قىزى قەلبى قۇياش قىز
ئەسىرلەرنىڭ قەلبىگە خاقان.

جاھان كۆركى «دېۋان نەپىس» نىڭ
بەتلىرىدىن چاقنىدى چولپان.
«ئىشرەت ئەڭگىز» قوزغاپ خۇشاللىق
يۈرەكلەرنى ئەيلىدى شادىمان.

## ئەسىرلەر كۈيى

ھەزرەت موللام تېخىنىڭ گۈزەل
بوستانىغا باغرىم سۇۋايمەن.
مەھمۇت كۆرگەن ھاي-ھاي تېرەكتىن
مەڭگۈ پۈتمەس قىسسە سورايمەن.

ئەسىر كۆركى قۇتلۇق كىتابىتىن
كۆزلىرىنى ئاچتى بەسىرلەر.
يۈرىكىمنى نۇرغا ئورايمەن،
باقسام ئاتا ئەسىر-ئەسىرلەر.

ئالەم مەندىن سۆيۈندى قالتىس
بولدۇم ئۇنىڭ شاھىت-گۇۋاھى.
مىليون يىللار بەرگەي يولىيورۇق
ئۇ ئاراتقان ھېكمەت زىياسى.

**مەتقاسىم مەتنىياز**

# چىراغ تۈۋىدىكى كۈلەڭگۈلەر

## ئۆزۈڭ ئاچ ھايات يولۇڭنى

ئۆزۈڭ تاپ، ئۆزۈڭ ئاچ ھايات يولۇڭنى،
شەيتانغا ئالدىنىپ يۈرمە چۈشەكەپ.
مەنپەئەت ۋە مەردلىك دوقمۇشلىرىدا
تەۋرىنىپ يۈرىدۇ ۋاپا دېگەن كەپ.

ئىشەنگەن قۇۋۋىتىڭ ئۇپراپ تۈگىسە،
بەس-بەسكە چۈشكەنلەر يۈرەمدۇ يۆلەپ؟
ئۈمىد ۋە ئىشەنچىڭ بولىدۇ پايمال،
شامىڭنى ئۈچۈرۈپ كېتىدۇ پۈۋلەپ.

ئۆزۈڭ تاپ، ئۆزۈڭ ئاچ ھايات يولۇڭنى،
شەرەپنى تەلمۈرمەك ماگداملىق تىلەپ.
دوست نېمە، كۆيۈمچان ئاتا-ئانائمۇ
مەنزىلدىن مەنزىلگە بارماس يېتىلەپ...

## ئارمان ئىشقىدا كۆيمىسە ئىنسان

ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ جىمى جاپا-دەرد،
لېكىن ئۇنتۇلمىدى ئەسىرلىك ئارمان.
ئۇ كۆڭۈل، كۆزۈمگە نۇر ۋە ھارارەت،
قېنىمغا جۇشقۇنلۇق، تېنىمگە دەرمان.

قاراڭغۇ تۈنلەردە بۇلۇتنى يېرىپ،
ئاي كەبى پارلىدى ئالدىمدا ھامان.
ئايغىم ئاستىدا مۇز تاغلار ئېرىپ،
سېھرىنى يوقاتتى ئېزىتقۇ تۇمان.

قورۇلۇپ قالمىدىم قوقاس دەشتلەردە،
ئۇسسۇزلۇق كەلتۈردى ئالدىمغا ئاسمان.
كىملەردۇر ۋايسىغان ئېگىز-پەسلەردە،
ئېچىلدى مەن ئۈچۈن لالىيۇ رەيھان.

بۈركۈتتەك سەزگۈرلۈك ۋە سۇبات بىلەن
مەن كەلدىم بورانلىق سەپەردە ئامان.

يول يىراق، مۈشكۈلات بەرمىسمۇ تەن،
ۋىسالىغا يەتمەكتىن يوق شۈبھە-گۇمان.

## ئەرزىمەيسەن رەنجىشكە ئەسلا

ئىچىم تولۇن، بەدىنىم پۈتۈن،
ۋاپاسىزلىق مەن كۆرگەن كۆرۈم.
نە ئەجەبكى سوراپ قويسەن:
رەنجىمە، دەپ يەنە كەچۈرۈم.

ئەرزىمەيسەن رەنجىشكە ئەسلا،
نەپرەت ئۇيۇپ قاتتى سۆگەككە.
مەسخىرىلىك كۈلمەن پەقەت،
مەيلى نازلان، مەيلى بەر دەككە.

باشتا ئېرىپ باغرىمنى تۆكتۈم،
ئىشىنىشكە يامانلىق ياندى.
شېرىن سۆزلەر، ئوتتەك ۋەدىلەر
سوۋۇپ ئۆچتى، مۇزغا ئايلاندى.

سېھرىي پەردە — خۇلق، سالاپەت،
قىلىقلىرىڭ ئەجەب كۈلكىلىك.
ئالدىنىشتىن پۈتتى تالاي بەت،
چاندى، ئەمدى ئاقماس تۈلكىلىك.

## بىر دەۋا توغرىسىدا چۆچەك

گىلەمچى مەھەللىسىگە كېلىپ قالغان بەگ
قاراپتۇ ھويلىغا سوزۇپ بوينىنى.
دەپتۇ ماۋۇمۇ تاغارچى ئىكەن،
بوياپ توقۇيدىكەن ئىپى شوينىنى.

توۋلاپتۇ دورغىغا:
تاغارچىلارنى
يىغ دېسەم، سەن ئۇنى كۆرمەي قالغانمۇ؟
گىلەمچى دەيسەنغۇ، دۇكىنى ئوخشاش،
تاغار توقۇغىنى يەنە يالغانمۇ؟!

ئۇستىنى ئوردىغا ھەيدەپ ئەكەپتۇ،
ھۈنەرنى خار قىلىش ئاتىغا ھار كەپتۇ.
بىراق بەگ:
— مەن ئۈچۈن زۆرۈرى تاغار،
بوياسمەن، گۈللەمسەن،
توقۇ تېز، دەپتۇ.

گىلەمچى نائىلاج ئىشقا چۈشۈپتۇ،
كۈنۈ تۈن مۈكچىيىپ ھەپتە ئۆتۈپتۇ.
بوز تاغار توقۇشقا بەرگەن يىپ بىلەن
تۈۋىلىق بىر قاپچاق ئاران پۈتۈپتۇ.
بەگ دەپتۇ:
— زىيانخور، تۆلە ھەممىنى!
گىلەمچى دەپتۇ ھەم:
— ئىش ھەققىم قېنى؟!

## ئۈنىڭ «ئەتقىقاتى»

ئۈنىڭدا يوق
خىزمەتكە ئىخلاس،
بىلىمگە ھەۋەس،
دوستلىرىنى چىللاپ خوتۇنى
قىزىتسۇن مەشرەپ،
ئۇينىسۇن تانسا،
خۇشى يوق ئەسلا،
نارازى ئەمەس.

قوشنىسىغا يەتسۇن ئۆلۈم خەۋپى،
يا ئۆزىگە مازاق،
ئاھانەت،
مەيلى باسسۇن يۇرتنى ئاپەت،
ئۇلارنى ئويلاشقا يوقتۇر چولىسى،
ھېچقايسىسىدىن ئەسلا غەم يېمەس.
بىراق بىرلىگەن ئۇ
بىرلا كەسپكە،
« تەتقىقات » بىلەن ئاتىلار ئاتىدۇ،
كۆرۈچ تىققاندەك گويا ھېسپكە
ھەرخىل ھۆكۈملەرگە تولۇپ چىڭقىلىپ،
يول ئۈستىدىمۇ بېشى قاتىدۇ.

كامارىدىن چىقماس مۇشۇكيا پىلاق
كۆرمىگەندەك كۈننى-يورۇقنى
ئىزدەپ ئاۋارە
نۇرلۇق قەلبلەردىن
قاراڭغۇلۇقنى،
شۇملۇقنى.

ئۇ، غەيۋەتخورلاردەك
ئەيىب ئىزلىمەيدۇ.
كىيىمىگىدىن،
سىياقىگىدىن،
چىچىگىدىن.
بىراق « تەتقىق » قىلىپ تاپماق بولىدۇ
ئىشىگىدا يوق پۇرچاقنى
سىنىك ئىچىگىدىن...

## چەمبىرەك

1

ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر تالاي گەۋدە
تېپىرلاپ يۈرىدۇ جاغ-دۇمباق چېلىپ.
ئەنە، نەچچىسى ئېگىشتى تەگلا
قولىنى سوزۇپ
ئوينىماقچىدەك
ئالقانغا ئېلىپ.
بىكار ئەمەس ئۇ
ئىما-ئىشارەت،
كۆز قىسىشلار،
قولاق يېقىشلار؛
خىرىس قىلماقتا ئەنە
غەلىتە ھېڭگىيىپ
تاماكا ئىسىدا قارايغان چىشلار.

2

رەتكە تىزىلىپ،
بەس تالىشىپ،
يۈرۈشكەن يۈزلەر
بىلمەسەن گوياكى سېپىلدەك قىلىن،
« ئىززەت-ھۆرمەت » تۇغ-ئەلەملىرى
لەپىلدەپ ھەيۋەت،
يولتىماس ئۇنى ساپ ھاۋاغا يېقىن.
ماختىنىش سادالىرى توپتەك گۈمبۈرلەپ
تارقىتار ئەتراپقا تۇمانۇ تۈتەك،
كۆنلەر ئۆتەر،

ئىنتىلىپ باقار،
بىراق يەنە شۇ قورشاۋ،
ئاشۇ چەمبىرەك.

3

چەمبىرەكتە
ئالماس ئىرادىسى مومدەك مىجىلىپ،
باغلىقلىق چۈشكۈن پاراغەت،
تەسلىم بولدى يۈرتتىن ياتلىشىپ،
توقال بولدى نەپسى شەيتانغا،
ساختىلارنىڭ يانچۇقىغا،
كىرىپ كەتتى ئاستا قاتلىشىپ.
خالىغانچە خەجلىدى ئۇنى
گاھى تارتىشىپ
گاھى پاتلىشىپ...

## « ئادەم »نىڭ مەنىسى نىمە؟

سۆز بېسىپ ئولتۇرار ئويۇن-كۈلكىدە،
ھەر سۆزگە ئەندىكىپ جىددىي قارايدۇ.
گەر تالاش باشلانسا ئىلىم ھەققىدە،
ئويلايدۇ: تالاشتىن ئۆچلۈك تارايدۇ.
ۋەزىيەت-ئىقىمغا يۆتكەلسە پاراڭ،
پاراڭنى غەرەزگە چېتىپ باقىدۇ.
بىچارە كاللىسى بولىدۇ گاراڭ،
ۋەسۋەسە ئىچىدە چايان چاقىدۇ.

زېرىكىپ گاھىدا كۆرەمدۇ كىتاب؟!
بىھۇدە خىيالدا بولماي تۇرۇڭ، ياق.
ئۆزىگە ئاۋازسىز قىلىدۇ خىتاب:
كىتابتىن چىقىدۇ كۆپىنچە چاتاق!

تىلىنى چاينايدۇ تارتساڭ گۇۋاھقا،
قورقىدۇ بىرىنىڭ ھومىيىشىدىن.
ئانىسى كەتسىمۇ ناھەق جازاغا،
سۆزلەتمەس « ئېھتىيات » تارتىپ پېشىدىن.

باشلىقنىڭ سۆزىنى قوللىرى تىترەپ،
كۆچۈرۈپ يادلايدۇ، بولماڭ توسالغۇ.
يەتكۈزەر قۇرمۇ قۇر تەرلەپ-تەمتىرەپ،
دېيىشەر خەق ئۇنى « بۇزۇق ئۈنئالغۇ.»

ئارمانى-شادلىقى، قايغۇ-نەپرىتى،
نېمىكىن، ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ بەلكىم.
مېھرىبان كۆڭۈلنىڭ ئىللىق رىغبىتى
ياقمايدۇ ئۇنىڭغا، ياقمايدۇ ھېچكىم.

ئۆمرىنىڭ تەمى يوق چاينىغاندەك قوم،
مىدىرلاپ يۈرىدۇ تېرىگە تولۇپ.
ئىنسانىي تەپەككۇر، تۇيغۇدىن مەھرۇم،
ئۇ سىرلىق مىجەزمۇ يا تىلسىم قولۇپ.

كۆرۈپ شۇ سۈرەتنى قانداق ئويلىدىڭ،
ياق شۇنى « سالماق » ۋە « ئېھتىيات » دېمە.
راست شۇنداق بولسا گەر تەبىرى ئۇنىڭ،
بىلمىدىم « ئادەم » نىڭ مەنىسى نىمە؟

مۇتئەللا ئىبراھىم

# ئاقىن، قىران دەرياسى

ئاق قىران دەرياسى ئاقىن توختىماي، ئىقىشتىن تىرىكلىك جۇش ئۇرۇپ مەڭگۈ،
ئىقىشتىن يارالدىڭ، ئىقىپ ياشايسەن. ياش پېتى شوخ قانات قېقىپ ياشايسەن.

ياشايسەن يولۇڭدا تەشنا زېمىننى
ئۆزۈلمەي، يۆتكەلمەي ئېقىپ قاندۇرۇپ.
ئاقسەن ھاياتلىق چىراغلىرىنى
ئوت ئەمەس سۇ بىلەن يېقىپ ياندۇرۇپ.

بىر ئەمەس مىڭ بىر تۈن كەلسۇن غەپلەتلىك،
ئاقسەن ناخشاڭنى ياڭرىتىپ ئويغاق.
مۇز قاپقاق تاشلىغان قىشمۇ ئالدىڭدا
توغىدۇ باھارنى، يەپ ھامان تولغاق.

سەن ئېقىپ تاش ياردى سايلاردا گىياھ،
ئاچتى گۈل، چاچتى ھەم خۇش بۇي زىيالار.
بۇركۈتلەر كۆڭلىنى قىلدى مەھلىيا
تىك تۇرۇپ بەرداشلىق بەرگەن قىيالار.

ھاياتلىق سۆيىدۇر سەندە ئاققىنى،
تارايسەن مىڭ دەريا مۇھەببەت بولۇپ.

شاخ ئېگىپ بويۇڭدا ئەنجۈر، ئانارلار،
يېتىدۇ ۋايىغا شەربەتكە تولۇپ.

ئەگەر تاغ كۆكسىدىن چىققان فونتانلار
سەندىكى بىھېساب خىسلەتنىڭ بىرى.
مىڭ يىللاپ ياشىغان سۆگەتلىكلىرىڭ
جەڭگىلىرىڭ، غەلبەڭنىڭ جانلىق تەسۋىرى.

ئاز ئەمەس ھەققىڭدە پۈتۈلگەن پۈتۈك،
تەبىئەت ئۆز خېتى-ئىملاسى بىلەن.
بەتمۇ بەت باسقان ھەم ئۆچمەس مۆھۈرنى
ئەسىرلەر ئۆز قولى-ئىمزاسى بىلەن.

ئاق قىران دەرياسى، ئاققىن توختىماي،
ئاندەك يېقىملىق، ھاياتبەخش سەن.
ئاق مەڭگۈ ئۈلگىسىپ، كۆتۈرۈپ قىيان،
مىڭلىغان دىللاردا ئۆچمەس نەقىش سەن.

**مۇسا ئەھەد**

## ئۆزۈك تىنىقلار

### 1

سۆيگۈك كەلسە سۆيۈپ مەيلى،
كۈندۈزۈڭنى يەپ كەتكۈچە تۈن.
مېنىڭ چاڭقاق روھىم چۆللىرى
يۇمشاق، بۇدۇرۇق ئالقانلىرىڭنىڭ
ئەركى ئۈچۈن تەسەددۇق پۈتۈن.
چاچلىرىمنى ئەيلەپ بىر دېڭىز
دولقۇنىغا بولساڭ گەر كاراب،
كۆكسۈمدىكى پىنھان ھاڭلىرىم
پاك جىسمىڭنى كېتەرمۇ يالماپ.
بولۇپ يالقۇن ئۇچقۇنۇڭدىن تەن
كۆيسە تامام سۆيگۈڭ تۈپەيلى،
ئىچ ئاغرىتما ۋە چەكمە ئازاب.
بۇلۇت توسقان ئېيىڭدىن ئەۋزەل
قۇياش سۇنغان بىر دەستە ئاپتاپ.

2

ئۈتۈپ يىللار قايتسا گەر رايىڭ،
ئىچ سىرىڭنى تۆككىن بىمالال،
ئەمما ئۇنسىز يۈرىمگىن بۇتناپ.
باھار تەزگەن مۇزدەك ھۇجرىمىز
يۈرىكىمنى كەتمىسۇن تاتلاپ.
قونارمىكىن دەپ بىر كۈن ھۇما
تەقدىرىڭگە ئىچىپ يۈرمە پال.
مېھىر ئۈكسۇپ قالغان دىل گويا
تۇرار مۇڭلۇق چۆلدەك مۇڭسىراپ.
يۇمران، نازۇك ئۇششۇگەن گۈللەر
ئىسسارمىكىن ئايازدەك سۆزۈن
ۋۇجۇدۇڭغا جىسمىڭنى قاقلاپ؟

3

ئاق لەيلىدەك ئاي سەپكەن زىيا
تۇرار قاقشال شاخلاردا تىترەپ.
ھاڭدەك تىمتاس ئۇيۇتچان ھېسلار
بولۇپ قاپتۇ بۈگۈن شاش ئەجەب.
شەپىسىزلا چىقىپ ھۇجرامدىن،
يۈرىكىمنى ئاستا قولتۇقلاپ،
ھۆرلىقادەك بىر لىۋەن قىزنىڭ
كۆكرىكىدە ياتقانمۇ تۈنەپ؟
ئاھ، ئەسەبىي يوچۇن بىر تىترەك
ۋۇجۇدۇمغا چىرماشتى قاچان؟
كۆرۈندۇ پەرى بوپ ئېچۈن
تۈننىڭ ئۇزۇن دوقمۇشلىرىدا
جىلۋىسى يوق چېقىر كۆز جۇۋان؟

4

مازاق قىلما شائىرلىقىمنى،
كۆيلىرىدە سەن بار، قىزلار بار.
تۇرتۇپ ئاستا ئىزتىراپىڭنى،
يۈرىكىڭگە چەككەن ئىزلار بار.
قىز ياراتماق ئۈچۈن دۇنيانى،
قىز دەپ ئۆتەر دۇنيادىن شائىر.
گۈللەر ئېچىپ قىزلار خۇلقىدىن،
ئۆز ھەيكىلىن تىكلەيدۇ ئاخىر.

ئەركىن روزى

# يۈرەك دېگەن...

يۈرەك دېگەن تۈگمەس ناخشا،
يۈرەك دېگەن گۈزەل ئەسلىمە.
يۈرەك دېگەن مۇستەھكەم قەلئە،
يۈرىكىمنى ئۆتمەن دېمە.

يۈرەك دېگەن قۇرۇماس بۇلاق،
يۈرەك دېگەن يانار تاغ گويا.
يۈرىكىمنى ئۆتمەن دېمە،
يۈرەك دېگەك شۇنداق بىر دۇنيا.

# يېڭى رومانلىرىدىن تاللانما

مەتىمىن ھوشۇر

كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى مەتىمىن ھوشۇرنىڭ تۇنجى رومانى «قۇم باسقان شەھەر» يېقىندا شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنماقچى. روماندا يېقىنقى زامان تارىخىمىزنىڭ قىزغارلىق تېمىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېتىبارنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ژۇرنىلىمىزدا رومانىدىن پارچە بەردۇق.

— مۇھەررىردىن

# قۇم باسقان شەھەر

(رومانىدىن پارچە)

قاغىلىق باغدىن كۆتۈرۈلگەن يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرۋازا ئالدىدىكى قاراۋۇللار تېڭىرقاپ قېلىشتى.

— ھوي، ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى بۇ ئاۋازنى دەسلەپتە ئاڭلىغان قاراۋۇل.

— نېمىنى؟

— يىغىنى، باغ ئىچىدىن يىغا ئاڭلىنىۋاتىدۇ.

لەشكەرلەر باغ ئىچىدە بىرەر ھادىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى پەملەشتى-دە، ئاقساقالنىڭ ئائىلىسىگە نەرسە-كېرەك ئەكىرىپ بېرىدىغان كېكەچنى چاقىرىشتى. كىچىك ئىشىكنى شاراقلىتىپ ئېچىپ، نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىپ چىقىش ئۈچۈن، ئۇنى باغ ئىچىگە كىرگۈزۈشتى. كېكەچ ھايال بولمايلا قايتىپ چىقتى-دە، چىرايلىرىنى قايغۇلۇق تۈسكە كىرگۈزۈپ بىر نېمىلەرنى دەپ شەرەتلەپ، لەشكەرلەرگە ئاقساقالنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شەھەرنىڭ چېتىدىكى بۇ تاشلاندۇق باغنى كۆزەت قىلىشتىن جاق تويغان لەشكەرلەر جانلىنىپ كېتىشتى. بىرنەچچىسى بۇ خەۋەرنى ئوردىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىراپ ئات سېلىشتى. لېكىن، ئۇلار ئوردىدىن جاۋاب ئالالماي، ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا يېرىم كۈن ساقلاشتى.

ئۇردا دەرۋازىسى ئالدىغا قاتمۇ قات قاراۋۇللار قويۇلغانىدى. ئۇردا ئىچى پاتپاراق ئىدى. ئۇ يەردىن ئاتلىقلار دۈپۈرلەپ چىقىپ قاياقلارغىدۇر غايىب بولۇشاتتى، يەنە قەيەرلەردىندۇر ئات سىلىپ يېتىپ كەلگەن ئەمەلدارلار ئالدىراپ ئۇردا ئىچىگە قاراپ مېڭىشاتتى. ئۇردا قەتل قىلىنغان شاھنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش؛ سىرتتىكىلەر ئۇردا ئىچىدە زادى نېمە ۋەقە بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. چۈشتىن كېيىن ئۇردىدىن بىر ئەمەلدار چىقىپ قاغىلىق باغدىن كەلگەن لەشكەرلەرگە:

— ئاقساقال ئۆلگەن بولسا ئۆلگەن بويىچە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئۆلۈم ئىشلىرى كېيىن بېجىرىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

يانتاق ئاقساقالنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىنى باغ ئىچىگە دەپنە قىلىشتى. كۆز باغلىنىپ قالغانىدى. ئۆمەر بىلەن بارات قىسقىلا خەتمە قۇرئان قىلىپ دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن، ھېلىقى جىگدە تۈۋىدىن دادىسى ئېيتقان نەرسىنى ئىزدەشكە باشلىدى. كۆپ كولىمايلا ئۆمەرنىڭ قولىغا بىر تېرە خالتا چىقتى.

— ئاتام بۇ خالتىنى تېخى يېقىندىلا كۆمگەن بولسا كېرەك، — دېدى ئۆمەر.

— قانداق بىلدىڭ؟ — دېدى ئاكىسىنىڭ بېشىدا دۈۋەيلەپ قاراپ تۇرغان بارات.

— قارىمامسەن، بۇ يەردىكى توپا تېخى بوشلا تۇرىدۇ.

— خالتىمۇ، نېمە ئۇ؟

— ھە، تېرە خالتا.

— ئىچىدە نېمە باركەن؟

— ھازىر كۆرىسەن.

كىچىك سەپەر نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئاكىلىرىنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرەتتى. ئۆمەر بىلەن بارات خىرە كۆيۈپ تۇرغان چىراغنىڭ يېنىدا خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى پارقىراپ تۇرغان ئالتۇنلارنى كۆردى-دە، خالتىنىڭ ئاغزىنى دەرھال ئېتىشتى.

— ئەمدى بۇ لەنىتى باغدىن دەرھال يوقىلىش كېرەك، — دېدى بارات.

— ئۆپكەڭنى سەل-پەل بېسىۋالغىنا! — دېدى ئۆمەر، — ئاتام بىز قېچىپ چىقىپ كېتىدىغان يەرنىڭ گېپىنى قىلىۋىدىغۇ؟!

— مەن ئۇ يەرنى كۈندۈزى كۆرۈپ قويغان.

شۇ كېچىسى، لەشكەرلەر باغنىڭ ئەتراپىنى كۆزەت قىلىشنى قويۇپ چوڭ دەرۋازا ئالدىغا يىغىلىۋېلىشقانىدى. باغنىڭ ئىچىدىكى چوڭ جىنايەتچى ئۆلدى، ئەمدى ئۆلگەن ئادەمنىڭ قېچىپ چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوقتە! ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراۋۇللار باشلىقى ئۇردىدىن دەپنە ئىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئۇبدانراق ئۇقۇپ بېقىشنى باھانە قىلىپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىگەنىدى. قاراۋۇللار ئەمدى ئۆزىنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كېتىشتى. ئۇزۇن ۋاقىت بۇ لەنەت تەگكەن جىندىخانىنى

(قاراۋۇللار قاغىلىق باغنى شۇنداق ئاتىشاتتى.) كۆزەت قىلىپ زېرىككەن لەشكەرلەر ئەمدى بۇ ئىشتىن ئازاد بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ خۇشال ئىدى. چۈنكى، بۇ يەردە ئۇلارغا قىلچە پايدا يوق ئىدى. شەھەرنىڭ باشقىراق بىر ئەپلىك جايىدا بولغاندا ئۇلار ئاللىقانداق بىر باھانىلەرنى تېپىپ چىقىپ، يولدىن ئۆتكەن دېھقانلار، كاسىپلار، سودىگەرلەردىن خېلى بىر نېمىلەرنى ئۇندۇرۇۋالايتتى. يەنە كېلىپ شەھەر ئىچىدە ئىشرەتخانىلار تولۇپ-تېشىپ تۇراتتى. ئۇ يەردە خالىغانچە ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغىلى بولاتتى. بۇ لەنەت تەگكەن جىن ئۇۋىسىنىڭ ئەتراپىدا بولسا كېچىچە قاغىلارنىڭ قاقىلداشلىرى، ھوقۇشلارنىڭ ۋەھىمىلىك ھۇۋلاشلىرىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. بۇ يەردە ئۇزۇن، ۋاقىت كۆزەتتە تۇرۇپ، زېرىكىپ ساراڭ بولاي دېگەن قاراۋۇللار شۇ تاپتا بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ قەيەرلەردە ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلىقى توغرىسىدا قىزغىن پەرەزگە چۈشۈپ كەتتى.

— ھەي، ھەي، ئاۋۇ بىر يىللىرى مەن شەھەر كوچىلىرىنى كېچىدە كۆزەت قىلىشقا چىقىپ ئوبدانلا تىرىلىپ قالغانىدىم، — دېدى بىر لەشكەر.

— ئۇنىڭدا قانداق تاپاۋەت قىلغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ياشراق بىر لەشكەر.

— قانداق دېسەڭلار، كېچىدە ماڭغان ھەرقانداق ئادەمنى توسۇپ «نېمىدەپ كېچىدە يول يۈرىسەن؟ شاھىمىزنىڭ يېڭى پەرمانىدىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟» دەپ بىر-ئىككى پوپوزا قىلىسەن-دە، يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ قۇرۇقداپ قويىسەن.

— ئەڭ ياخشى ئوقەت شۇ! — دەپ تەستىقلىدى ئىككىنچى بىر لەشكەر، — كوچىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، بەزىدە قىمار بولۇۋاتقان سورۇنلارنىڭ تۆپىگىلا چۈشىسەن، قىمارۋازلار ئىشتىنىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي قاچىدۇ. تاۋاكادىكى پۇلنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولىدۇ.

— ئۇنىمۇ دەيسىلەر، بۇنىمۇ دەيسىلەر، — دېدى يەنە بىرى، — مەن سىلەرگە ئېيتسام، ئىشنىڭ ھوزۇرى نەق پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئىچىدە قاراۋۇللۇق قىلىشمىكىن دەيمەن.

— شاھنىڭ ئوردىسىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرۇپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن! — دېدى قېرى بىر لەشكەر، — ئۇ يەردە ساڭا تىرناقچىلىكمۇ ئەركىنلىك بولمايدۇ. ياغاچتەك قېتىپ تۇرماقتىن باشقا گەپ يوق.

— سەن نېمىنى بىلىسەن، — دەپ قارشى چىقتى قېرىنىڭ سۆزىگە ھېلىقى لەشكەر، — مانا مەن ئۇ يەردە تۇرۇپ كۆرگەن. قىزىقچىلىقنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە. بىر قېتىم بىر شاھزادە زىياپەت بولۇۋاتقان ئۆيلەرنىڭ بىرىدىن مەست دەلدەڭشىپ چىقىپ كەلدى. تۈن يېرىمىدىن ئاشقان ۋاقىت ئىدى. شاھزادە مېنى چاقىرىپ: «مېنى ئاۋۇ تەرەپكە يەتكۈزۈپ قوي!» دەپ شاھنىڭ كېنىزەكلىرى تۇرىدىغان باغ تەرەپنى كۆرسەتتى.

قورقۇپ كەتتىم. شاھنىڭ كېنىزەكلىرى تۇرىدىغان باغقا قالايمىقان يېقىنلىشىشقا بولمايتتى. شاھزادە، سىلى مەست بولۇپ قاپتىلا. ھۇجرىلىرىغا يەتكۈزۈپ قوياي. دېدىم. «جىنىڭدىن تويدۇڭمۇ، قانداق؟!» دەپ بىر ئالىيۋىدى، ئىلاجسىز ئۇنى يۆلەپ ماڭدىم.

باغنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان ئىككى قاراۋۇل بىزنى ئۈنچۈقماي ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئىشىكنى ئاچقان يەنە بىر لەشكەر بىزنى باشلاپ ماڭدى. بايا ئۇ شاھزادىنىڭ قايسى كېنىزەك بىلەن باردى-كەلدىسى بارلىقىنى بىلىدىكەن. بىر كۆلنى ئايلىنىپ ئۆتتۇق. بىر تاش پەلەمپەيدىن چىقتۇق، يەنە بىر ئەگمە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ يەنە بىر تاش پەلەمپەيدىن چۈشتۇق. بىزنى باشلاپ كېتىۋاتقان لەشكەر: ئەنە ئاۋۇ ئۆيگە ئەكىر!— دېدى-دە، ئارقىسىغا يېنىپ كەتتى.

قارىسام، ئالدىمىزدىكى گۈللۈك ئىچىدە بىر ئىمارەت تۇرۇپتۇ. ئىشىكنى بىر كېنىزەك ئاچتى. ھېلىقى كېنىزەكنىڭ چىرايلىقلىقىنى دېمەمسىلەر. ئۇزۇن بىر زالغا كىرىپ قالدۇق. زالنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىشىكلەر مەھكەم يېپىقلىق تۇرۇپتۇ. كېنىزەك بىزنى زالنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر ئۆيگە باشلىدى، بۇ ئۆيدىكى جابدۇقلارنىڭ ئېسىللىقىنى ئېيتايمۇ؟ ئىچكىرىكى ئۆيدىن يەنە بىر كېنىزەك چىقىپ شاھزادىنى قولۇمدىن ئالدى. شاھزادىنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان كېنىزىكى شۇ ئوخشايدۇ.

— ئۇ تېخىمۇ چىرايلىق بولسا كېرەك؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى ياش لەشكەر.

— راستىنى ئېيتسام، ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالمىدىم. ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان خۇش پۇراق بىلەن ئۇنىڭ شىپىرلاپ مېڭىشلىرى مېنىڭ ئەس-ھوشۇمنى ئالغانىدى. تېخىمۇ قىزىق ئىش ئۇ يەردىن قايتىپ چىقىۋاتقىنىمدا بولدى. شاھزادىنى شۇ يەرگە قويۇپ قايتىپ چىقتۇق، بىزگە دەسلەپتە ئىشىك ئېچىپ بەرگەن ھېلىقى كېنىزەك مېنى ئۇزىتىپ قويماقچى بولۇپ يەنە زال بىلەن ئېلىپ ماڭدى. تاشقىرىقى ئىشىككە يېقىنلاشقان ۋاقتىمىزدا ئۇ مېنى بىرلا تارتىپ ياندىكى بىر ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. نېمە بولغانلىقىنى بىلمەي قالدىم. ئىشىكنى گۈپپىدە ياپتى-دە، ئۈستىدىكى كىيىملىرىنى سېلىۋەتتى.

ھەي، سەن نېمە قىلىۋاتىسەن؟ دەپ قورققىنىمدىن جالاقلاپ تىترەپ كەتتىم. «كەل، بىر كۆڭۈل ئېچىۋال» مېنى كارىۋات تەرەپكە تارتتى ئۇ. چىملىدىق تارتىلغان كارىۋاتتا ئورۇن سېلىقلىق تۇرۇپتۇ. بايا ئۇ مۇشۇ يەردىن قوپۇپ چىقىپ بىزگە ئىشىك ئېچىپ بەرگەن ئوخشايدۇ.

قوي، مۇنداق قىلما، بېشىم كېتىدۇ، دەپ يالۋۇردۇم. ھېلىقى يالغۇزلۇقتا زېرىكىپ ئۆلەي دېگەن كېنىزەك ئوخشايدۇ، گېپىمنى ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس. «گېپىمگە كىرمىسەڭ ماڭا چېقىلدى دەپلا تۆھمەت قىلىمەن، بالاغا شۇ چاغدا قالىسەن. بول، ئىشنى چاققانراق پۈتتۈرۈپ يولۇڭغا ماڭ!» دېدى.

ئىلاجىم يوق. جالاقلاپ تىترەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىدا بىردەم ياتتىم-دە، قايتىپ چىقتىم.

— تازا مەززە قىلىپسەن دە؟ — دەپ سورىدى لەشكەرلەر قىزىقىپ.

— قورققىنىمدىن نېمە لەززەت بولغىنىنىمۇ بىلمەيتىمەن. ھازىر ئويلىسام ھوزۇرلىنىپ كېتىمەن.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دېدى بىر لەشكەر، — بىغەملەر شەھىرى دېگەن يەرگە بارغان لەشكەرلەر ناھايىتى بېيىپ كېتىپتۇدەككۇ؟ ئۇ يەردىمۇ چىرايلىق خوتۇنلار شۇنچە كۆپ دەيدۇ.

— بىز مۇشۇ باغدا ساقلاپ ياتقان جىنايەتچى ئەسلى شۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئىمىش.

— بۇ گەپچە، ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنى بىز بۇ يەردە كۆزەت قىلىپ يېتىپتىمىز. پايدىنى باشقا غوجاملار ئاپتۇ-دە!؟

— ئوردىغا ئۇ يەردىن ئولجا ئېلىنغان ماللارنى ئارتقان كارۋانلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتىدۇ، دەيدۇ.

— ئوردىدىكى ئەمەلدارلارنىڭمۇ ئەمىلىنى ئۆستۈرگۈدەك...

— ھە راست، سىلەرگە ئېيتىمەن دەپ ئۇنتۇپتىمەن، — دېدى ئەتىگەن ياتاق ئاقساقالنىڭ ئۆلۈمىنى ئوردىغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن بارغان قاراۋۇللارنىڭ بىرى، — ئوردىدا بىرەر ئەھۋال بولدىمۇ، قانداق؟ ئوردا ئىچى ناھايىتى پاتىپاراق كۆرۈنىدىغۇ. سىز چىمەنمۇ، ئىشلارغا سەھەر پەسكىنى قاتۇرمالا... دېمەي ھېلىقى قېرى قاراۋۇل، — ئوردا دېگەندە ھەر كۈنى خىلمۇ خىل ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ پارىڭىنى قىلىشايلى...

بىر ھەپتىدىن كېيىن ياتاق ئاقساقالنىڭ ئۆلۈم ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئوردىدىن ئەمەلدار چىقتى. دەرۋازىنى ئېچىپ باغقا كىرىپ ھەممە ھەيران بولۇشتى. باغنىڭ ئىچى گۆردەك جىمجىت بولۇپ، ئوچاقلارنىڭ كۈلى ئاللىبۇرۇن سوۋۇپ كەتكەنىدى. باغ ئىچىدە نە ئاقساقالنىڭ، نە ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. قاراۋۇللارنىڭ ۋارقىراشلىرىغا ھۆپۈپنىڭ سايراشلىرى، قۇرۇغان شاخ ئۈستىدە ئولتۇرغان پاختەكلەرنىڭ گۈكۈلداشلىرى جاۋاب بولدى. قاراۋۇللار تۆت تەرەپكە تاراپ، بۇلۇڭ-پۇشقاقلارغىچە قويماي ئىزدەپ باغنىڭ ئىچىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئاقساقال ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى قانات ياساپ ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەندەكلا غايىب بولغانىدى.

— بۇ نېمە گەپ؟ — دېدى ياڭاق دەرىخى يېنىدىكى تام تۆشۈكىنى كۆرگەن ئەمەلدار.

— بۇ، بۇ... — دەپ دۇدۇقلىدى نەچچە كۈندىن بېرى تامنىڭ شۇ تەرىپىنى كۆزەت قىلغان قاراۋۇل، — مەن بۇ يەردىن نەچچە ئۆتكەن. بۇ تۆشۈكنى تېخى باغقا سۇ كىرىدىغان سۇغۇچمىكىن، دەپتىكەنمەن.

قارىس قىلىپ تەگكەن بىر كاچات بىلەن ھېلىقى قاراۋۇل ئارقىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى،

— هوي نان يېمەسلەر، سەنلەر بۇ يەردە ئۇخلاپ يېتىشپسەن. ئۇلار تامنى تېشىپ قېچىپتۇ... قېچىپتۇ؟ — دەپ ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويۇپ ئويلىنىپ قالدى ئەمەلدار — باشقىلارغۇ تام تېشىپ قېچىپ چىقىپ كەتسۇن، ئاقساقالنىڭ ئۆلۈكمۇ بىللە قېچىپ چىقىپ كېتەمدۇ؟ سىلەر ئاقساقالنى ئۆلدى دەپ مەلۇم قىلغان ئەمەسمىدىڭلار؟!

— توغرا، ئۇ ئۆلگە ندى.

— ئۆلگەن بولسا ئۇنىڭ ئۆلۈكى قېنى؟ زادى ئۇنىڭ ئۆلگىننىنى كىم كۆرگەن؟ سەن كۆرگە نمۇ؟

ئەمەلدار قاراۋۇللار باشلىقىغا تىكىلدى.

— بىزدە باغقا كىرىش هوقۇقى يوق ئىدى، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى قاراۋۇللار باشلىقى، — شۇ كۈنى ئەتىگەندە باغ ئىچىدە يىغا-زارى ئاۋازى ئاڭلاندى. بىز نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن خاس خادىمنى كىرگۈزدۇق. باغقا كىرىپ-چىقىش هوقۇقى ئارىمىزدا شۇنىڭغىلا بېرىلگەن. ئۇ بىزگە ئاقساقالنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتتى. بىز بۇ خەۋەرنى قائىدە بويىچە دەرهال ئوردىغا يەتكۈزدۇق.

بۇ گەپ بىلەن ھېلىقى بىچارە كېكەچ بالاغا قالدى. ئەمەلدار كېكەچنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ سىلكىشتۈرۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئېيتە، زادى سەن ئاقساقالنىڭ ئۆلگىننىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگە نمۇ؟ ئۇ نېمە بولۇپ ئۆلگە نىكەن؟ قانداق ئۆلۈپتۇ؟ سەن كىرگەندە ئۇنىڭ بالىلىرى نېمە قىلىۋاتقانىكەن؟

كېكەچ كانىيىدىن چۈشىنىكسىز ئاۋۇشلارنى چىقىرىپ، نېمىلەرنىدۇر شەرەتلىگىنىچە تېپىرلاپ كەتتى.

— بۇ نېمە دەيدۇ؟ — دەپ ئەتراپقا قارىدى ھېچنېمە چۈشەنمىگەن ئەمەلدار.

— ئۇنىڭ ئۆلگىننىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگە نمەن دەيدۇ.

— بەلكىم ئۇ شۇ چاغدا يالغاندىن ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالغاندۇ. ئۇلارنى قەيەردىن بولسۇن ئىزدەپ تېپىڭلار!

شۇنىڭ بىلەن شەهەر دەرۋازىسى، شەهەر ئەتراپى، شەهەر كوچىلىرىدا جىددىي ئاختۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. قاراۋۇللار، يوقراچە ياسانغان جاسۇسلار قانداقتۇر بىر چايخانا، ئاشخانىلارنىڭ ئوتتۇن-ياغاچ قويىدىغان ئۆيلىرى، سودىگەرلەرنىڭ ئامبارلىرىغا ئۇسۇپلا كىرىشەتتى. يولدىن ئۆتكەن گۇمانلىق ئادەملەرنى توختىتىۋېلىپ چىرايلىرىغا سەپسېلىشاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ياڭاق ئاقساقال ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ چىرايىنىمۇ كۆرۈشمىگەن ئىدى. ئۆلۈپ كەتكەن ياڭاق ئاقساقال ئۇلارنىڭ ئالدىغا دۇقۇرۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ھېچقايسىسى تونۇمىغان بولاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار قارىغۇلارچە ئاختۇرۇشاتتى. ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ھەر تەرەپكە چاپاتتى... بۇ چاغدا ياڭاق ئاقساقالنىڭ ئوغۇللىرى يىراقتىكى بىر يولدا ئالدىراش كېتىپ بارماقتا ئىدى.

## توقسەن توققۇز تىللا

يانتاق ئاقساقالنىڭ باللىرى قاغىلىق باغدىن قېچىپ چىققان كۈنى كېچىسى شەھەرنىڭ بىر بۇلۇڭىدا دەككە-دۈككە ئىچىدە تاڭ ئاتقۇزدى. تاڭ يورۇپ، شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلىشى بىلەنلا ئۇلار قانداقتۇر بىر كارۋانلار توپىغا قېتىلىپ شەھەر دەرۋازىسىدىن ئامان-ئېسەن چىقىۋالدى. يېنىك بىر تىنىشىپ، ئارقا-كەينىگە قارىماي جېدەللەپ يول باستى. شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئۇلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ سالىدىغان ياساۋۇللار ئايپالتا، قىلىچ، گۇرزىلىرىنى تۇتقىنىچە بارغانسېرى يىراقتا قالماقتا ئىدى. شەھەر دەرۋازىسىدىن باشلىنىپ ھەر تەرەپكە قاراپ سوزۇلۇپ كەتكەن تاشيول ئۇلارغا ئەركىنلىك ۋەدە قىلىپ يېيىلىپ ياتاتتى. سەھەرنىڭ سالقىنىدا قۇشلار كۆكۈللۈك چۇرۇقلىشاتتى.

شەھەردىن چىققان يولۇچىلار شۇ يوللار بىلەن ھەرتەرەپكە قاراپ تاراپ كېتەتتى. يەنە شۇ يوللار بىلەن دېھقانلار، كاسىپلار، ئوتۇنچىلار شەھەرگە قاراپ ئالدىراپ ئېقىشاتتى.

ئاكا-ئۇكىلار ئەركىنلىكنىڭ ئۆزلىرىگە تولۇق قايتىپ كەلگەنلىكىگە ھازىرچە جەزم قىلىشالمايتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چىققان لەشكەرلەر ھېلىلا ئۇلارغا يېتىشىپ كېلىپ ئۇلارنى تۇتۇپ كېتىشى، ئەڭ قاتتىق جازالار بىلەن جازالاپ، قاراڭغۇ زىندانلارغا بەنت قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئۇلار دەسلەپكى بىرقانچە كۈن ئىچىدە توختىماي، كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك ئالدىراش يول بېسىشتى. يىگىتلەرنىڭ بىرى سەپەرى ھاپاش قىلىۋالغانىدى. يەنە بىرى قوينىغا تىللا قاچىلانغان خالتىنى سېلىپ، مۈرىسىگە ئوزۇق-تۈلۈك تۈگۈنچەكنى ئارتىپ كېتىپ باراتتى. ئۇلار ئاچا يوللارغا كەلگەندە ئەڭ خىلۋەت يوللارنى تاللايتتى. زىرائەت مايسىلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان ئېتىزلىقلار ئارىسىدىن كەتكەن ئاياغ يوللار بىلەن مېڭىپ قانداقتۇر بىر يېزىلار ياكى سۇپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغان ئۆستەڭلەرنىڭ يېنىدىن چىقىپ قالاتتى. يېيىلىپ ئاققان كېچىكلەردە رەڭمۇ رەڭ تاشلار پارقىراپ تۇراتتى. تاشلارنىڭ يالتىرىشى كىشىگە ئېقىۋاتقان سۇنىڭ سۈزۈك ۋە تازىلىقىدىن خەۋەر بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. بەزىدە ئۇلار سۇ بويىدا توختاپ، تۈگۈنچەكتىكى ناننى سوغۇق سۇغا چىلاپ مەززە قىلىپ يەيتتى-دە، ھەش-پەش دېگۈچە يەنە كۆزدىن غايىب بولۇشاتتى. كېچىلىرى ئۇلار ئوچۇق دالا ياكى قانداقتۇر بىر تاشلاندۇق ئۆينىڭ ئۈگزىسىدە ئۈگدەپ كۆزنىڭ ئاچچىقىنى ئازراق چىقىرىۋېلىپلا يەنە يولنى داۋام قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشىدىغان گەپلىرىمۇ ناھايىتى قىسقا ئىدى. جىمجىت يول بېسىپ، كۆپىنچە ئۆز خىياللىرى بىلەن بەنت بولاتتى.

خىلۋەت بىر جايىنى تېپىپ، خالتىدىكى تىللالارنى ساناپ كۆرىمىز، — دەپ خىيال قىلاتتى چوڭ ئوغۇل ئۆمەر، — ئەلۋەتتە مەن چوڭ بولغاندىن كېيىن كۆپرەك ئېلىشقا

هەقلىمەن. چوڭنىڭ ئۆلۈشى ئەلۋەتتە چوڭ بولىدۇ-دە! ئاندىن يۇرتقا يېنىپ بېرىپ بىر باغلىق قورۇ سېتىۋالىمەن. بازار ئىچىدە گەزمال دۇكىنى ئاچىمەن... ھەرقانچە تەكلىپ قىلىشىمۇ ياكى ئامەت كېلىپ قالسىمۇ شەھەرگە ئاقساقال بولمايمەن...

ئاتىسىنىڭ ئىچىنىشلىق ھاياتى ئۆمەردە ئەنە شۇنداق تەسىر قالدۇرغانىدى. ئۇ يۇقىرا بولۇپ ياشاشنى، يۇقىرا بولغاندىمۇ قانداقتۇر ئىسىلىق ئوچاق ياكى ھور بىلەن بىخسىپ كەتكەن ئاشخانىدا كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئاشپەز، ئۆمرى كورسىدا مۈكچىيىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان موزدوز ۋە ياكى پېژغىرىم ئىسسىقتا قىزىق تۆمۈرگە بازغان ئۇرىدىغان تۆمۈرچى ئەمەس، بەلكى قورساقنى توقلاپ چىقىپ، سالقىن دۇكىنىدا بۇرۇتىنى تولغاپ چېيىنى خاتىرجەم ئىچىپ ئولتۇرۇپ سودىسىنى قىلىدىغان سودىگەر بولۇشنى خالايتتى.

تىللالارنى ئاكام ئىككىمىز باباراۋەر بۆلۈشۈۋالىمىز، — دەپ ئويلايتتى ئىككىنچى ئوغۇل بارات، — مەن يۇرتقا بېرىپ كاتتا بىر باينىڭ قىزىغا ئۆيلىنىمەن. باينىڭ قىزى چىرايلىق بولمىسىمۇ مەيلى، دادىسىنىڭ پۇلى جىقراق بولسا بولدى. كېيىن قېيىن ئاتامدىن كۆپلەپ مىراس ئالىمەن. سەت قىزىنى خوتۇن قىلغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە مىراسنى بولسىمۇ كۆپرەك بېرىدۇ-دە! ئاندىن پۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ دومىلىتىپ، بىرنى ئون، ئوننى يۈز قىلىمەن. خوتۇندىن يەنە ئىككىنى، ئۈچنى، ئوننى ئالىمەن. ئەلۋەتتە كېيىنكى خوتۇنلىرىمنى تاللاپ، شەھەرنىڭ ئەڭ چىرايلىق قىزلىرىدىن ئالىمەن. ھەر بىر خوتۇنۇمغا ئايرىم باغلىق ھويلىلارنى قىلىپ بېرىمەن. ھەر كېچىسى ئۇلارنىڭ قېشىدا نۆۋەت بىلەن قونۇپ چىقىمەن...

— ئاكا، بىز نەگە بارىمىز؟ مېنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟ — دېگەنىدەك سوئاللا بىلەن ئۆز ئاكىلىرىنىڭ خىياللىرىنى پات-پات بۆلۈپ قوياتتى سەپەر.

— ھە، سېنىما؟ سېنى ئۆز شەھىرىمىزگە ئېلىپ كېتىۋاتىمىز.

— ئوينىتىپ كېلەمسىلەر؟

— ئۇ دېگەن ئۆزىمىزنىڭ يۇرتى، سەنمۇ ئەمدى شۇ يەردە چوڭ بولىسەن.

— ئۇيەر يىراقمۇ؟

— يىراق. بىز سېنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىمىز.

— ئاتام قېنى؟

— ئاتام ھېلىقى باغدا قالدى.

— ئۇ كەلمەمدۇ؟

— ئارقىمىزدىن كېلىدۇ.

سەپەر ھەممىدىن بەك خۇشال ئىدى. شۇ كۈنگىچە ئۇنى ھېچكىممۇ مۇنداق ئۇزاق كۆتۈرۈپ ئوينىتىپ باقمىغان. ئۇ جاھاننىڭ ھېلىقى تۆت تام بىلەن قورشالغان باغقا قارىغاندا شۇنچە كەڭلىكىگە، يىراقلاردىكى ئۇپۇق سىزىقىغا، قۇياشنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى لاۋۇلداپ چوغ بولۇپ ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ، يەنە شۇنداق قىپقىزىل

شەپەق ئىچىدە غايىب بولىدىغانلىقىغا ھەيران بولاتتى. ئۇ ئىسسىق قوللىرى بىلەن ئاكىلىرىنىڭ بويىنىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ھەممىگە شادلىق ئىچىدە نەزەر سالاتتى.

بارا ـ بارا ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ تۇرىدىغان مەھەللىلەرمۇ تۈگەپ، كۆز يەتكۈسىز چۆل يوللىرى باشلاندى. بىر كۈنى ئۇلار يىراقتىن بىر ئۆيىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ، شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ كۆرگىنى ئۆي ئەمەس، تاشلىنىپ قالغان بىر كونا تۈگمەن ئىدى.

ئاكا ـ ئۇكىلار تۈگمەنگە يېقىنلاپ ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ كۆرۈشتى. تۈگمەن قىيسىيىپ پاكارلاپ كەتكەن، تام ـ تورۇسلارنى قېلىن تور قاپلاپ، شىپتىكى ياغاچلار چىرىپ قارىداپ ساڭگىلاپ قالغانىدى. بۇ يەر كىشىگە ھېلىقى قەدىمكى چۆچەكلەردىكى كېچىلىرى جىنلار ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، كارۋانلارنى يولدىن ئازدۇرىدىغان تۈگمەنلەرنى ئەسلىتەتتى. تۈگمەن ئارقىسىدىكى كونا ئۆستەڭنىڭ بويىدا ئۆسۈپ تۇرغان يوغان بىر تۈپ ئۈجمە شاخلىرىنى كەڭ يېيىپ، ئەتراپقا سايە تاشلاپ تۇراتتى، شېخىدا قارغۇجا، قۇشقاچلار چۇرۇقلىشىپ ئۈجمە يېيىشمەكتە ئىدى. يەرگە چۈشكەن يوغان ئاق ئۈجمىلەر پاكىز قۇم ئۈستىدە پارقىراپ تۇراتتى. بۇ ھەيۋەتلىك ئۈجمە دەرىخىنىڭ يىلتىزلىرى ئېھتىمال يەرنىڭ قات ـ قاتلىرىغا تاراپ، ناھايىتى چوڭقۇردىن سۇ ئىچىدىغاندۇ. شۇڭا ئۇ بۇ يەردىكى قۇرغاقچىلىق، بوران ـ چاپقۇنلارغا پەرۋا قىلماي قەيسەرلىك بىلەن ياشناپ تۇرغانىدى. ئۇ بۇ يەردىكى نۇرغۇن ئىشلارنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى. بۇ ئەتراپ قايسى زامانلاردا ئاۋات بولغان، بۇ تۈگمەنلەرنى كىملەر ياساتقان، بۇ يەرلەر قاچاندىن باشلاپ قۇملىشىپ كەتكەن، بۇ ئەسكى تۈگمەن قانچە جىن ـ شەيتان، ئوغرى ـ قاراقچى، مۇساپىرلار ئۈچۈن قونالغۇ بولغان؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ ئۈجمە ئۈنچىقماي ئېسىدە ساقلايتتى. بۈگۈن ئۇ يەنە يېڭى بىر ۋەقەنىڭ شاھىدى بولۇپ قالدى.

— بۇ يەردە بىردەم ئارام ئالايلى، ماڭ سەپەر سەن بېرىپ ئۈجمە تېرىپ يە! — دېدى سەپەرنىڭ ئاكىلىرى.

سەپەر يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئۈجمە تېرىپ يېيىشكە باشلىدى. سەپەرنىڭ ئاكىلىرى تۈگۈنچەكلىرىنى يېنىغا قويۇپ، پۇت ـ قوللىرىنى سوزۇپ ئەتراپقا قاراشتى. تۆت ئەتراپ ئادەمسىز چەكسىز چۆل ئىدى. بۇ تۈگمەننىڭمۇ تاشلىنىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن يىللار بولغان بولسا كېرەك، تۈگمەنگە كېلىدىغان ئېرىقنىڭ ئىزناسىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى.

— قېنى تىللانى تۆك، زادى قانچىلىك دۇنيا باركىن، — دېدى بارات ئاكىسىغا.

ئۆمەر ئالدىدىكى يەرنى يۇۋدىۋېتىپ، تېرە خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ دۈم قىلدى. تىللالار كۆزنى چاقنىتىپ، يېنىك جاراڭلاش بىلەن يەرگە تۆكۈلدى.

— ئوھوي! — دەۋەتتى بارات، — قارا، ئۇ ئاجايىپ ساپ ئالتۇندىن قۇيۇلغانىكەن.

— ئەلۋەتتە ئاتام بىزگە ناچار نەرسىنى ساقلىمايدۇ ـ دە! — دەپ تەستىقلىدى ئۆمەر.

ئاكىلىرىنىڭ ئاجايىپ پارقىراق بىر نەرسىلەرنى يەرگە تۆككىنىنى كۆرگەن سەپەر ھەيران بولۇپ يۈگۈرگىنىچە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ دۈپدۈگىلەك نەرسىلەر دومىلىتىپ ئويناشقا ئەپلىك ئويۇنچۇقتەك كۆرۈندى-دە، قولىنى سۇندى.

— ھاي، بىزنى ئىلەشتۇرمە! — دەپ سەپەر قولىغا ئالغان بىر تال تىللانى تارتىۋالدى بارات، — قېنى ساناپ باقايلى، ھەممىسى بولۇپ قانچىكىن.

ئۆمەر تىللانى ساناشقا باشلىدى. بارات پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاكىسىنىڭ قولىغا قاراپ ئىچىدە تەڭ ساناۋاتاتتى.

— بىر، ئىككى، ئون، يىگىرمە، قىرىق، ئەللىك... توقسەن توققۇز!

ئاكا-ئۇكا بىر-بىرىگە ئۇنچۇقماي قاراپ قويۇشتى-دە، تىللالارنى يەنە ھەرقايىسى ئۆز ئالدىغا ساناپ بېقىشتى. تىللا جەمئىي توقسەن توققۇز دانە ئىدى.

— نېمىشقا توقسەن توققۇز بولىدۇ؟ — دەپ ھەيران بولدى بارات.

— ئۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— نېمە دېگىنىم .بولاتتى، نېمىشقا توقسەن توققۇز بولۇپ قالىدۇ؟ دەۋاتىمەن.

— توقسەن توققۇز بولغاندىن كېيىن توقسەن توققۇز بولمامدۇ!

— ياق! — دەپ بېشىنى چايقىدى بارات.

— ئەمىسە، سېنىڭچە قانچە بولسا بولاتتى؟

— ئەلۋەتتە يۈز بولۇشى كېرەكتىدە!

ئۇلار تىللا سالغان خالتىنى ئۆرۈپ-قېقىپ، قاراپ بېقىشتى. بىرەر تال تىللا ئەتراپقا دومىلاپ كېتىپ قالدىمىكىن دەپ تۆت تەرەپكە تەڭ قاراشتى. ئاخىرىدا تىللانى يەنە باشقىدىن ساناشتى. تىللا توقسەن توققۇز ئىدى.

— دېمىدىممۇ ئەنە، تىللا توقسەن توققۇز تۇرمامدۇ.

— ياق، يۈز بولۇش كېرەك، — دەيتتى بارات ئۆز سۆزىنى تەكرارلاپ.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى ئۆمەر تېرىكىپ.

— بىزگە ئاتام ھەرگىزمۇ بىر كەم يۈز تىللانى مىراس قىلىپ قالدۇرمايدۇ. توقسەن توققۇزنى ساقلىغان ئادەم جەزمەن يەنە بىر تىللانى قېتىپ يۈز قىلىپ قويىدۇ.

— مەن ساڭا نېمىشقا دەۋاتىمەن!

— نېمىشقا بولاتتى، شۇنداق بولغاندا بۇ تىللالارنى ئىككىمىز توپتوغرا ئەللىك دانىدىن تەڭ بۆلۈشۈپ ئالالايمىز-دە!

— بەلكىم، ئاتام مېنى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئەللىكنى، سېنى كىچىك بولغاندىن كېيىن قىرىق توققۇزنى ئالسۇن، دەپ ئويلىغاندۇ، — دېدى ئۆمەر.

— مىراس ھەققى دېگەن چوڭ-كىچىككە ئوخشاش...

ئۇلار تىللالارنى خۇددى شۇنداق قىلسا كۆپىيىپ قالىدىغاندەك قايتا ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ يەنە باشقىدىن ساناپ چىقىشتى. بارات ئۆرە تۇرۇپ سانىسا، ئۆمەر ئولتۇرۇپ سانايتتى.



مەيلى ئۇلار قاندىقىغا سانسۇن تىللا توقسەن توققۇز ئىدى.

— بەلكىم ئاتام مېنى كىچىك بولغاندىن كېيىن ئەللىكنى، سېنى چوڭ بولغاندىن كېيىن قىرىق توققۇزنى ياكى مېنى ئاتمىشنى، سېنى ئوتتۇز توققۇزنى ئالسۇن، دېگەن بولسا كېرەك، — دېدى بارات.

— راست دەيسەن، ئاتام سېنى تىللانىڭ ھەممىسىنى، مېنى قۇرۇق خالتىنى ئالسۇن، دېگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن! — دەپ ئاچچىق تەنە قىلدى ئۆمەر.

تىللالارنى زادى قانداق بۆلۈشۈش توغرىسىدا ئىككى ئوغۇل ئۇزاق دەتالاش قىلدى. لېكىن، زادىلا كېلىشەلمىدى. ئاكىلىرىنىڭ نېمىشقا شۇنچىلىك قىزىشىپ بىر-بىرى بىلەن ۋارقىرىشىپ كېتىشۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەن سەپەر سالقىن شامال ئۇرۇپ تۇرغان ئۇجمە سايىسىدا ئولتۇرۇپ ئۇگدەپ قالدى. ئۇنىڭ سەبىي يۈزىدە قوياشنىڭ ئۇجمە يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتكەن ئۇششاق نۇرلىرى جىمىرلايتتى. سەپەرنىڭ ئاكىلىرى ئاشۇ تىللالاردا — ئەگەر بۆلۈشۈۋېلىش توغرا كەلسە — سەپەرنىڭمۇ ھەققى بارلىقىنى، توقسەن توققۇز تىللانى ئۈچكە بۆلگەندە توپتوغرا ئوتتۇز ئۈچ تىللادىن بولىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەسلىككە تىرىشاتتى. ھەر ئىككىسى كۆڭلىدە بۇ ھەقتە ئويلانغان بولسىمۇ، بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالماي، ھەدەپ ئۆزلىرىنىڭ تالاش-تارتىشىغا چۈشۈپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە سەپەر ئۆز ھەققىگە ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك بولمىغان

بىر گۆدەك ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئاخىرىدا چوڭ ئوغۇل ئۆمەر قىيىنىلىپ تۇرۇپ سەپەر ھەققىدە ئەسكەرتتى.

— راست، سەپەرچۇ؟ ئۇنىڭمۇ ئاز-تولا ھەققىنى بۆلۈپ قويۇشىمىز كېرەكقۇ؟

— ئۇ تېخى كىچىك تۇرسا، تىللانى نېمە قىلىدۇ؟

— كىچىك بولسا چوڭ بولمامدۇ؟

— ئۇنى كىم بېقىپ چوڭ قىلىدۇ؟

— ئەلۋەتتە ئىككىمىز.

— ھەببەللى، ئىككىمىز بېقىپ چوڭ قىلىدىغان بولغاندىن كېيىن، تىللانى ئىككىمىز تەڭ بۆلۈشۈۋالساق بولىدىغۇ.

— بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ئۈلۈشىنى ئايرىپ ئېلىپ قويۇپ، سەپەر چوڭ بولۇپ ئەقلىنى تاپقاندا، مانا ماۋۇ ئاتاڭدىن ساڭا تەگكەن مىراس، دەپ قولىغا چىرايلىق تاپشۇرغىنىمىز دۇرۇس.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى بارات، — سەپەرنىڭ ئۈلۈشىنىمۇ ماڭا قېتىۋەت، سەپەرنى مەن ئۆزۈم بېقىپ چوڭ قىلىمەن.

— بۇ گەپچە سەن ئاتمىش ئالتە تىللا ئالسەن، مەن ئاران ئوتتۇز ئۈچنى ئالامدىمەن؟

— شۇنداق بولىدۇ-دە!

— بولمايدۇ، سەن ئۇنىڭ ھەققىنى خەجلەپ قويسەن. چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنى مەن ئۆزۈم بېقىپ تەربىيىلەي.

— شۇنداق قىل. ئۇكىمىزنى بېقىپ ئالىدىغان ساۋابنى ساڭا ئۆتۈنەي. ئەمما، ئالتۇننى تەڭ بۆلۈشىمىز.

— ياھ، نېمىدېگەن ئۇستاتلىق بۇ ھە! سەن باقساڭ ئۈلۈشىنى ئۆزۈڭگە قېتىۋېلىپ باققۇدەكسەن، مەن باقسام ھېچنېمە ئالمىغۇدەكمەن. ئۇنداقتا سەپەرنىڭ ھەققى نەگە كېتىدۇ؟ مەن ئاتمىش ئالتە تىللا ئالىمەن، ساڭا ئوتتۇز ئۈچى قالىدۇ.

— ياھ، سەنچۇ؟ سەن ئۇنى باقمەن دەپ قويۇپ ئۇنىڭ ھەققىنى خەجلەۋالمامدىكەنسەن؟

— ئۇنداق بولسىچۇ مۇنداق قىلايلى. تىللالارنى تەڭ ئۈچكە بۆلۈپ، سەپەرنىڭ ھەققىنى ئايرىپ ئېلىپ قويايلى. يۇرتقا يېتىپ بارغاندا تىللانى خالىس بىر مويسىپىتنىڭ قولىغا تۇتقۇزايلى. سەپەر چوڭ بولغاندا شۇ كىشىنىڭ قولىدىن ئۆز ھەققىنى تاپشۇرۇۋالسۇن. ئەمدىغۇ باشقا گېپىڭ يوقتۇ؟

ئاكا-ئۇكا ھەر ئىككىلىسى جىمىپ كەتتى. سەپەر ھېچنېمىدىن بىخەۋەر تاتلىق ئۇخلىماقتا ئىدى. ئەگەر بۇ كىچىككىنە بالىغىمۇ ئالتۇنلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى بېرىۋېتىدىغان ئىش بولسا، ئۆمەرنىڭ ئاچماقچى بولغان گەزمال دۇكانلىرىغا تەسىر

يېتەتتى. باراتنىڭ ئالماقچى بولغان خوتۇنلىرىنىڭمۇ سانى كەم بولاتتى.
— بىز نېمىدەپ سەپەرگىمۇ بىر ئۆلۈش ھەق بەرگۈدەكمىز، ئۇ دېگەن باشقا بىر خوتۇننىڭ بالىسى تۇرسا؟ — دېدى بارات.
— باشقا خوتۇندىن بولغان بولسىمۇ، يەنە ئاتامنىڭ پۇشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەپەرنىڭ ئانىسى بىزنىمۇ مىڭبىر جاپادا چوڭ قىلغان...
— بىز ئۇنى يەلكىمىزگە مىندۈرۈپ قاغىلىق باغدىن قوتۇلدۇرۇپ چىقتۇق. چوڭ بولغاندا ئۇ بىزگە رەھمەت ئېيتسا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك! — دەپ ئاكىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى بارات.
ئۇلار يەنە ئۆزئارا جىمىپ قېلىشتى. سەپەر توغرىسىدىكى خىياللار بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇلار توقسەن توققۇز تىللانىڭ جېدىلىنى بىردەملىككە ئۇنتۇدى. توقسەن توققۇز تىللانىڭ بىرىنىڭ كەم بولۇشى ئانچە چوڭ گەپ ئەمەس، قەدىمىي ھېكايىلەردە ئېيتىلغىنىدەك، توقسەن توققۇزنى بەرگەن خۇدا يىم ئەلۋەتتە يەنە بىرنىمۇ بېرىدۇ. ئەمما، مۇنۇ ئوخلاۋاتقان سەپەرنىڭ تىللالارنىڭ نەق ئۈچتىن بىرىنى ئېلىپ كېتىشى چوڭ خەۋپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بۇ كىچىك بالىنى قاچانغىچە شىللىسىغا مىندۈرۈپ كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ؟ ئۆمەر بىلەن بارات ئويلىغانسېرى سەپەرنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۇشۇقچە بۇلۇڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. ئالتۇن دېگەن بۇ سېرىق نىجىس ئۆز يالتىراشلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەقلىنى بۇلغاپ، ۋىجدانىنى خىرەلەشتۈرمەكتە ئىدى...
— ھەي، بىز نېمىشقا ئۇنى شۇ قاغىلىق باغقىلا تاشلاپ كەلمىگەن بولغىيدۇق، — دېدى بارات.
— ياخشىسى، ئۇ توغۇلمىغان بولسا بوپتىكەن، — دېدى ئۆمەر.
— ھېلىمۇ بولسا ئۇنى تاشلاپ قاچايلى، — دېدى بارات ئىنچى قارلىق بىلەن.
— مۇشۇ چۆل-جەزىرىدىمۇ؟!
— شۇنداق، مۇشۇ يەرگىلا قويۇپ كېتەيلى. قارا، ئۇ ھېچنېمىنى تۇيماي تاتلىق ئوخلاۋاتىدۇ.
— بۇ گېپىڭمۇ توغرىدەك قىلىدۇ، — دەپ قوشۇلدى ئۆمەر، — ئەگەر خۇدا ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغان بولسا، مۇشۇ يەردىمۇ بىر سەۋەب بىلەن ئۆسۈپ چوڭ بولىۋېرىدۇ؛ مۇبادا ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقا يارالغان بولسا، بىز كۆتۈرۈپ يۈرگىنىمىز بىلەنمۇ بەرىبىر ئۆلۈپ قالىدۇ.
ئۇلار قىلماقچى بولغان جىنايىتى ئۈچۈن ئۆز ۋىجدانىنى ئالدايدىغان ئاشۇنداق بىر پەتىۋانى توقۇپ چىقىشتى-دە، چىچىلىپ ياتقان تىللالارنى يىغىپ تېرە خالتىغا قايتا سېلىپ، ئۇچمە تۈۋىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ يىراقلاپ كېتىشتى.

## خۇدا بەرگەن ھەمراھ

سەپەر ئۇيغىنىپ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپىغا قارىدى. ئېگىزدە كۆك ئاسمان، ئۇنىڭ ئاستىدا ئۇجمە يوپۇرماقلىرى كۆرۈندى. ھەممە ياق جىمىپ كەتكەن بولۇپ، ئاكىلىرىنىڭ ۋاڭ-چۇڭى ئاڭلانمايتتى. سەپەر ھەيران بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئاكىلىرىنى ئىزدەپ ئۇياق-بۇياققا يۈگۈردى. ئەتراپتا ھېچنېمىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى، سەپەر يالغۇزلۇق ۋەھىمىسى ۋە قورقۇنچتىن ۋارقىراپ يىغلىۋەتتى.

— ئاكا، ئاكا!

ئۇنىڭ كۈچەپ ۋارقىراشلىرىغا ھېچ تەرەپتىن جاۋاب بولمىدى. ئەتراپتىن چۈشنىڭ تىنجىقى كەتمىگەن بولۇپ، ئۇسسىقتىن پايانسىز چۆل ھۆۋۈلداپ تۇراتتى. بالا ئۇياق-بۇياققا يۈگۈرۈپ، يەنە بۇ ئەتراپقا بىردىنبىر سايە تاشلاپ تۇرغان ئۇجمىنىڭ ئاستىغا قايتىپ كېلەتتى. بەزىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاكىلىرىنى، يالغۇزلۇقنى ئۇنتۇپ قىلىپ، سەكرەپ يۈرگەن چېكەتكىلەر، تىرىشىپ ئۆزۈق توشۇۋاتقان چۈمۈلىلەرگە قاراپ تۇرۇپ قالاتتى. ئۇجمە تېرىپ يەيتتى. بىلەيدەك سىلىق دۈمبىلىرىنى پارقىرىتىپ غىل-پال ئۆتۈپ كېتىدىغان كەسلەنچۈكلەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتەتتى-دە، يەنە يىغلاشقا باشلايتتى.

— ئاكا، ئاكا!

ئۇجمە سايىسى بارغانسېرى ئۇزىراپ، كۈن غەربكە قىيسىيىشقا باشلىدى. سەپەرنىڭ ئاكا، ئاكا، دەپ ۋارقىرىغان ئېچىنىشلىق ئاۋازى كەڭ بوشلۇققا يېيىلىپ، قۇملۇقلارغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. سەپەرنىڭ يىغلاۋېرىپ ياشلىرى قۇرۇدى. شۇ چاغدا يىراقتىن بىر ئېشەكلىك كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ساقاللىق كەلگەن بۇ ئادەم ئېشىكىنى دېۋىتىپ، قانداقتۇر بىر ناخشىغا غىڭشىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئېشىكى خوجايىنىنىڭ پەيزىنى بۇزماسلىققا تىرىشقاندەك ئۇششاق چامداپ، سىلىق يورغىلايتتى. ئېشەكنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاپئاق چاڭ تۈتۈندەك يېيىلىپ ئارقىدا قالاتتى... ئېشەك تۇيۇقسىز توختاپ بوۋاينىڭ ناخشىسىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ ھەيران بولۇپ ئېشىكىگە قارىدى. ئېشەك قاچاندۇر بىر چاغلاردا بۇ يولدىن ئۆتكەن چىشى بۇرادىرىنىڭ تېزىكىنى پۇراپ، ئۇنىڭدىن ئالغان لەززىتىنى پۈتۈن بەدىنىگە سىڭدۈرمەكچى بولۇپ تۇمشۇقىنى ئاسمانغا كۆتۈرمەكتە ئىدى. بوۋاينىڭ نېمىلەرنىدۇر غودۇڭشىپ، ئېشەكنى ئۇرماقچى بولۇپ كۆتۈرگەن قوللىرى ھاۋادا ئېسىلىپ قالدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا يىراقتىن كىمدۇر بىرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلغانىدى. ئېشەكمۇ قۇلاقلىرىنى دىك قىلغىنىچە ئالدىغا تىكىلىپ تۇراتتى.

— ئاكا! ئاكا!

ئەمدى بوۋاي ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك قىلدى. بۇ چۆلدە، كونا تۆگمەننىڭ قېشىدا نېمىنىڭ ئاۋازى بۇ؟ خۇداغا ئامانەت. بۇ يەر ئەزەلدىن تەكشى جاي بولمايدىغان،

بىزنى ئىنس-جىن چاقىرىۋاتامدىغاندۇ؟! دەپ پىچىرلىدى بوۋاي ئۆز-ئۆزىگە: ئاكا! ئاكا! ياق، بۇ بىر كىچىك بالىنىڭ يىغا ئاۋازىغا ئوخشامدۇ، قانداق، — دېدى بوۋاي، قولىنى سايىۋەن قىلىپ تۇرۇپ تۆت ئەتراپقا قارىدى. كونا تۈگمەن تەرەپتە بىرىنىڭ يۈگۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. بۇ كۈپكۈندۈزدە نەنىڭ جىنى، ئادەم بولسا كېرەك، دېدى-دە، ئېشەكنىڭ بېشىنى بۇرىدى: ئاكا، ئاكا! بوۋاي كىچىك بالىنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق پەرق ئەتتى-دە، ئېشىكىنى تېقىمداپ ئىتتىكلەتتى.

سەپەر يىراقتا پەيدا بولغان قارا نەرسىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ھەم قورقاتتى، ھەم يېنىدا كىم بولسۇن بىركىمنىڭ بولۇشىنى ئىستەيتتى. ئۇ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئېشەكلىك ئادەمنى كۆرۈپ يىغىسىنى توختاتتى، ئۈمىد بىلەن ئالدىغا تىكىلدى. ئۇ ئىسەدەپ يىغلاپ، ۋارقىراۋېرىپ ئۈنى پۈتۈپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغانىدى. ئاق يۈزلۈك كەلگەن، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدا ياش تامچىلىرى يالتىراپ تۇرغان بۇ بالا شۇنچىلىك چىرايلىق ۋە ئوماق ئىدى. بوۋاي ئۇچۇق دالىدا — كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان بۇ مۆجىزىگە ھەيران بولدى. بۇ ئادەمسىز دەشتتە، كونا تۈگمەن يېنىدا، نېمە قىلىپ يۈرگەن بالا بۇ!؟

بوۋاي ئېشەكتىن ئىرغىپ چۈشۈپ بالىغا قۇچاق ئاچتى. سەپەر بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

— يىغلىما ئوغلۇم، كىمنىڭ بالىسى سەن؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟

بالا بوۋاينىڭ سوئاللىرىغا چۈشىنىكسىز جاۋاب بەردى. ئۇ قانداقتۇر بۇ يەرگە ئۆزىنى ئويناتقىلى ئېلىپ كەلگەن ئاكىلىرى، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە دۆگىلەك بىر نەرسىنى ساناشقانلىرى، كېيىن نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىراشقانلىرى، ئۆزىنىڭ ئۇجمە يېگەنلىكى، كېيىن ئۇخلاپ قالغانلىقى ھەققىدە سۆزلەيتتى.

— سېنى كۆتۈرگەن ئاكىلىرىڭ قېنى؟ ھە، سەن ئۇخلاپ قاپسەنمۇ؟ سەن ئۇجمە يەۋاتقاندا ئۇلار نېمىنى تالاشقان؟ توختا، ئۇلار سېرىق، مانا مۇنداق دۆگىلەك نەرسىلەرنى ساناشتىمۇ؟ توققۇز، توققۇز، دەپ ۋارقىراشقانمۇ؟

بوۋاي بالىدىن شۇنداق سوئاللارنى سوراپ، ئۇنىڭ بىر-بىرىگە ئۇلاشمايدىغان گەپلىرىدىن بىر مەزمۇن چىقارغاندەك بولدى. بالا ئىسسىق ۋە يۇمشاق قورساقلىرىنى بوۋاينىڭ تىزىغا تەگكۈزۈپ، بۇدۇرۇق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ساقىلىنى ئوينايتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ قورقۇنچىسىنى ئۇنتۇغانىدى. ئالدىدا پەيدا بولغان بۇ ئادەم ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ساقاللىرى بىلەن، ئۇ قاغىلىق باغدا چېغىدا ھەركۈنى قوينىغا كىرىپ ياتىدىغان ئاتىسىنى ئەسلەتتى.

— ئېھتىمال سېنىڭ ئاكىلىرىڭ بۇ چۆلدە كېتىۋېتىپ... بەلكىم، دەل مۇشۇ ئەسكى تۈگمەننىڭ ئىچىدىن ياكى بۇ قېرى ئۇجمە ئاستىدىن نۇرغۇن ئالتۇنلارنى تېپىۋالغان بولسا كېرەك. ئالتۇن ئۇ شۇنداق ئىنساننىڭ ئەقلىنى ئېلىشتۇرۇپ، كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ، ئېسىنى

خىرەلەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇشاللىقىدا ئۇلار سىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپ قالغاندۇ، — دەپ مۇلاھىزىسىنى داۋام قىلاتتى بوۋاي چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن بالىنىڭ ياش يۇقى يۈزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — سەن قانداق ئۇخلاپ قالغانىدىڭ؟ ئۆزۈڭ ئۇخلاپ قالدىڭمۇ ياكى ئاكىلىرىڭ پەپىلەپ ئۇخلىتىپ قويدىمۇ؟ ياكى بولمىسا سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى بىرەرى ئەپسۇن ئوقۇپ ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئاكىلىرىڭنىڭ تېپىۋالغان نەرسىسىنى ئېلىپ كەتتىمۇ؟ ئۇنداقتا، ئاكىلىرىڭمۇ مۇشۇ ئەتراپتا بولۇشى كېرەكتىغۇ؟ جۈرۈ بىز قاراپ باقايلى.

بوۋاي بالىنى ئەگەشتۈرۈپ كونا تۈگمەنىنىڭ ئەتراپىنى تولۇق بىر ئايلىنىپ چىقتى. يىراق-يېقىندا ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. بالا توختىماي ئاكىلىرىنىڭ گېپىنى قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بىر نىمىنى توققۇز، توققۇز، دەپ سانىغىنىنى ئېيتاتتى. تۇرۇپلا ئېسەدەپ كېتەتتى.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما ئوغلۇم، مانا مەن سېنىڭ يېنىڭدا تۇرۇپتىمەنغۇ، — دەيتتى بوۋاي، — سېنىڭ توققۇز، توققۇزلا دېگىنىڭگە قارىغاندا، ئاكىلىرىڭ تېپىۋالغان نەرسىلەر بەلكى توققۇز تىللا ياكى ئىككى توققۇز ئون سەككىز تىللادۇ، ياكى بولمىسا توققۇز يۈز، توققۇز مىڭ تىللادۇ... سەن بىلمەيسەن، بۇ توققۇز تولىمۇ ئۇلۇغ سان. قارا، بىز ھەممىمىز ئانىمىزنىڭ قورسىقىدىن توققۇز ئاي، توققۇز كۈنلۈك مۇددەتنى توشقۇزۇپ ئاندىن يورۇق دۇنياغا چۈشىمىز. ھەرقانچە ئۇلۇغ شاھلارغىمۇ پەقەت توققۇز تەزىملا قىلىمىز. ھەممە نېمىسى تەل كىشىلەرنى توققۇزى تەل دەيمىز. ئۇنى تەل بولۇش پەقەت ئۇلۇغ تەڭرىگىلا خاس... بەلكىم، سېنىڭ قورسىقىڭ ئاچقاندۇ؟

— ئىسۇ! — دەپ قۇرۇغان لەۋلىرىنى يالىدى سەپەر.

— ئېسىتىم قۇرۇسۇن! — دەپ ئېشىكى تەرەپكە بۇرۇلدى بوۋاي.

بوۋاي خۇرجۇنىدىن ياغاچ چۆچەكنى ئېلىپ، ئېشەك ئۈستىدىكى تولۇمدىن سۇ قۇيدى ۋە بالىنىڭ قولىغا يەنە بىر پارچە نان تۇتقۇزدى. بالا ئىللىپ قالغان سۇنى تەشنالىق بىلەن سۈمۈردى، ئاندىن قولىدىكى ناننى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايىغا ئەمدى ئاپتاپتەك ئوچۇق كۈلكە يامرىغانىدى. ئۇ تولىمۇ يېقىملىق، كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك ئوغۇل بالا ئىدى.

كىم بىلىدۇ، — دەپ ئويلىدى بوۋاي، — بۇ بالا خۇدا مېنىڭ يالغۇزلۇقۇمنى نەزەرگە ئېلىپ ئاسماننىڭ ئۆزىدىن ئالدىمغا تاشلاپ بەرگەن بىر ھەمراھتۇر. مەن ئۇنى ئېلىپ كېتىشىم لازىم. ھېلىلا كۈن ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشىدۇ. بۇ يەردە بالىنىڭ قورقۇپ يۈرىكى يېرىلىشى ياكى ئۇنى چۆلنىڭ بۆرە-قاپلانلىرى يەپ قويۇشى مۇمكىن...

— قانداق ئوغلۇم، مېنىڭ بىلەن كېتەمسەن؟ ئاكىلىرىڭنىڭ ئېسىگە كەلسە ئۆزلىرى كېلىپ ئىزدەپ تاپار. بولمىسا سەن مېنىڭ ئوغلۇم بولسەن، بولامدۇ؟ يۇر!

بالا بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى-دە، ئېشەكنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. بوۋاي ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى ئۇچۇلۇقنى باشقىدىن تۈزەپ، ئاۋۋال بالىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ مىنگۈزدى، ئارقىسىغا ئۆزى مىندى. سەپەر شۇ تاپتا ھەممىنى ئېسىدىن چىقارغان

بولۇپ، ئېشەككە مىنگىنىگە خۇشال ئىدى. بۇ ئاجايىپ ھايۋاننىڭ ئۇششاق قەدەم ئېلىپ كىشنى تەكشى تەۋرىتىپ مېڭىشى، تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۇزۇن قۇلاقلىرىنىڭ بىرىنى ئېگىز، بىرىنى پەس قىلىپ مىدىرلىتىپ قويۇشلىرى ئۇنىڭغا تولىمۇ قىزىق تۇيۇلاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا يىراققا سوزۇلغان چۆل يولى سوزۇلۇپ ياتاتتى. كونا تۆگمەن ۋە قىرى ئۇجمە بولسا بارغانسېرى يىراقتا قالماقتا ئىدى.

بوۋاينىڭ كىچىك بالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدە ئىللىق بىر ئېقىم داۋالغۇيتتى. ئۇ ئاغزى بېسىلماي بالىغا پاراڭ قىلىپ ماڭماقتا ئىدى.

— خۇدا قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىسىمۇ، ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ، دېگەن مانا شۇ. مەن قېرىپ، ساڭا ئوخشاش بىر ھەمراھقا تەشنا بولۇپ يۈرگىنىمگە ئۇزۇن يىللار بولدى. ھەر نامىزىمدا خۇدادىن تىلەيتتىم. ياراتقان ئىگەم تەلەپكارلارنى نائۈمىد قويمايدۇ. مانا بۈگۈن تەلىپىم ئىجاۋەت بوپتۇ... راست، سېنىڭ ئىسمىڭ نېمىدا؟ — بالا بوۋاينىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمىدى. ئېشەكنىڭ بىر خىل تەۋرىتىپ مېڭىشى بىلەن ئۇنىڭغا ھارغىنلىق يېتىپ، بوۋاينىڭ قورسىقىغا بېشىنى تىرىگىنىچە ئۇخلاپ قالغانىدى.

— بوپتۇ، — دەيتتى بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بولمىسا سېنىڭ ئىسمىڭنى «چۆل يىگىت» دەپ قويايلى. چۈنكى سەن ماڭا مۇشۇ چۆلدە ئۇچرىدىڭ... بىزنىڭ بۇ چۆل مۆجىزىلەرگە باي. بەلكىم سېنىڭ ئاكىلىرىڭ بۇ چۆلدە قانداقتۇر غايىبانە خەزىنىلەرگە يولۇقۇپ ئەقلىنى يوقاتقاندۇ؟ ئۇ بايلىق شۇنچە كۆپ بولۇپ، ئۇلار توققۇز، توققۇز، دەپ ساناپمۇ تۈگىتەلمەي قېلىشقاندۇ؟ ئادەملەر مۇنداق تاسادىپەن بايلىققا يولۇققاندا بەزىدە خۇدانىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ... ياكى سېنىڭ ئاكىلىرىڭ ياشراق بولسا چىرايلىق بىرەر چوكاننىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېتىپ قالدىمۇيا؟ خوتۇنلارنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئېزىتقۇ... بۇنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن بولۇۋاتقان ئىشلار دېگىنە. تەقدىر بىر سەۋەبلەرنى قىلىپ سېنى ئاكاڭدىن ئايرىدى، يەنە بىر سەۋەبلەر بىلەن ئىككىمىزنى بىر-بىرىمىزگە ئۇچراشتۇردى. بولمىسا نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئېشىكىم دەل كونا تۆگمەننىڭ يېنىغا كەلگەندە توختاپ قالىدۇ ۋە مەن قانداق قىلىپ شۇنچە يىراقتىن سېنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ قالىمەن...

شۇنداق قىلىپ، ئېشەكلىك بوۋاي سەپەرنىڭ ئىسمىنى «چۆل يىگىت» قويدى. بوۋاي ياش ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ چۆللۈكلەردە ئوۋچىلىق قىلىپ، بازارغا ئوتۇن ئەكىرىپ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلغانىدى. مۇشۇ ئەتراپتا — چۆل يوللىرى كېسىشىدىغان بىر يەردە ھازىر ئۇنىڭ چايخانىسى بار ئىدى. چايخانا ناھايىتىمۇ ھەيۋەتلىك يوغىنىغان ئۈچ تۈپ توغراق يېنىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، كىشىلەر ئۇ يەرنى «ئۈچ توغراق» دەپ ئاتىشاتتى. توغراقلارنىڭ يوپۇرماقلىرى بوۋاينىڭ چايخانىسى ئەتراپىغا قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى.

ئوتۇنچىلار، چۆل يوللىرىدىن ئاندا - ساندا ئۆتۈپ تۇرىدىغان يولۇچىلار بۇ يەردە توختاپ، ئۇلاغلىرىنىڭ توشىاغلىرىنى بوشىتىپ ئوتقا قويۇپ، چاي ئىچىپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

بۇ ئەتراپتىكى شالاڭ ئۆسكەن توغراقلار بىر زامانلاردا بۇ جايدا شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان ئېقىن سۇلارنىڭ بولغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. ھازىر بولسا ئەتراپ پايانسىز قۇملۇققا ئايلانغانىدى. جىرا، قاپتاللاردا يەنە قومۇش، جىغان، تىۋىلغا، يۇلغۇن، قوڭغۇراقتىكەنلەر ئۇچراپ قالاتتى. بوۋاينىڭ چايخانىسى يېنىدىكى باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە خۇددى مۆجىزىدەكلا بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىپ تۇرىدىغان بىر بۇلاق بار ئىدى. بۇلاقنىڭ سۈيى ئەتراپتىكى قۇمغا سىڭىپ كېتەتتى. بۇلاق ئەتراپىدىكى نەملەشكەن يەرلەردىن كۆكلەپ چىققان ياش توغراق نوتىلىرى، ئۇششاق يۇلغۇن شاخلىرى بۇلاق سۈيىنى توراپ، ئۇنى توپا - چاڭ ۋە يات كۆزلەردىن ساقلاپ قالاتتى. تومۇز كۈنلىرى بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى شۇنچىلىك مۇزدەك ۋە تەملىك ئىدى. بوۋاينىڭ ئاشۇ بۇلاق سۈيىدە قايناتقان چېيىنى ئىچكەن يولۇچى بىر ئولتۇرۇشىدا بىرقانچە چەينەكنى بىكار قىلىپ، تەرلىرىنى ئېرتىپ، بوغلۇككە تاشلانغان كىگىزدە بىردەم يانپاشلاپ كۆز يۇماتتى - دە، كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىنىڭ ھاردۇقى چىقىپ يەڭگىللىگەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. بەزى كۈنلىرى كەچ قالغان يولۇچىلار بوۋاينىڭ چايخانىسىدا قونۇپمۇ قالاتتى.

ھېلىلا چاي ئىچىپ ماڭغان يولۇچىلارنىڭ قاچا - قۇچىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان موماي يىراقتىن ئېشەكلىك كېلىۋاتقان بوۋىينى كۆرۈپ يول ئۈستىگە چىقتى. بوۋاي يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ ئېتىكى ئالدىدا ئولتۇرغان كىچىك بالىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، قورۇق باسقان يۈزلىرىگە ئىختىيارسىز كۈلكە يۈگۈردى. بىر زامانلاردا بوۋاي - مومايىنىڭمۇ بىر قىز، بىر ئوغلى بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئوغلىنى قارا چېچەك ئېلىپ كەتتى. قىزى بويىغا يەتكەندە بىر كەمبەغەل يىگىتكە ياتلىق بولدى. قىزى بىلەن كۈيئوغلى دەسلەپتە ئۇلارنى پات - پات يوقلاپ كېلىپ تۇراتتى. كېيىن كۈيئوغۇل تىرىكچىلىك ئىزدەپ، ئائىلىسىنى ئېلىپ يىراقلارغا كېتىپ قالدى. مانا شۇنىڭدىن بېرى ئۇلار يالغۇز ئىدى.

— ۋاي خۇدايىمەي! — دەپ بوۋاينىڭ ئالدىغا يۈگۈردى موماي، — بۇ كىمنىڭ بالىسى، نېمانچە تاتلىق. توختىسىلا، ئاۋايلىسىلا، بالىنى مەن ئالاي.

موماي سەپەرنى قۇچاقلاپ ئېلىپ يەرگە قويدى. سەپەر قاپقارا، نەمخۇش كۆزلىرى بىلەن بۇ مېھرىبان ئادەملەرگە ھەيقماي قارايتتى.

— بۇ كىمنىڭ بالىسى؟ — دەپ سورىدى موماي بالىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ.

— خۇدايىم بەرگەن، خۇدايىم بەرگەن، خوتۇن، قېنى چېيىڭنى تەييارلا. تىقىشتۇرۇپ قويغان تاتلىقلىرىڭنى، مېغىز - قاقلىرىڭنى چىقار.

— چاي تەييار. خۇدايىم توۋا، زادى نېمە دەيدىغانلا، بۇ زادى كىمنىڭ بالىسى؟

— خۇدايىم بەرگەن، دېدىمغۇ! — دېدى بوۋاي سەپەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ

كېكىزگە ئولتۇرغۇزۇپ تۇرۇپ، — خۇدايىم بەرگەندىن كېيىن بىزنىڭ بالىمىز بولىدۇ-دە!

— خۇدايىم بەرگەن، خۇدايىم بەرگەنلا دەيدىغۇ ماۋۇ ئادەم. ھېلىمۇ خۇدايىم قانداق بەردى، ئوقتۇرۇپراق دېمەمدىلا.

— يولدا شۇنداق كېلىۋېتىپ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. يېقىنلاپ بېرىپ قارىسام، كونا تۈگمەننىڭ يېنىدىكى ئۈجمە سايىسىدە مۇشۇ ئوغۇل تۇرۇپتۇ. خۇدايىم بەردى دېگەن شۇ.

— ۋاي خۇدايىمەي، ماۋۇ ئادەم خەقنىڭ بالىسىنى كۆتۈرۈپلا كەلگەن ئوخشامدۇ. بالىنىڭ ئانىسى شۇ تاپتا قانچىلىك سەدپارە بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ؟!

— نېمىدەپ ۋايسايدىغاندۇ ماۋۇ خوتۇن، مېنىڭ سېنىڭچىلىك ئەقلىم يوقمىدى؟

— ئەمىسە سىلىگە بىكاردىن-بىكارغىلا ئۇچراپ قالىدىغان بالا نەدە تۇرۇپتىكەن؟

— دەۋاتىمەنغۇ، كونا تۈگمەننىڭ يېنىدا يىغلاپ تۇرۇپتىكەن. ئۇ ئەتراپتا نەدىمۇ ئادەم بولسۇن، بەلكى بىرەر كارۋاندىن ئېزىپ چۈشۈپ قالغاندۇ ياكى بىرەرسى تاشلاپ كەتكەندۇ. مەيلى ئەمەسمۇ، ئىگىسى چىقىپ قالسا سالامەت تاپشۇرۇپ بېرىمىز، بولمىسا ئوغۇل بىزنىڭ.

— بوپتۇ، خاپا بولمىسىلا، — دېدى موماي ئۆزىنىڭ چېچەكتەك ئېچىلىپ كەتكەن ئوغلىنى ئەسلىگىنىچە بالىغا مەستلىكى كېلىپ قاراپ، — بۇ ئوغۇل بىزنىڭ رەھمەتلىك تۆمۈرخانغا شۇنداق ئوخشايدىكەن. بالىنىڭ ئىسمى نېمە ئىكەن؟

— ئىسمىنى بىلمىدىم، بايا مەن يولدا كېلىۋېتىپ ئۇنىڭغا «چۆل يىگىت» دەپ ئىسىم قويۇپ قويدۇم.

— قويسىلا، شۇمۇ ئىسىم بوپتۇمۇ، — دېدى موماي، — ئۇنىڭ ئىسمىنى «ھەمراھ» قويايلى.

— «چۆل يىگىت» دېگىنىمنىڭ سەۋەبى، — دەپ چۈشەندۈردى بوۋاي مومىيىغا، — ماڭا ئۇ چۆلدە ئۇچرىدى، ئۇ يەنە مۇشۇ چۆلدە ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ...

چايخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويۇلغان كونا ساندۇقتىن مېغىز-قاقلارنى ئېلىپ داستىخانغا تۆكۈۋاتقان موماي «چۆل يىگىت» دېگەن ئىسىمغا زادىلا رازى بولمىدى.

— ھەمراھ بولسۇن! — دەيتتى ئۇ، — خۇدايىم بۇيرۇپ، بۇ بالىنىڭ ئىگىسى چىقماي قالسىلا قېرىغاندا ئۇ بىزگە ھەمراھ بولىدۇ.

— قوي بولدى، «چۆل يىگىت» دېدىممۇ «چۆل يىگىت»! — دېدى بوۋاي تەرسالىق بىلەن.

بۇ تالاش-تارتىش توپەيلى بوۋاي بىلەن موماي يەنە قىزىرىشىپ قالغىلى تاسلا قالدى. سەپەر بولسا موماي تۆككەن تاتلىقلارنى بەھۇزۇر ئېغىز تېگىشكە باشلىغانىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئوسمانجان ساۋۇت

ياسىن زىلال

# خىيال پەرۋازلىرى

كېلەر بولساڭ چوقۇم تا ئۆلگۈچە جەزمەن كۈتەي جانان،
ۋىسالىڭنى قىلىپ غايە چېكىپ ئارمان ئۆتەي جانان،
خىيال سەھرىدە ئەرش ئۈزرە كۆرۈنسەڭ ماڭا خۇرشىدتەك،
ئاشۇ تاتلىق تەبەسسۇم تەسۋىرىڭگە نېمە دەي جانان؟!
كۆرۈندۈڭيۇ، شۇئان غايىب بولۇپ مەن ئوت ئارا قالدىم،
ساڭا سادىقلىقىمنى بىلدۈرۈپ يالقۇن ئىچەي جانان.
مۇھەببەت ئەھلى بىر ئوت ئەسلىدىن ئاتەش بىلەن تۇغقان.
مېنى زەر تاۋلىغاندەك تاۋلىساڭمۇ مەيلى ئەي جانان.
سىيمايىڭ قالدى قەلبىم قەسرىدە مەۋجۇت بولۇپ مەڭگۈ،
بېشىمنى سەجدىدىن قانداقمۇ بىر لەھزە ئۈزەي جانان.
كېلىشكە بولمىسا ۋاقتىڭ، قارارگاھىڭنى كۆرسەتكىن،
قىلىپ مەجنۇننى ھەيران، چۆل-باياۋانلار كېزەي جانان.
لەھەڭ دەم تارتسىمۇ دەريادا ئارزۇيۇڭ قۇتۇلدۇرغاي،
ئېگىز تاغدىن غۇلاپ ھاڭلاردا گۈللەر ئۈندۈرەي جانان.
ئۆلۈم مىڭ رەت يولۇقسا مىڭ قېتىم ئىشقىڭدا غالىب مەن،
سېنىڭ تۇرسا بۇ چان، سەن يوق يەنە قانداق ئۆلەي جانان.
كېلەر بولساڭ كېلەر بولغان يولۇڭدىن بىر بېشارەت بەر،
سېپىپ كۆز ياشلىرىمنى كىرپىكىمدە سۇپۇرەي جانان.
قىزارغان كۆزلىرىمنىڭ رەڭگىنى قان رەڭ شەپەقتىن كۆر،
بولۇتتەك چاچلىرىڭغا نۇر بولۇپ رىشتە ئۆرەي جانان.

*　　　*

ماڭا ياقۇت قەدەھ كار قىلمىغاي، بىر سېھرىي جام كەلتۈر،
ئەزىم دەرياىنى قۇم يۇتقان كەبى يۇتاي قىيام كەلتۈر.
بىلىق كۆز جام لېۋىمدىن ئۆچمىسۇن، جىسمىمۇ جان بولسۇن،
كۆزۈمدىن تاشسا تاشسۇن مەي تارامىلاپ، كۆپ ئارام كەلتۈر.
جاھاننى قىلمىغاي غەۋغايى ئالەم دەپ تۇرۇپ قالما،
سالارمەن ماجرا دۇنياغا گەر بىر جامنى كەم كەلتۈر.
نىمە ئۇنداق؟ تىلىڭنى قاغا ئۆزگەندەكلا تىمتابسەن،
باھاردەم قارلىغاچلار ئۈنلىگەندەك خۇش كالام كەلتۈر.
بولاي مەي كەيپىدىن مەن سېھرىي ئالەملەر ئارا مېھمان،
غەنىي ساقىي، بولۇپ مەي بەھرىنى توققۇز تارام كەلتۈر.
غۇلاچ ئاتسام چېچىلغان چاچقۇلاردىن ئەرشى مەست بولغاي،
ماڭا ئايدەك لېكىن چېھرىدە داغ يوق دىل ئارام كەلتۈر.
پەلەك سەھنىسدە گۈلئۈز بىلەن بىر بەزمە تۈزمىشسەن،
قورام تاش سېھرىدىن سۇ بولغۇدەك ئۈنزار مۇقام كەلتۈر.
گۈلئەندام نازىدىن جىسمىغا ئوت چۈشسۇن، بولاي خۇمدان،
ئۇنىڭ نازۇك تېنى ئېھ، دەستە گۈلدەك بىر تۇتام كەلتۈر.
قۇيۇندەك پىرقىراپ ھەم تولغىنىپ مەستانە ئۆرگۈلسەم،
تەئەججۇپتىن كېچىپ كەيپىگە ئورتاق دىلخۇرام كەلتۈر.
ھايات غەۋغاسىنى ئەسلەتمە بىردەمچە، خۇدا ھەققى،
مۇشۇ لەھزە مېنىڭ ئەركە خۇيۇمغا ئېھتىرام كەلتۈر.

*　　　*

ھايات خانەمدە ھەردەم بىتەكەللۇپ باركى بىر مېھمان،
پولات دەرۋازىلار قەسرىمدە سېھرىدىن ئوچۇق ھەرئان.
مېنىڭ ئەركىم ئۇنىڭ يادىغا كەلگەنگە قىلار قۇللۇق،
ئاداقسىز سۇردى دەۋران روھىي جانىم ئۆزرە بۇ ھىجران.
تومۇر دولقۇنلىرىمدا قانلىرىم كارۋان ياساپ ئاقسا،
ئۇنىڭ ھەر قەترىسى ئۈستىدە ياندۇرغاي ئەزىم گۈلخان.
جۇدالىق دەشتىدە چاڭقاقلىقىم باغرىمغا شور چاچسا،
بېرەر يالقۇن شارابى لىپمۇ لىپ ئوتدان كەبى پەيمان.

قىيالارغا يېپىشتۇرغاي مېنى ئاسماندا گۇل تەگلەپ،
شىۋىرغان مۇز داۋاندا يۈرگىنىمدە ئەيلىدى گىريان.
شەپەققە يۈگىنىپ تاغ باغرىدا قانچە تۈنەپ قالدىم،
قېشىمدا ئولتۇرۇپ ئاي سۆھبىتىمدىن قانچە ئاھ ئۇرغان.
چېقىنلار تاۋلىغان جىسمىغا يامغۇرلار سىگىپ كەتتى،
يانار تاغ ئۈستىدىن ئۆتسەم لاۋالار بولدى لال-ھەيران.
شامال سۆزمەنلىكىدىن بۇ جاھانغا بىر چۆچەك بولدۇم،
ھېكايەمدىن كۆيۈپ ھوشسىزلىنىپ ياپراق تۆكەر ئورمان.
پىغانىمدىن يىقىلدى تال شېخىدا ئۈنلىگەن كاككۇك،
چېچەكنى چىشلىگەنچە كۆزلىرىنى يۇمدى بۇلبۇلجان.
نە تۈندە كۆز يۇماي بىردەم، نە كۈندۈز ياگرىغاي كۆلكەم،
يېغىندەك تۆكۈلەر باغرىمغا ئارمان ئۈستىگە ئارمان.

* *

تېنىمگە جان بىلەن تەك چۈشتى ئوت، ئاتەش يۈرەك بولدۇم،
جۇنۇنلۇق چاقلىغان ھىجران، پىچاقىغا كېرەك بولدۇم.
قۇچۇپ ھەر قەترە قانىم ئارزۇ، چەكتىم ئۇپۇققا خەت،
گويا قاردەك شەپەقتىن يەرگە قونغان كېپىنەك بولدۇم.
دېمە قار، رەڭگى ھال، چوغ تەپتى بار ھەر بەرگىگە سىڭگەن،
قىراۋ مونچاقلىغان شاخلارغا قوندۇم، ئۆز چېچەك بولدۇم.
سابادىن كەلدى بۇلبۇلنىڭ ئۈنى، روھ ئالىمىدە توي،
قۇياشقا يەر يۈزىدىن رىشتە تارتقان زەر پىلەك بولدۇم.
خىيال نۇر چايقىغان دەرياكى، دىلدىن چەشمىزار تاپقاي،
ئەزەللىك نەزمىگاھلارغا قانات سۈرگەن تىلەك بولدۇم.
ئۇچۇپ ھەر تال گىياھتىن كۆلكە قوندى كۆككە يۇلتۇزدەك،
ئاۋام خەندانىغا تويماي مەي ئىچەر مەستخۇش پەلەك بولدۇم،
يۇلۇپ يۇلتۇزنى ھەر كىمنىڭكىنى ئۆز ئىلكىگە سالدىم،
خالايىقلار ئارا شۇنداق يېقىملىق بىر چۆچەك بولدۇم.

* *

توسىمغىن دوستۇم يولۇمدىن، دېمىگىن سەن بىر ياياق،
سەن بارار بولغان نىشان چۆچەككە ئوخشاش بەك يىراق.

مەن ئەمەستىم چۈشكە ئامراق، تۈندە ياستۇق مۈشپقى،
ھەم ئىدىم بىدارغا يات، ئويغاققا ئوخشاش ئۇخلىغاق.
تۈندە ۋاھ سېھرىي-كارامەت بولدى، ئاھ ئويغاندى روھ،
شىۋە قەدرى ئوتتى ماڭ، دەپ قول سوزۇپ قۇچتۇم پىراق.
بارىمەن كۆكتە بۇلۇتلارنى يېرىپ شۇڭقار بولۇپ،
لاتا يىپ ئوقيا ئەمەس غايەمدە ئوق ئۈزگەن رۇچاق.
قۇترىشىپ چۆلدە قۇيۇنتازلار ئىزىقاي گاھى-گاھ،
كۆزگە قۇم تولغاندىمۇ مەنزىلدە ئۇنلەر قوڭغۇراق.
مەن بارارمەن چۆلدە ياتتاق، سايدا قىرتاش ئۈستىدە،
تا شەپەقتىن باغقا رەڭ تۆككەي قىيا ئەمگەن بوياق.
بارىمەن ئوبدان ھاسام بولغاندا يىگنە يا خىزىر،
يا كۆمۈپ مۇخلار مېنى بىر جۈپ كۆزۈم بولغاي بۇلاق.
كېلىدۇ كەپتەر ئۇچۇپ سىرلىق قەسىرلەر ئۈستىدىن،
دەشتتە ئاققان چەشمىلەرنىڭ ھەيرىتىدىن مىڭ سوراق.
بەھرە تارىم ئەۋجى بارخان ئاتلىسا ئاھ، باغۇباغ،
چۆلدە مىڭ ياشلارنىكى توغراقتا گۈل-بۇلبۇلغا باق.
يا سېنى باشلاپ بارار تەختىراۋانلار شۇ تامان،
نەزمگاھ شائىر ئۇچۇن مىڭ زىندىپايلىق زەر راۋاق.
يا دېرەك بولماي يوقالسام قۇمغا سىڭگەن قەتىرىدەك،
چۆچىكىم بولغاي ئانا ئەللەيلىرىگە خاس قوشاق.

**مۇھەممەت خېۋىر**

## يىنھان غەزەللەر

### 1

سەھەر باشلاندى قەلبىمگە زوراۋان ئىشتىياقىڭدىن،
چىمەن باشلاندى دەشتىمگە قۇياش يامراپ سىياقىڭدىن.
تومۇز تەشنالىقى قاندى، يوقالدىم زىخ زىمىستاندىن،
شەپەق ئورناشتى كۆكسۈمگە يۇيۇلماس رەڭ-بوياقىڭدىن.
چېقىن بۇزدى گىرى چوققا سىزىپ قويغان تۇزاقلارنى،
تۆكۈلدى چارچىماس بىر يول پاياندار بوپ ئاياغىڭدىن.
چىمەن يازمىشلىرى قويدى رىسالەم كەينىگە ئۇندەش،
تەبەسسۇم بوپ ئۇرۇن ئالدى تېخى سىيدام ۋاراقىڭدىن.

تويۇندى نەۋباھاردىن نۇر، ئۆسەكلەر ھالسىراپ قالدى،
پەرىشتە رەسىمنى كۆردى نادانلار دەرس-ساۋاقىڭدىن.
قەيەردە قالدى سوغ چىللە؟ قۇيۇنلار پەسلى ئۇنتۇلدۇم،
قۇچاقتا چۈشتى كۆكلەم — ياز سېخىي ھىممەت زىناقىڭدىن.
سۇنۇق پىنھاندا ئۆزلەشتى تەساددىپ ئازغىشىپ ئامەت،
شاھانە تۆردە جاي ئالدىم ئاداققى رەت ساناقىڭدىن.

2

ئىلاھ رەسمى بىلەن مۇنبەر تەلەپ قىلدى گۈزەل شەپقەت،
سەبىي بەتتىن ئۇرۇن ئالدى نويۇزى پىشمىغان ھەيرەت.
كۆڭۈل مۈلكۈمدە سايلامغا بۇيۇك نامزات يېتىلگەندە،
يۇيۇپ كەتتى گۈزەللىك جىسمىدىن سەت چاچرىغان مەينەت.
بېغىشلاش پەيتى ئۆچكەندە سولاشتى لەرزىدىن بىر باغ،
قۇياش قولداشى بولماقتا ئامال تاپتى بەلەن غەيۋەت.
پۇتۇكلەر قوينىدا بال-قەنت ئىستىدەر چەرخ تۇرۇپ يىغلاپ،
زامان گەردىشىدىن سوغ كۆز نوقۇپ كۆرسەتتى سەل ھەيۋەت.
تۇتۇقلاشقان سىزىملەرگە يېتەمدۇ قۇترىغان سىگنال،
گۈزەللىك بەرقى ئىدراكتا ئۇلاشتۇردى يامان بىر دەرت.
يىراقلاپ كەتتى قەبىسدە پۇتۇلگەن تاش تۇتۇن بويلاپ،
قولۇمدا قالدى ھەيۋەتلىك يېتىملاشقان غېرىب شۆھرەت.
قەدەھ ئال-ياز، ماڭا ئۇلپەت بولۇشمۇ ئېھتىمال مەكرۇ،
لېكىن پاكىز شاراب سۈلغۇن يۈزۈڭگە چىقلىغاي ئىسكەت.
قاۋاقىڭ سىرتىدا گۈللەر قاچۇردى كۆزىنى سەندىن،
قارام پىنھان كەيىپ چاغدا سەرپ قىلدى قوپال جۈرئەت.

3

يەنە يۆكلەندى جەننەتنىڭ تىلەكلەر جەزبىسى دەمگە،
سۇنۇپ قالدى مۇنار چاڭقاق بېشىنى ئابى زەمزەمگە.
ئەسەبلەر قۇترىدى راۋرۇس تۇرۇپ دەس بۇ تىرىم پەيتى،
پۇتۇم لەۋزىنى مەھكەملەپ مۆھۈر ئۇرماقتا كۆكلەمگە.
رىۋايەت توختىماي كەلدى گىگانتلار بەزمى ئىمكاندا،
يېتەكلەپ ئەۋجى چاڭقاقلىق ئىشەندۇردى زەئىپ رەمگە.
مۇقەددەس بىر گۇناھقا باشلىندى تەشۋىش يېمەي سۆيگۈ،

بوشاشقان سەۋرىلەر يەتتى تىنىقلار ئەۋجىدىن ئەمگە.
شاراب قوي، لەۋدە ئاشماقتا ياۋايى ئېھتىياج ئالجىپ،
قانائەت تاپتى كىم نەدە ھېرىققان كونا ئۆلچەمگە؟
سائادەت نە ئۇچۇن پىنھان قاراڭغۇ مەيلىگە مەھكۇم،
ئۇشاقنىڭ نالىسى يەتسۇن ىنقابىسىز كۈللى ئالەمگە!

4

رىۋايەت پەللىسى تاڭدۇر، تىلەك تۈننى بىدار ئەتمىش،
ئىنايەت ۋىلۇنلى قەندۇر شېرىن چۈشتە دىدار ئەتمىش.
ئىبادەت قالدى مېھرابتا، قىرائەت تەلقىنى جارى،
ئۆزۈلمەس سەجدە جەننەتكە يېگىلمەي ئىنتىزار ئەتمىش.
زىناقلار تەكتىدە ئەپسۇن پەرىشتە ئەھدىنى يىرتىپ،
شالاڭ ئىمكاندا جىك مەقسەت گادايىنى تاجدار ئەتمىش.
ۋىسال قىيناقلىرى تەشنا يۈرەككە ماگىملار جىقلاپ،
ئۇتۇلماق جەزمى تەۋكادا مۇلاقاتنى قىمار ئەتمىش.
ئادالەت كەۋسىرى تۇرار لىپ ۋە لېكىن لەۋ ئوت،
شىكەستە قەلبىنى تىرنا ئايانماستىن ئازار ئەتمىش.
نادامەت مەۋسۇمى غىل-پال رەھىم تاپقاندا چولپاندىن،
بېخىل كەچ-شام چالا زوقتىن يەنە قات-قات خۇمار ئەتمىش.
گۈلۈم جەۋلاندا خوپ ئۆكتەم، ئۇنتۇماي جەزبى قىلتاقنى،
ھامان ياتلارغا بېزەك بوپ، سۆزۈك سەجدەمنى خار ئەتمىش.
ئۇنەلمەي ئاق قېلىپ ئەجرىم، غېرىبنى ئەتتى كۆپ ھەيران،
قوچۇپ ۋەسلىگنى چۆچەكتە كۆكۈلنى لالىزار ئەتمىش.
لېۋى چاك-چاك جۇنۇن پىنھان تۆكۈپ دەپتەرگە ئىزھارنى،
نەزەرگە يات بۇلۇڭلاردىن چېقىن نۇرنى جاكار ئەتمىش.

5

بىناكار ۋەسلى جىسمىدا باھارغا باشلىدى بىر يول،
كۆۋەجەپ ئەۋجى چولپاننى دەۋرگە ئالدى ئۆز مەرغۇل.
ئاۋاتلىق تاپتى مۇلكۇمدە چىمەن تەختىگە مۇشتاقلىق،
نىگاھقا باغلىنىپ تۇرغان نىشاندىن ئۆزگىسى مەجھۇل.

ھىجىر مۇچەللىرى كاج-كاج، ۋىسال چاقماقلىرى چۈشتۈر،
پەرز ئۇنتۇپ ئىزنىقاندەك ھامان خەندانىدا مەست بۇلبۇل.
ئاگاھلار تەھدىتى كۈچسىز، نىگاھلار سېھرى پەيغەمبەر،
ئۇدۇملار مەيلىنى ئۇنتۇپ چاراقلاشقا يۈرەك مەسئۇل.
رىزالىق لەۋزىگە سانجىپ تۇرارمەن دىلرەبا كۆزنى،
ھامان زور زىلزىلە بىرلە تىزىلدى دەستىگە ھال گۈل.
گۈزەللىك ئالەمىگە بىر كۆكۆللا سايلىيالار شاھ،
شارابسىز تەگشىلىش ئاشىق ئىلىگە دايىمى مەقبۇل.
ئۇچۇرمەك بەندىگە مەكرۇ ۋۇجۇدلار تەكتىدىن ئۇتنى،
سوغۇق گىردابقا مەھكۇمدۇر تىلەكنى توسۇغان نەس قول.
لاتاپەت ئىشقىدا ياندىك تىگىگا يەت غېرىب پىنھان،
غېرىب بەستىك ئىشق چەمبەرلىرىگە چارچىماس سىركۆل.

6

باھاردا گەرچە سۇرئەت پەس، ھامان تەشناغا نىشانە،
خىزىرلار ئىسىدىن ئۇچكەچ سىلانماي قالدى پىشانە.
ئازابسىز ئۇلتۇرار ھەيكەل پەرداز رىۋايىتى ئاگلاپ،
ئازابلار مەۋجىدە باقمىش ئاڭا ھەيرەتتە بىر خانە.
ھارارەت بولسا بىتەكشى، بالاغەت قەدىمى ھەم ماس،
پەقەت چۈشلەرگە لەززەتنى ئىھرەركەن ۋەھشىي ئەپسانە.
ئاتاقتا بولسىمۇ مەيلى ھەرەمدە شاھى سۇلتانلىق،
خۇدۇكلەر دەھشىتى بىرلە نىگاھىم سەندە سەرسانە.
رىيازەت مىسلى ئىشقىمغا نەقىش بوپ چۈشتى مۇستەھكەم،
چىمەن ھىممەتلىرى چۆلدىن ھامان ۋەيرانە-ۋەيرانە.
گۈلۈم خىلۋەتتە جەۋلاندا، ئازابىم نالىسى تەنھا،
ھىجىر زەنجىرلىرىدىن بىر ئاراش ئىزدەيدۇ پەيكانە.
ئۇزۇلدى قانچە رەت دولقۇن، ئۇزۇلمەي كەلدى جاھىل يول،
جۇنۇن ئىمكانىيەت ئەمرى بىلەن سايلاندى دىۋانە.
لەزىز چۈش بەھرىدە ئاقماق بىلەن كەتتى يىراق پىنھان،
ئەجەبمەس تەكتى ھىجراندىن سوزۇپ لەيلەتسە جانانە.

7

ياراتتىك نەۋئى كۆكلەمنى يېرىق لەۋ لەۋگە تەگكەندەك،
چىنارغا جۈپ قىلىپ چوققا، ئىلىپ قەددىمنى ئەگكەندەك.

شاكاراپ بەھرىنى كەۋسەر دېدى قىرغاقتىكى چاللار،
مىسال جەننەتتىكى ھۆرلەر مېنىڭ ۋەسلىمگە يەتكەندەك.
چىراغلار ئايرىۋاش بولدى بۇلۇتسىز كۆكتىكى كۈنگە،
ۋاقىت باغلاندى غەپلەتكە بۇلۇت سېھرى تەۋەتكەندەك.
قاچان ئويغاندى چۈس چاقماق، سېزىم ئويغاتتى زىخ چىللە؟
ئازابلار رەنجىنى لوقمان مېيىپ زەخمىگە تۆككەندەك.
قاچان شەيتان ئىنايەت بىرلە تىلسىمغا سېھىر بەردى،
زەھەردەك بىر قەلەندەرنى جاھان سۇلتانى ئەتكەندەك؟
ھۆكۈم مۇتلەقلىكى يۇپقا ھەرەم كۆرسەتتى بىر بالقىش،
چىگىلدىم زەھرى يانتاققا، مەسىھ چارمىقتا كەتكەندەك.
تولۇنئاي جەزبىدىن كەتتى، سىياھ تۈن بەردى مىڭ ئاپتاپ،
مىسال ئاپتاپلىرىم ئۆچتى چېقىن ئاپتاپتا ئۆچكەندەك.
شاراب ئىچ ھەم شاراب قۇي ئېھتىياج ساقىيسىغا ھەييام،
مىسال ئاتەش قۇيۇچ سۇغا قۇيۇچلۇق پەنتتە چۆككەندەك.
خىزىر ئالجىتتى پىنھاننى بۇدەم پىنھانلىقى مەكرۇ،
كەيپ جۇرئەت بىلەن مەجنۇن ھودۇقماي تەختكە ئۆتكەندەك.

**ئىبراھىم ئەلى**

## ئىلھام چەشمىلىرى

### نەۋرۇز

ئاپئاق لىباس كىيگەن زېمىن ناز ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ،
باھار ئەييام نەۋرۇز كەلدى، زىمىستان قىش قوغلىنىپ.
ئەگىز سۇيى شىلدىرلىشىپ ئەلچى بولۇپ كېلىشتى،
قىر بېشىدا سوردى ھۆزۈر قىز-يىگىت ئىز قوغلىشىپ.
غاقىلدىشىپ ئۇينار ئۇسسۇل تۇرنا، ئاق قۇ، ئۆردەك، غاز،
زىمىستان قىش مەۋسۇمىنى ئەنە شۇنداق ئۇزىتىپ.
قىزىپ كەتكەن يېزىلاردا ئېتىز-ئېرىق تېرىمى،
تۆمۈر تاپان بەك ئالدىراش چېپىشار غۇيۇلدىشىپ.
غۇر-غۇر شامال، كۆكتە لەگلەك ئۇچۇرۇپ شوخ باللار،
قىن-قىنىغا سىغىشماستىن ئوينىشار چۇرۇلدىشىپ.
ئۇز چوكانلار ئېتەر تەملىك، ئېسىل نورۇز ئېشىنى،

پەيزى سۇرەر ئەل-جامائەت بەزمە، ئۇغلاق ئۇيناشىپ.
مەيلى ياش ھەم ئاقساقالنىڭ نۇرلار ياغار چېھرىدىن،
تۇرۇپ سورۇن مەشرەپ ئويىنار ھەممە مۇقام تۈۋلىشىپ.
يىلنىڭ بېشى خوشلۇق بولسا كۆزدە ھوسۇل تاغ بولۇر،
روناق-كامال تاپىدۇ ئەل، بەرىكە-ئامەت توپلىشىپ.
ئايهاي، تارىم، جۇڭغار، ئىلى نەۋرۇز تويۇڭ قىزسۇن،
ھەكىم ئەلى يازار داستان گۈل بويۇڭغا گۈل قوشۇپ.

## خەتتات قىزغا

ھەرپلەردىن گۈل ئۈندۈرۈپ، ھىدى ئەنبەر، خۇش پۇراق،
سۆز-بوغۇمدىن ياساپ گۈلياغ دىلغا سالدىڭ ئىشتىياق.
بوستان ئىچرە تىننقلىرىڭ بۇلبۇلى قۇش كەبدۇر،
قەترە-قەترە پەش-چېكىتلەر شاھىدى ئىشقى پىراق.
جۈملىلەردىن قىلىپ ھاسىل ئاسمىنىڭدا ئاي-يۇلتۇز،
ئاقتى نۇرى بۇ زېمىنغا كۆڭۈلنى قىلىپ مۇشتاق.
ئاق شايىدەك ئاق قەغەزگە گۈل تىزىپ گۈل-گۈل قىلىپ
ئېلىپ لام-مىم، قاپ، كاپ... لىرىڭ سىياقى بەرگى قىياق.
رەيهان، رۇقى، تەلىق، كۇفى، نۇسخە ئۇتقاش، شىكەستە،
تۈز خەتلىرىڭ ئاجايىپكى ئۇقيادىكى بىر ساداق.
سەنئىتىڭدىن ئەقىل لالدۇر، زاتىڭ ھۆرمۇ پەرىمۇ،
رەشك ئەيلەپ ھەسەتخورلار چەكتى ھەسرەت بىساناق.
ئۈز خېتىڭدىن چىقتى ئاپتاپ دىيارىمغا بىھساب،
ھەكىم ئەلى كۆيدى ساڭا، بىر كېلىپ ئاچقىن قۇچاق.

## كىروورەن گۈزىلى

ساچى سۇمبۇل بىر گۈزەلكى، تالى مەجنۇندۇر خىجىل،
كۆزلىرى ئاھۇ كىيىكتەك، چېھرىدۇر ئايغا ئىجىل.
ئەگىم-ئەگىم قاشلىرىدۇر، قاگىشرى چۈشكەن ئېقىپ،
كىرپىكىدۇر ئېتىلغان ئوق، كۆرسىڭىز ھەيران ئەقىل.
قەددى شەمشاد، بويلىرىدۇر سەرۋى سۇپەت نازىنىن،
ھۆر-پەرىشتە كەبى ئاقتۇر ئەسلى زاتى پاك ئېسىل.

لەۋلىرىدە جۇلالايدۇ بىر ئۇلۇغلۇقتىن ئىما،
ئەڭ قەدىم ئەجدادىمىزغا ئۇ بولۇپ شاھىد-كېپىل.
خەلقى ئالەم كۆردى ئەلھال ئۆز جانانىنىڭ ھۆسنىنى،
«كىرورەنىنىڭ گۈزىلى» دەپ بەردى نام كۆركى نەسىل.
قۇم ئاستىدا نەچچە مىڭ يىل ئۇخلىغان ئۇيغۇر قىزى
چىقتى يۇلتۇز پارلىغاندەك، قىلدى جەۋلان بى دەخىل.
ئېيتقىنا، بىر ئەي نىگارا تەكلىماكان ئەسلىدە،
نامى مەشھۇر دېڭىزمىدى ياكى دەريا — ئامۇ، نىل؟
تەنۇ جىسمىڭ قىلدى ئاشكار مەدەنىيەت سىرىنى،
پەن-مەرىپەت بۆشۈكىگە كۆرسىتىپ پاكىت-دەلىل.
ئەمدى پىنھان قالمىغاي ھېچ قۇم ئاستىدا گۈل ئىزىڭ،
ئەۋلادىڭ گۈل ئېچىلدۇرغاي بۇ زېمىندا تۈمەن خىل.

## سۇمبۇل چاچ

ھۆر پەرىدەك جىلۋە ئەيلەپ باقتىڭ ماڭا، سۇمبۇل ساچ،
ئەس-ھوشۇمنى يوقاتتىم مەن كۆيدۈم ساڭا، سۇمبۇل ساچ.
يەتتە ئىقلىم بازارىدا يوقتۇر سەندەك نازىنىن،
شېرىن سۆزلۈك، ئاي يۈزلۈكۈم ئەي دىلرەبا سۇمبۇل ساچ.
ئەۋرىشىمدەك بويلىرىڭغا خوي ياراشقان كۆڭلىكىڭ،
لىپ-لىپ قىلىپ كىرپىكىڭدە ئاتتىڭ ئوقيا، سۇمبۇل ساچ.
كىيىپ گۈلگۈن چىمەن دوپپا ئۇينىساڭ نەپىس ئۇسسۇل،
جان قويغۇدەك يەر تاپالماي قالدىم ئاڭا سۇمبۇل ساچ.
پىر-پىر قىلىپ چۆرگىلىسەڭ يەر شارىنى ئەسلىتەر،
ئاھ دىلبىرىم، ئوينا ئۇسسۇل قىلىپ ساما، سۇمبۇل ساچ.
قايىنام بۇلاق كۆزلىرىڭدۇر، تەڭدىشىڭ يوق بىر سېنىڭ،
چېھرىڭدىن ئاي-كۈن خىجىلدۇر نۇرى زىيا، سۇمبۇل ساچ.
مەڭزىڭدە خال، قىلما ئۇۋال، شۇ زىناقىڭ-پىراقىڭ،
مېھر-ئىشقىڭ سۆزۈك ئاققان ئەزىم دەريا، سۇمبۇل ساچ.
گۈلى سەۋسەن ئېچىلغاندەك ئاغزىڭ ئوماق، لېۋىڭ بال،
ۋاھە سىرىتا، ھەكىم ئەلى باغرى يارا، سۇمبۇل ساچ.

## تەڭرىتاغ

ئىھ، تەڭرىتاغ تاغلار پىرى، ساڭا قەلبىم مەھلىيا،
سەن زېمىننىڭ گۈلتاجىسى، شاھىدىڭدۇر كۆك ساما.
ھىممىتىڭ زور، بايلىقىڭ مول، دۇردانىلەر خەزىنىسى،
زەررە مىسال تاش-تۇپرىقىڭ بىباھادۇر تۇتىيا.
تاغدا ئارقار، بۇغا-مارال، دەل-دەرەخلىك، چىمەنلىك،
نىمجانغا جان ئاتا قىلار گۈل-چېچەك، ئوت-چۆپ گىيا.
چىلە، كەكلىك، بۆدۈنە ھەم قىرغاۋۇللار زىننىتىڭ،
جەرەن، كېيىك توپ-توپ يۈرەر، قۇشلىرىڭ بۇلبۇلگويا.
ئالما، ئانار، ئۈزۈم، شاپتۇل، ئەنجۈر، گىلاس نېمىتىڭ،
تاغ سۇلىرى شۇنچە ئەلۋەك، ئىپار، زەپەر ئاب-ھاۋا.
قىسمىتىڭ سىر، خىسلىتىڭ كۆپ، دورا-دەرمەك خەزىنىسى،
سەندە ئۆمۈر چولپانلىرى بوگۈنمۇ ھەم بەك تولا.
ھەكىم لوقمان بولسا ئەگەر ئېيتار ئىدى ئاپىرىن،
سىر-ھېكمەتىڭ ماكانىسەن تەڭرىتاغىم — ئەي ئانا.

## بالام

مەرىپەت مەشئىلى ياندۇر جان-جىگەرىم ئۆز بالام،
ئىلمۇ ئىرپان بىر دېڭىزدۇر، دۇردانىلەر سۈز، بالام.
«ئۆچمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ بولما ھەرگىز لەنتى،
قىل شىجائەت، ئۆرلە ئېگىز كۆكتىن ئايىنى ئۈز، بالام.
ئەتراپقا باق، كۆزلە يىراق، كۆپلىرى كەتتى ئۆزاپ،
ئاشۇلاردىن نېمەلىك كەمدۇر، پىلانىڭنى تۈز بالام.
تەبىئەتنىڭ سىرلىرى كۆپ، ئەجىرگە خاس نېمىتى،
بۇ جاھاندا ھايات يولى ئەمەس تۈپتۈز بالام.
ئاق سۈت بېرىپ باقتى ئاناڭ، سېنى كۆز گۆھەرىم دەپ،
گۈلگە ئورا گۈل ئاناڭنى، مۇراتقا يەتكۈز بالام!

1995-، 1996-يىللار، ئۈرۈمچى

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

# كۆڭۈل ئارمانلىرى

1

ئۆزۈم تاللاپ، ئۆزۈم سۆيگەن سېنى بەختىمگە يارىم دەپ،
نېسىپ ئەتكەن ماڭا تەڭرىم كۆڭۈل مۈلكۈمدە بارىم دەپ.
قېلىشماي يەتتە ئاشىقتىن پىدا ئەيلەشتە بۇ جاننى،
سېلىپ جىسمىڭغا مەشۇقلۇق كۆيەتتىم ئىپتىخارىم دەپ.
سەمەندەر ئوتتا ئۆرتەنسە بولۇرمىش ۋەسلىگە قانغان،
ئوتتۇق كۆيدۈردى كۆل بولدۇم كۆيۈپ ئۆتمەك شوئارىم دەپ.
كېلىپ قىسمەت جۇدالىقتىن سېنى بىرى مېنىڭ ئەتتى،
سۆيەر ھەركەچ قوشۇپ ئەجرىم بىلەن سەن گۈل نىگارىم، دەپ.
قۇچاق ئاچقاندا ئۇ ھەر تاڭ گۈزەل كۆكسۈڭگە باقمىشتىن
ھېيىقامدۇ تېنىڭ ھەي-ھەي، ساڭا باقمايدۇ رايىم دەپ.
ئامالىم يوق، بەختلىك بول، سېنىڭ بەختىڭ — مېنىڭ بەختىم،
ئۆتەي مەنمۇ سېنى قەلبىمدە سۆيمەك دىل قارارىم دەپ.

2

سالام كەلمەيدۇ سېنەندىن يار سېنى تاڭدىن سوراي دەيمەن،
قەلەندەر تۇرقىدا يۈرتۈك تامان بىر كۈن باراي دەيمەن.
بوسۇغاڭغا بېرىپ ھەر تۈن يوغان ھويلاڭنى تىڭشاپ جىم،
كۆزەي سىرتلارغا بىر چىقساڭ، يوچۇقلاردىن ماراي دەيمەن.
بولۇپ دەپسەندە شۇ ئارمان تاقالغان چاغدا دەرۋازاڭ،
چىقىپ ئۆگزەڭگە تۆڭلۈكتىن ساڭا ئۈنسىز قاراي دەيمەن.
تۇرۇپ كۆكلەيدۇ بىر ئىنساب نىيەتلەر بەرگەندىن شۇ دەم،
ھالال بەختىنى جۈپلەرنىڭ بۇزۇشتىن مەن قالاي، دەيمەن.
شۇڭا سۈبھىدە كەتتىم، قال ماڭا ۋىجداندا تىل ئۈزمەي،
جاھان سەھراسى كەڭدۇر-كەڭ يەنە بىر يول سالاي دەيمەن.

3

ئوزۇق ئەيلەپ ئۆكۈنەمكىنى سېنى ئەسلەپ ئۆتەرمەنمۇ؟
ئۈمىد يوللاپ گۈزەل ۋەسلىڭ كۆڭۈل بەزلەپ ئۆتەرمەنمۇ؟
چۈشۈمنى ئاختۇرۇپ ھەر تۈن ئۆزۈڭ ھويلامغا كەلمىشتىن،
دېرىزەمنى چېكەرىڭنى كۈتۈپ، كۆزلەپ ئۆتەرمەنمۇ؟
گۈزەل يەكشەنبىدە يانسا بازار ئەھلى، سېنى ئىزلەپ
كېلەمدۇ، كۆرگىنىڭ بارمۇ؟ سوراپ-سۆزلەپ ئۆتەرمەنمۇ؟
تومۇزدا ناشتىسىز يىغلاپ ئۆتۈپ ئىسسىق بىتاب ياتسام،
ۋىسالىڭدىن بىمارلىقنى ئۆزۈم ئەملەپ ئۆتەرمەنمۇ؟
ئاناڭ ئۇچراشسا يوللاردا، بولۇرمەن كۈيئوغۇل بىر كۈن،
دېگەن مەقسەتنى يوتماستىن ئىچىم ئۆنلەپ ئۆتەرمەنمۇ؟
قەلەم تەگلەپ دېرىزەمگە ئۆتەر ئايغا سالام يازسام،
سالام كەلمەي يەنە بىر تۈن كۆزۈم نەملەپ ئۆتەرمەنمۇ؟
باھارنىڭ يامغۇرى چۈشكەن سەھەرلەرگە تىلەك يوللاپ،
پىشمىدىن سۆزلىگەن قىسمەت، دېبان سۆزلەپ ئۆتەرمەنمۇ؟

ئىبراھىم ئىزاقى

# ئانا دىيار كۈيلىرى

1

تارامىلار بەھرىدىن ھاسىل باياۋان سەتھىدە تارىم،
شۇڭا يۈكسەك مۇقام تۇتقان تەبىئەت تەختىدە تارىم.
قوشۇلماق كەلگ دېڭىزلارغا كۈيىنى كۈيلىمەس زىنھار،
ناۋاسىن ياڭرىتار ئۇشبۇ ماكانى ۋەسلىدە تارىم.
چىرايلىق سۆزلىدى ئىزگۈ ھېكايە بويىدا يۈرسەم،
بېرىپ بىر تارىخىدىن دەرس مۇقامى ۋەزنىدە تارىم.
دىلىم ئېكرانىدا ئەتتى ئەكس قىسمەتلىرى بىر-بىر،
چېكىپتۇ دەرد-پىراق، ئەقدىر قىسىپ ئىسكەنجىدە تارىم.
يولدا قىلسىمۇ بەرپا پەلەك بارخاننى قۇمدىن،

گاهى ئەگىپ، گاهى هالقىپ ئۆتۈپتۇ ئەۋجىدە تارىم.
ئىكەن تەڭ مۇڭ-پىغان شادلىق ئاڭا ھەمراھ قەدىمدىنلا،
يېزىپتۇ كۆلكە ياش بىرلە شەجەرىن ئەسلىدە تارىم.
ئۈمىد كۆكىدە پەر قاقتىم، قېتىلدىم، قەترە بوپ ئاقتىم،
بالام دەپ باغرىغا باستى ھېرىسلىق پەيتىدە تارىم.
زەئىپ بىر ئەر ئىدىم ئىززەت، غۇرۇرى سۇسلىشىپ كەتكەن،
ئاتا قىلدى يېڭى ئاڭ، روھ تەبەسسۇم چېھرىدە تارىم.
پەخىرلىك تۇيغۇسى بىرلە سىلىپ شاۋقۇن-سۇرەن ئاقتى،
ئۆزىنىڭ ئۇز سىماسىنى كۆرۈپ ئەل بەختىدە تارىم.
ئىزاقى ئۆزىنى مەغرۇر سېزەر ئالەمچە شۆھرەتتىن،
جاھاننى قويدى ھەيرەتتە بۈيۈك زەر پەسلىدە تارىم.

2

خىسلىتىڭ تەڭ تەڭرىگە ئىسمىڭمۇ ئوخشاش تەڭرىتاغ،
مويسىپىت يەر شارىغا يېشىڭ رەقەمداش تەڭرىتاغ.
بۇ كۆرەڭ ئالەممۇ كۆرمەي كەچمىشىڭدىن بىرىنى،
قالدى قېرىپ ئەمما تۇردۇڭ سەنلا ياپياش تەڭرىتاغ.
تەبىئەتمۇ قالدى ھەيران (قۇدرىتىڭدىن قىپ گۇمان)
باقمىغاچقا يارىتىپ تاغ ساڭا رەڭداش تەڭرىتاغ.
قىتىغىر تەقدىر زېمىننى تەۋرىتىپ باقتى سىناپ،
قىسسا قىسمەت ئامبۇرى بەردىڭكى بەرداش تەڭرىتاغ.
ئاي ئۈزەر تۈن دېڭىزىدا ساڭا ئەيلەپ ئېھتىرام،
قىلدۇ كۈندۈز قۇياش تەزىم ئېگىپ باش تەڭرىتاغ.
غېمى ئىزاقى غېمىڭ، بىر قايغۇسى قايغۇڭ بىلەن،
ئارزۇيۇم ئورتاق ساڭا، كۆلكەم ئاھاڭداش تەڭرىتاغ.

3

ئەر تۇغۇلدۇم، ئەل ئۈچۈن كارغا ياراشقا مەن باراي،
كىشىلىك ئالەمدە ئادەمدەك ياشاشقا مەن باراي.
يىرتىلىپ كەتسە سامانىڭ كۆڭلىكى چاقماق چېقىپ،
يۇلىنىپ ئۈپۈققا يوچۇقنى ياماشقا مەن باراي.

قالسا ناگىھان پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆرگىلەپ،
بەل چىكىپ پىدائىيلىققا، ئوك بۇراشقا مەن باراي.
نۇرغا تەسكەيلەر تەلەپكار تاكى تارىختىن بېرى،
چارە تېپىپ كەلگىلى باشلاپ قۇياشقا مەن باراي.
جۇت- بوران، قاقشىتىق ھاۋالاردىن بىزار باغ گۈللىرى،
قۇترىغان تەتۈر قۇيۇنلارنى توسۇشقا مەن باراي.
يۇرتقا تىنچلىق، ئەلگە ئەمىنلىك كېرەك ھەم بىزگە قۇت،
تىنچ ئاسايىشلىق قوۋۇقىغا قاراشقا مەن باراي.
دېسە ئىزاقى ئىرادەڭنى رېئاللىق رەت قىلۇر،
ھەقنى ئىسپات ئەتكىلى تاراش- تاراشقا مەن باراي.

## 4

تالاشقانچە يېڭىلىنار قىياپەتتە بۇ دۇنيا،
تالىشىڭلار، يۈكسىلەر رىقابەتتە بۇ دۇنيا.
تالاشماسقا ئۆچ، بىراق تالاشقانغا بەك ئامراق،
قويار تەرك ئەتكەننى جاھالەتتە بۇ دۇنيا.
دۇنيا ئۈچۈن كۈرەشتىن ئۆزىن تەرك ئەتكەننى
مەھرۇم قىلۇر ئەركتىن تىرىك ھالەتتە بۇ دۇنيا.
ياشاش ئۈچۈن ئىنساندەك، دۇنيا لازىم ئادەمگە،
تالاشقانغا يۈز ئاچار نازاكەتتە بۇ دۇنيا.
سۆيمەس دىلىدا دۇنيانى ھايات - ئىشقى يانمىغان،
شۇڭا قويار دەرۋىشنى ئاسارەتتە بۇ دۇنيا.
كۆيەر دىلدىن كۆيگەنگە، سۆيەر جاندىن سۆيگەننى،
يايرىتىدۇ قوينىدا قۇت-راھەتتە بۇ دۇنيا.
مۇرات گۈلى ئېچىلماس باغرىدا جەڭ-چېلىشسىز،
تەر تۆككەنگە شان بېرەر ھەرسائەتتە بۇ دۇنيا.
كۈرەش بىلەن، ئىزاقى، دۇنيانى ئال ئىلكىڭگە،
كەلمەس قولغا چۈش ۋە خام خىيالەتتە بۇ دۇنيا.

نۇرمۇھەممەت توختى

# يىتىم باللارنىڭ كەلگۈسى گۈزەل بولسۇن

(ئەدەبي ئاخبارات)



## شەپقەت يامغۇرى

قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان يىراق، چەت، نامرات چىرا ناھىيىسىدە تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە يېغىن كەم بولىدۇ. پەسىللىك دەريالارغا كەلگۈن كېلىشتىن ئىلگىرى پۈتۈن ئەتىياز ۋە باش يازدا ئېتىزلار قاغجىراپ، خۇددى «چارلاش كېسىلى» گە گىرىپتار بولغان ئادەمنىڭ مەيدىسىدەك چاك-چاك يېرىلىدۇ. مايسىلار تەشنالىقتىن سولىشىدۇ. چاڭقىغان كىشىلەر ئېشەك ھارۋىسىغا بېسىلغان تۆمۈر باكلار بىلەن يىراق-يىراقلاردىكى كۆللەردىن سۇ توشۇيدۇ.

چىرىلىقلار يامغۇرغا تەشنا. ئۇلار سول ئالقىنىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ تۇمانلىق، چاڭ-توزانلىق ئاسمانغا ئۈمىد بىلەن تىكىلىدۇ. ئاشۇ پايانسىز كۆكتە بۇلۇت پەيدا بولۇشىنى، يامغۇر يېغىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، يامغۇر تىلەيدۇ. ئېلىش بېشىدا قازان ئېسىپ «زارا خەتمە» ئۆتكۈزىدۇ. لېكىن، ھاۋانىڭ پەيلى يەنىلا شۇ. ئاتام ئېيتقان بايىقى. بوران سوقۇپ تۇرغان ئاسماندىن توختىماي توپا-توزان ياغىدۇ. ئىسسىق، قۇرغاق ھاۋا نەپەسنى سىقىدۇ. تۇتۇق ئاسماندا بۇلۇتتىن ئەسەر يوق، يامغۇردىن ئەسەر يوق.

ۋەھالەنكى، ئاشۇ كەم سۇ، قۇرغاق، نامرات چىرا ناھىيىسىدە تۆت يىلدىن بېرى ئاجايىپ خاسىيەتلىك بىر يامغۇر توختىماي يېغىپ تۇردى، شارقىراپ ياغدى، چېلەكلەپ تۆككەندەك ياغدى. غۇنچە-چېچەكلەر ئابھاياتقا ئېرىشتى؛ غۇنچە-چېچەكلەرنىڭ تەشنالىقى قاندى. بۇ شەپقەت يامغۇرى! ئاتا-ئانا مېھرىدىن جۇدا بولغان يېتىم باللار قەلبىگە ياغقان مېھىر-مۇھەببەت يامغۇرى!

بۇ شەپقەت يامغۇرىنى ئېزگۈ نىيەتلىك، قەلبى مۇھەببەتكە تولغان چىرىلىقلار ياغدۇردى. ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم، شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلار ياغدۇردى. ئوقۇتقۇچىلار، كادىرلار، دېھقانلار، ئىشچىلار ياغدۇردى. تەرەققىپەرۋەر دىنىي زاتلار، سودا-سانائەتچىلەر، تىجارەتچى-كاسىپلار ياغدۇردى. ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە تالىق بولغان مېھىر-مۇھەببەتنىڭ

بىر قىسمىنى سېخىيلىق بىلەن ئاجرىتىپ كۆڭلى سۇنۇق يېتىم بىچارىلەرگە مەردانىلىك بىلەن تەقدىم قىلدى. ئۇلارغا دۇنيانىڭ ئىللىقلىقىنى، ھاياتنىڭ لەززەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. ئاتا مېھرىنى، ئانا مېھرىنى يەتكۈزدى. ئۇلار قولىدىن كېلىدىغانىنىڭ ھەممىسىنى قىلدى.

ئىزگۈ نىيەتلىك چىرىلىقلار 1992-يىلى 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىگە «يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزى» سالدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى 1729 نەپەر يېتىم بالىنىڭ تېگى-تەكتىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئىگە-چاقىسىز قالغان 70 نەپەر «قوش يېتىم»نى «پاراۋانلىق مەركىزى»گە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياتقىنى، تاماقىنى، كىيىم-كېچىكىنى، ئوقۇش-تەربىيىلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. گەرچە چىرىلىقلارنىڭ ئۆزى تېخى تولۇق «قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش سەۋىيىسى»گە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ناھىيىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى ئاران 600 يۈەن ئەتراپىدا بولسىمۇ، ئۇلار 1994-يىلى ھەر بىر يېتىم بالا ئۈچۈن 1109 يۈەندىن پۇل خەجلەپ، ئۇلارنى «قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش سەۋىيىسى»دىن ئالدىن بەھرىمەن قىلدى. 1995-يىلى ئەتىيازدا يەنە «يېتىم بالىلار پاراۋانلىق فوندى» تەسىس قىلىپ 300 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلىدى. «پاراۋانلىق مەركىزى» سىغدۇرالمىغان يېتىملارنى ھەر قايسى يېزىلاردىكى ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەر يېنىغا تارتتى. يېتىم بالىلارنى ھەقسىز ئوقۇتۇشنى، ئۇلارغا ھەقسىز ھۈنەر ئۆگىتىشنى يولغا قويدى. مۇشۇ ئاددىي لېكىن ئۇلۇغ ئىشلارنى «شەپقەت» دېمەي يەنە نېمە دېگۈلۈك! ئاشۇ مۇقەددەس سۆز بىلەن سۆيەتلىمەي يەنە قايسى سۆز بىلەن سۆيەتلەيمىز؟

چىرىدا شەپقەت يامغۇرى ياغدى. ھۆل-يېغىن كەم بولىدىغان چىرىدا يېتىملارنىڭ تەشنالىقى قاندى. ئۇلارنىڭ تەقدىر مۇزلاتقان قەلبى ئىللىدى. چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولدى.

چىرا ناھىيىلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى توختىروزى سالى بىر شائىرنىڭ سوئالىغا جاۋابەن: «بىزنىڭ چىرىدا كوچا-كويلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بىرمۇ يېتىم بالا يوق» دېدى. چىرا ناھىيىسىنىڭ ياش ھاكىمى يالقۇن قادىر «مەن چىرىغا ھاكىم بولغاندىن كېيىن ۋۇجۇدقا چىققان ئىشلار ئىچىدىكى ئەڭ خاسىيەتلىكى مۇشۇ...» دېدى. مانا بۇ — پەخىرلىنىش! چىرىلىقلار پەخىرلىنىشكە ھەقلىق. ھاكىم يالقۇن قادىر پەخىرلىنىشكە ھەقلىق. كىشىلەرگە، باشقىلارغا بەخت ئاتا قىلالىغان، كۈلكە تەقدىم ئېتەلىگەن، مېھىر-مۇھەببەت بەخشەندە قىلالىغانلار پەخىرلەنمەي يەنە كىم پەخىرلىنسۇن؟ پەخىرلەن چىرىلىقلار.

## خىجىللىق

ئالەم 21 - ئەسىرگە ــ ئېلېكترون ئەسىرگە، تىنچلىق ئەسىرگە، باياشادلىق - ئاسايىش - لىق ئەسىرگە ھالقىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۈچ ئاغرىتىشقا، ھېسداشلىق قىلىشقا، ياردەم بېرىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلارنىڭ، نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى يەنىلا پاكىت. ۋاھالەنكى، بۇ ئەجەبلىنىدىغان ئىش ئەمەس. خۇشاللىق بىلەن دەرد - ئەلەمنىڭ، كۈلكە بىلەن كۆز يېشىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان كىشىلىك ھاياتتا تەقدىرنىڭ كارامەت كۆرسىتىشىنى كىم توسۇپ قالالايدۇ. مېيىپلار، يېتىم - يېسىرلار، نامراتلار، ئاپەتكە ۋە بالا - قازاغا ئۇچرىغانلار، مۇساپىرلار، نەسلى قۇرۇپ يوقىلىۋاتقانلار ئەنە شۇ رەھىمسىز تەقدىرنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟ بىز ئاتا - ئانا مېھرىدىن سۆيۈنۈپ ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ياشاۋاتقان نەبىجان بىلەن ئاتا - ئانىسىدىن جۇدا بولۇپ، ئەينى چاغدا يامغۇردا قالغان چۈجىدەك شۈمشەيگەن غېنىجاننى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەكلا تەقدىرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تامامەن چۈشىنىپ كېتەلەيمىز. تەقدىر ئەنە شۇنىڭغا قادىر. ئۇ ئەنە شۇنداق شەپقەتلىك، يەنە شۇنداق رەھىمسىز. ئۇ كۈلكىگە تەشنا. يەنە كۆز يېشىغىمۇ موھتاج. ۋەھالەنكى، كىشىلەر بەزى ھاللاردا تەقدىرنى ئۆزگەرتىشكە، تەقدىرنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى، كۈلپەت - ئازابلىرىنى يەڭگىللىتىشكە تامامەن قادىر. چىرىلىقلارنىڭ يېتىم باللارنىڭ كۆز يېشىغا توچكا قويغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى.

70 - ، 60 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە چىرا دىيارىدا كىشىلەر يېتىم باللارنى كەمدىن كەم ئەسكە ئالدى. ئۇزاق يىل داۋام قىلغان سىياسىي بوران - چاپقۇنلار، ئېغىر نامراتلىق بۇنىڭغا پۇرسەت بەرمىدى. يېتىملار تاشلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ پەرياد - نادامىتى چىرا ئاسمىنىدا ئۇچقان توزانلىق بورانغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆز يېشى «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» ۋە «چىرا ئۆستەڭى» نىڭ پاتقاقلىق سۈيىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆز يېشى يىلسايىن بېسىپ كېلىۋاتقان قۇملارغا سىڭىپ كەتتى.

بىر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۈچۈن، ھاكىم ئۈچۈن ئېيتقاندا مائارىپقا كۆڭۈل بۆلمەسلىكتىن، باللار تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكتىن ئارتۇقراق نومۇس ئىش بولمىسا كېرەك. ئىشلەپچىقىرىشقا، ئەتىلا ئۈنۈم بېرىدىغان ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ كەلگۈسى سۈپىتىگە ئالىق بولغان باللار تەربىيىسىگە سەل قاراشتىن ئارتۇقراق كالتە پەملىك بولمىسا كېرەك. خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق ھاكىمى ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېخىمۇ شۇنداق. يېتىم باللارمۇ ئوخشاشلا جەمئىيەتنىڭ بالىسى، ئاتا - ئانىلىق باللارغا ئوخشاشلا كەلگۈسىنىڭ ئىگىسى. ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكمۇ ئوخشاشلا نومۇس قىلىدىغان، خىجىل بولىدىغان ئىش.

بۇ يەردىمۇ يەنىلا تەقدىر رول ئوينىدى. ئاشۇ تەقدىرنىڭ ئىرادىسى سەۋەبلىك يېتىم باللارنى تاشلاپ قويغانلىقتەك نومۇسلۇق ئىش ئۇچۇن ئۇيىلىش ۋە خىجىل بولۇش كېپىنكى ھاكىم يالقۇن قادىرنىڭ بېشىغا كەلدى. ئۇ خىجىللىقتىن شەلپەردەك قىزاردى. كىيىملىرى جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن بىر يېتىم بالا ئالدىدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى. كۆزلىرى بىشختىيار يەرگە ئاغدى. بۇ — 1991-يىل 27-فېۋرال يۈز بەرگەن ئىش.

ئاخشام خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مەلۇم بىر ۋالىيسى چېرىدا قونۇپ قالدى. ئۇ ئۇزاقتىچە چىرا ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن چىرىنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلغان، كۇنسېرى بېسىپ كېلىۋاتقان قۇمنى قانداق توسۇش، 30 يىل داۋام قىلغان «جەڭگىۋار ئۇستەڭ» قۇرۇلۇشىنى تاماملاش، تەشنە تېشىپ سۇ باشلاش جېڭى ئېلىپ بېرىۋاتقان بوستانلىقلارغا ياردەم كۆرسىتىش، چىرىلىقلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرلىرى ئۇستىدە سۆزلەشكەنىدى. ئۇ ھېرىپ چارچىغان بولۇشى ياكى چىرا ھەققىدە يەنىمۇ چوڭقۇرراق تەسراتقا ئىگە بولۇشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. گەرچە بىرەر سائەتتىلا ۋىلايەت مەركىزىگە، ئىللىق ئائىلىسىگە قايتىپ كېتەلەيدىغان بولسىمۇ يەنىلا چىرىدا قونۇپ قالدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر قەۋەتلىك، كونا، پارسىز، سوغۇق مېھمانخانىسىدا قونۇپ قالدى. كاتىپ، شوپۇرمۇ قونۇپ قالدى. بۇ يەردە ماشىنا قويۇش ئۆيى يوق ئىدى. ۋالىينىڭ «كىرەيسىر» ماركىلىق دالا پىكاپىمۇ ياتاقنىڭ ئالدىدا، بوران-شامال سوقۇپ تۇرغان ئوچۇقچىلىقتا قوندى. ۋالىي ئۇخلىدىمۇ، ئۇخلىمىدىمۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمىدى. لېكىن ئۇ تاڭ يورۇمايلا مېھمانخانا ھويلىسىدا پەيدا بولدى. ئۇياق-بۇياققا ماڭدى. پۇت-قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈردى. باش باھارنىڭ سوغۇق شاملى نەشتەردەك ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ۋالىينىڭ ۋۇجۇدى تىترەكلەشتى. ئۇ تەيجى گۇمپىسىنى مەشىق قىلماقچى بولدى-يۇ، لېكىن تېمىشقىدۇر بۇ ئويىدىن ۋاز كەچتى. ئۇنىڭ ئالدىدا شوپۇرى كۆزقارىچۇقىدەك ئاسرايدىغان «كىرەيسىر» تۇراتتى. «كىرەيسىر»نىڭ ئاپئاق سىرلىرىنى قېلىن بىرقەۋەت چاڭ-توزان باسقانىدى. ۋالىي تېمىشقىدۇر ئۇنى خۇددى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك تولۇق كۆزىتىپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆز نۇرلىرى پىكاپنىڭ تېگىگە چۈشكەندە گويا قېتىپ قالغاندەك توختىدى. قەلبى لال-ھەيران بولدى. ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ دىققەت بىلەن كۆزەتتى: جۇل-جۇل كىيىملىك بىر كىچىك بالا ماشىنىنىڭ تېگىدە چاققا يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. بالا كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالغان، ۋۇجۇدى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەيتتى. چىشلىرى غۇچۇرلايتتى. لەۋلىرى كۆكەرگەن، چىرايىدىكى سېرىق تۈكلەر تىك تۇرۇپ كەتكەن، كۆزىدىن ئاققان ياش چاڭ-توزان باسقان مەڭزىدە ئېنىق ئىز قالدۇرۇپ ساقىپ چۈشكەنىدى. ۋالىينىڭ يۈرىكى تىترىدى. مېگىسىدىن چۈشىنىكسىز بىر سېرىق ئۇچقۇن چاقناپ ئۆتكەندەك ۋاللىداپ ئۆتۈپ كەتتى.

ۋالىينىڭ پەلتوسىنى يېپىنىپ، مەشكە خىلى ئۇزۇن قاقلانغان، بىر ئىستاكان

ئىسسىق چاي ئىچكەن بالىنىڭ تېنىدىكى ئاستا-ئاستا بېسىلدى. چىرايىدا دېگەك تۇرغان سېرىق تۆكلەرمۇ يوقالدى. چاينى ئوتلىغانسېرى خۇددى ئاشۇ چاي ئۆرلەپ چىققاندەك بالىنىڭ كۆز چاناقلىرىغا لىققىدە ياش تولدى. ئۇ كۆلۈمسىرىمەكچى بولاتتى. نېمدۇر بىر نەرسە دېيىشكە تەمشىلەتتى. ئۇستاكاننى قوش قوللاپ چىڭ سىقىمدايتتى. بۇ ئىنسان بالىسىنىڭ تاشلاندۇق ئاسلاندەك سۆۋۈنۈشى، خۇشامەت قىلىشى، بىلىنىشى ئىدى. ۋالىينىڭ كۆز چاناقلىرىغىمۇ لىققىدە ياش تولدى.

ھاكىم يالقۇن قادىر ۋالىينى ئەتىگەنلىك ناشتىغا چىللاپ كىرگەندە ئاشۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ، بوسۇغىسىدىلا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. ۋالىي ھاكىمغا قاراپمۇ قويمىدى. بالا بولسا نېمە قىلىشنى بىلمەي، كىمدىندۇر ئاھانەت ئاڭلاشتىن قورققاندەك ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى-يۇ، ۋالىينىڭ ئىشارىسى بىلەن مىدىراپ قويۇپ يەنە ئولتۇردى. ياتاق ئىچىنى ئېغىر سۈكۈنات باسقانىدى. ھەتتا مەشتىكى ئوتنىڭ چىرسىلداپ كۆيگەن ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى. يالقۇن قادىر يۈرىكىنى ئېغىر تۈگمەن تېشى بېسىۋالغاندەك ھېس قىلدى.

— ئاتا-ئانىسىز يېتىم ئىكەن، كىچىچە ماشىنىنىڭ تېگىدە يېتىپ چىقىپتۇ.

ۋالىي نەگىدۇر بىر يەرگە تىكىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى. لېكىن بۇ يالقۇن قادىرغا دېيىلگەن گەپ ئىدى. يالقۇن قادىر بالىنىڭ چىرايىغا لەپپىدە قاراپ، شۇ دەقىقە بالا كۆزلىرىدىن تاراملاپ چۈشۈۋاتقان ياشنى كۆرۈشكە ئۈلگۈردى. شۇ دەقىقە يالقۇن قادىرنىڭ قەلبىدىن نۇرغۇن نەرسىلەر كېزىپ ئۆتتى. ئۆزىنىڭ چىرا خەلقى ئالدىدىكى بۇرچى، چىرا بالىلىرى ئالدىدىكى بۇرچى كېزىپ ئۆتتى. چىرا خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، چىرا مائارىپىنىڭ ئەھۋالى كېزىپ ئۆتتى. ئۇنىڭغا پات-پات ئۇچراپ تۇرىدىغان چىرا يېتىملىرىمۇ كېزىپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ سەدىقە تىلەپ سوزغان قوللىرى گويا ساكيامۇنىنىڭ بارماقلىرىدەك يوغىناپ، كۆز چاناقلىرى ئىچىگە تېشىپ كىرگەندەك سېزىلدى. يېتىم بولسىمۇ بالىغۇ، جەمئىيەتنىڭ، چىرنىڭ بالىسىغۇ، ئۇمۇ ئوخشاشلا توق يەپ، ئىسسىق كىيىنىپ، تەربىيىلىنىشكە، ئەتىۋارلىنىشقا تېگىشلىك بالا. كەچلىرى تېلېۋىزور كۆرۈپ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىن ھوزۇرلىنىشقا، غەمسىز تۇرمۇش كەچۈرۈشكە، شوخ تاپىچاقتەك قېيغىتىپ، مەكتەپ گۈلزارىدا چېچەكلەشكە ھوقۇقلۇق بالا. تەقدىر ئۇنى ئاتا مېھرىدىن، ئانا مېھرىدىن مەھرۇم قىلدى. ئانىسىنىڭ ئىسسىق باغرىدىن، ئاتىسىنىڭ سالقىن دولىسىدىن مەھرۇم قىلدى. ۋەھالەنكى، بۇ ئۇلارنىڭ ئاش-ئوزۇقتىن، كىيىم-كېچەكتىن، مەكتەپتە تەربىيىلىنىشىدىن، ئۆي-ئوۋىسىدىن مەھرۇم بولۇشىدىن دېرەك بەرمەسلىكى كېرەك ئىدىغۇ. ناھىيە رەھبەرلىكى بۇنىڭغا كېپىللىك قىلىشى كېرەك ئىدىغۇ. تەشكىل ۋە ھاكىمنىڭ بۇرچى شۇ ئىدىغۇ. مانا ھازىر ئۇ جۇل-جۇل كىيىم بىلەن ئاچ قورساق ھالدا تالادا يېتىپ يۈرۈپتۇ. ماشىنىنىڭ تېگىدە يېتىپ چىقىپتۇ. يالقۇن قادىر شۇ دەقىقىدە، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان چىرا دىيارىدا يېتىم بالىلار

توغرىسىدا تۈزۈكرەك ئىش قىلىنمىغانلىقىنى يادىغا ئالدى. ئۇ ئاشۇ ئىشلار ئۈچۈن، ئاشۇ يىللار ئۈچۈن نومۇس قىلدى. خىجىل بولدى. خىجىللىقتىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، بوسۇغىدىلا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى.

شۇ كۈنى ۋالىي تاكى چۈشكىچە ھېلىقى يېتىم بالىنى ئۆز يېنىدا بىللە ئېلىپ يۈردى. ھاكىمغا بۇ بالا توغرىسىدىمۇ، باشقا يېتىم بالىلار توغرىسىدىمۇ ھېچنېمە دېمىدى. ئەگەر ئۇ «يېتىم بالىلارغا كۆڭۈل بۆلمەيسىلەر، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرمايسىلەر...» دەپ تەنقىد قىلغان بولسا ياكى يېتىم بالىلاردىن خەۋەر ئېلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن بولسا، ياللۇن قادىرغا بىرئاز يېنىك بولغان بولاتتى. يېتىم بالىلاردىن خەۋەر ئالالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئاللىبىر باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۆزىنى ئاقلىغانمۇ بولاتتى. لېكىن ۋالىي ھېچنېمە دېمىدى. ياللۇن قادىرنى خالىغانچە خىجىل بولۇشقا قويۇۋەتتى. ئۇ ۋالىيدىن كۆرە ماشىنا تېگىدە تۇنىگەن ئاشۇ يېتىم بالا ئالدىدا خىجىل بولدى. بالىنىڭ چىرايىغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۆزىنى ئاشۇ يېتىم بالا ئالدىدا گۇناھكاردەك ھېس قىلدى. ئاشۇ بالا بەلكىم ھۆكۈمەت دېگەننىڭ پۇقرادىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى، يېتىم قالغاندا، ئاپەتكە ئۇچرىغاندا يېقىش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا تەلەپ-ئىلتىماس قىلىپ كەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ياللۇن ھاكىم ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، خىجىل بولاتتى. ئۇنىڭ خىجىللىقى چۈشتە، ۋالىيدىن نېمدۇر بىرئىش توغرىسىدا يوليورۇق سوراشقا كەلگەن كىرىيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئابدۇراخمان قۇربان: «بۇ بالىنى مەن ئەكەتتەي، بىزنىڭ ناھىيىدە يېتىم بالىلار پاراۋانلىق ئورنى بار. ئۇنى شۇ يەردە باقايلى...» دەپ ئېلىپ كەتكەندە ئەڭ ئەۋجىگە چىقتى. ئەمدى ۋالىي ۋە يېتىم بالا ئالدىدىلا ئەمەس ئەل-جامائەت ئالدىدىمۇ خىجىل بولدى. چىرا خەلقى ئالدىدا خىجىل بولدى. چىرانىڭ ھاكىمى تۇرۇپ، چىرىلىق بىر يېتىم بالىدىن خەۋەر ئالالمىغانلىقىدىن خىجىل بولدى.

ئاشۇ خىجىللىق ياللۇن ھاكىمنىڭ قەلبىدە يۈكسەك ۋە ھەشىمەتلىك بىر مېھىر-مۇھەببەت قۇرۇلۇشىغا ئۇل بولدى. ئۇ قىرىق يىل قىلىنمىغان ئىشنى قىلىش ئىرادىسىگە، بۇ خىجىللىقنى يەنە كېيىنكى ئەۋلادلىك ھاكىمغا مىراس قالدۇرماسلىق نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ قەلبى: يېتىملارنىڭ كۆز يېشى توختىسۇن، نالە-پەريادى توختىسۇن، ئۇلارنىڭ چىرايىدىمۇ نۇر-ئاپتاپ جىلۋە قىلسۇن، دەپ خىتاب قىلاتتى.

بىر يېتىم بالىنىڭ كىرىيە ناھىيىسىدىكىلەر ئېلىپ كەتتى. چىرىدا يەنە قانچىلىك يېتىم بالا بار؟ ئانىسىزدىن قانچىسى، ئاتىسىزدىن قانچىسى بار؟ ھەر ئىككىلىسىدىن مەھرۇم بولغان شۇم تەلەيدىن قانچىسى بار؟ ئۇلار نەلەردە، قايسى تامنىڭ بۇلۇڭىدا، قايسى ناۋايىنىڭ تونۇرىدا؟ ئەمدى يەنە توختاپ تۇرماسلىق كېرەك. دەرھال ئىنقىلاپ، تېگى-تەكتىنى تېپىپ، خەۋەر ئېلىش پىلانىنى تۈزۈش، خەۋەر ئېلىشنى باشلاش كېرەك.

قانچە بالدۇر تۇتۇش قىلىنسا شۇنچە ياخشى. يېتىملارنىڭ نالە-پەريادى بىر قېتىم ئاز ياڭرايدۇ. بىر تامچە كۆز يېشى ئاز تامىدۇ.

چىرا ناھىيىسىدىكى خەلق ئىشلىرى كادىرلىرى مۇقەددەس، ئۇلۇغ، ساۋابلىق ئىشقا قەدەم باستى. ئۇلار يېتىملار ئىشىنىڭ ئۇلۇغ، مۇقەددەس ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇراتتى. ئۇلار جاپا-مۇشەققەتتىن، ھېرىپ-چارچاشتىن قورقمىدى. ئۇلارنىڭ قەدەملىرى چاقار، ئۇلۇغساي، نۇرى، بوستانلارنىڭ تاشلىق يوللىرىنى، چىرا، دامىكو، كۆلاخمالارنىڭ توپىلاڭ مەھەللىلىرىنى بېسىپ ئۆتتى. يېتىملارنىڭ قان-ياشلىق ئىزلىرىنى بويلاپ، ئۇلارنى تاپمىغۇچە، ئۇلارنىڭ چېھرىدىكى چاڭ-توزانلارنى سۈرتمىگۈچە توختىمىدى.

ھاكىم يالقۇن قادىرنىڭ ئىش ئۈستىلىگە 1729 نەپەر يېتىم بالىنىڭ ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن خاتىرە دەپتەر قويۇلدى. ھاكىم بىر-بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى. ئانىسىدىنمۇ، ئاتىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغان 183 نەپەر شور پېشانىنىڭ ئەھۋالىنى ئوقۇغان چاغدا، ئۇ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى. ئۇ يېتىملىك دەردىنى تارتىپ باقمىغان بولسىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايتتى. ئۆز باللىرىنى — ئۈچ ئوغۇل، بىر قىزىنى بوينى قىسىلغان، كۆزلىرىدىن نۇر-كۈلكە قاچقان، غەمكىن ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، ئۇ گېلىغا ئاچچىق بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى. كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى دومىلاپ چۈشتى.

## قىسمەت سىرتماقلىرىدا

ئىنسان بالىسىنىڭ بېشىغا نى-نى ئېغىر كۈنلەر كېلىدۇ. ئۇ، تۇرمە-سولاققا چۈشۈشى، سەرسان-سەرگەردان بولۇشى، ئاچ-يېلىڭ قېلىشى، خورلۇق تارتىشى مۇمكىن. دەرد-ئەلەم چېكىشى، ھەسرەت-نادامەتتە ئاھ-پەرياد ئۇرۇشى مۇمكىن، لېكىن ئاشۇ دەرد-ئەلەملەرنىڭ ئەڭ ئېغىرىمۇ كىچىك تۇرۇپ ئاتا-ئانىسىدىن جۇدا بولۇشنىڭ دەردىگە يەتمەيدۇ. چۈنكى ئاشۇ كىچىك، مەسۇم، پاك بىچارە تېخى ئۆزى دۇچار بولغان قىسمەتنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. سەبىينىڭ بېشىغا قارا كۈن ئاستا-ئاستا، ئۇ تەييارلىقسىز ھالەتتە تۇرغاندا كېلىدۇ. يېتىمنىڭ چېھرىدىن ئاستا-ئاستا نۇر-كۈلكە ئۆچىدۇ، ئۇنىڭ قەلبى ئاستا-ئاستا مۇزلايدۇ. مېھر-مۇھەببەتتىن جۇدا بولغانلىقىنى ئاستا-ئاستا ھېس قىلىدۇ. ئۇ ئاشۇلارنى ھېس قىلىشقا باشلىغاندا دەردىنى كۆز يېشىدىن ئالىدۇ، يىغلايدۇ، ئاھ-پەرياد ئۇرىدۇ. ئۇ قانىتى سۇنغان بىر قۇش.

مەتتۇرسۇن جامال
ئىسمى چوڭ ئادەمنىڭ ئىسمىغا ئوخشىغان بىلەن ئەمەلدە ئون ياشقا كىرگەن سەبىي. 1985-يىل ئىيۇلدا تۇغۇلغان. جامال ئاخۇننىڭ ئائىلىسىدىكى ئالتە بالىنىڭ

ئۈچىنچىسى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بەختلىك ئىدى. باللارنىڭ چىرايىدىن كۈلكە ئۆكسۈمەيتتى. «بالىسىز ئۆي مازار، باللىق ئۆي بازار» دېيىلگەن تەمسىلدىكىدەك ئۆيدە، ھويلىدا، مەھەللىدە ئاشۇ ئالتە بالىنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلۇق سىمفونىيىسى ياڭراپ تۇراتتى. كىچىك مەتتۇرسۇن ئاتا-ئانىسىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئاكا-ئۇكا، ھەدە-سىڭىللىرىنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. بەخت ئىچىدە كۈلەتتى، كۈلدۈرەتتى. غەم-ئەندىشە، دەرد-ئەلەم دېگەنلەرنى زادىلا بىلمەيتتى، ئويلاپمۇ كۆرمىگەنىدى. بىچارە، مەسۇم بالا قىسمەتنىڭ قارا قانىتى بىلەن بەختلىك ئائىلىسىنى پاقىلدىتىپ ئۇرۇپ ئۆتكەنلىكىنى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان قىسقا بىر دەقىقە ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ بەختلىك چاغلىرىدىن، ھەممە-ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى.

بۇمۇ قارا قۇياش ئەمەس، قىزىل قۇياش چىققان بىر كۈن ئىدى. كىچىككىنە مەتتۇرسۇن سىڭلىسى گۈلچىنار بىلەن ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، كۆك تۇپراققا مىلىنىپ ئولتۇرۇپ «تۆگىلەك» ئويناۋاتاتتى.

— تۆگىلەك ئاتۆگىلەك، نەگە ماڭغان تۆگىلەك، تۇزغا ماڭغان تۆگىلەك، تۇزۇڭ نەدە چۈشۈپ قالدى، ئۇلۇغسايدا چۈشۈپ قالدى، تاسقاپ-تاسقاپ ئالساڭچۇ، تاغارلارغا سالساڭچۇ، تاغارلاردا تۆشۈك بار، ماراپ تۇرغان مۆشۈك بار...

مەتتۇرسۇن ھەر بىر سۆزگە ماس كەلتۈرۈپ تۆت پۇتىنى نوقۇپ چىقاتتى ۋە ئاخىرىدا:

— ئوڭ پۇتۇڭ توكۇر چىقتى! — دەپ ۋارقىرايتتى.

— ياق، مېنىڭ توكۇي چىقمىدى، سېنىڭ چىقتى! — دەيتتى گۈلچىنار.

مەتتۇرسۇن بىلەن گۈلچىنارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا كىر يۇيۇۋاتقان ھەۋزىنىيازخان ئانا كۈلۈمسىرەيتتى. ئۆگزىدىن قويغا ئوت-چۆپ تاشلاۋاتقان جامال ئاخۇن ئاتا كۈلۈمسىرەيتتى. ئېگىز كۆكتىكى قۇياشمۇ كۈلۈمسىرەيتتى. مەتتۇرسۇن ئانىسىنىڭ كۈلۈمسىرىگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئىسسىق باغرىغا ئۆزىنى ئاتقۇسى كېلەتتى. ئاتىسىنىڭ كۈلۈمسىرىگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ سالقىن دولىسىغا مىنىۋالغۇسى كېلەتتى. ئېگىز ئاسماندىكى يۇملاق قۇياشنى دومىلىتىپ ئوينىغۇسى كېلەتتى. كىرلىرىنى يۇيۇپ بولغان ھەۋزىنىيازخان ئانا داسنى كۆتۈرۈپ، يۇيۇلغان كىيىملەرنى ئاپتاپ ياخشى چۈشىدىغان ئۆگزىگە يايماقچى بولۇپ ماڭدى. ئۇ مەتتۇرسۇن بىلەن گۈلچىنارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە يەنە تاتلىققىنا كۈلۈمسىرەپ قويدى. بۇ مەتتۇرسۇن ۋە گۈلچىنار ئۈچۈن مۇشۇ ئالەمدىكى ئەڭ تاتلىق، ئەڭ شېرىن سوۋغات ئىدى. مېھرىبان ئانىنىڭ ئاشۇ ئاخىرقى كۈلۈمسىرىشى مەتتۇرسۇننىڭ ئېسىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالدى.

ئوقۇمىغان، تەربىيىلىنىش شارائىتىغا ئىگە بولالمىغان، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئاستىدا 40 نەچچە يىل ياشىغان بولسىمۇ، لېنىننىڭ «ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە ئېلېكترلەشتۈرۈش— سوتسىيالىزم قۇرغانغا تەڭ» دېگەن فورمۇلىسىنى ئاڭلاپ باقمىغان ھەۋزىنىيازخان

ئانا توكنىڭ چىشسىز يولۋاس ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە تەگكەن ھەرقانداق ئادەمنى ھاپ دەپلا يۇتۇۋېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. جامال ئاخۇن ئاتىمۇ بىلمەيتتى. ئۇلارغا توك توغرىسىدىكى ساۋاتلارنى ھېچكىم ئۆگەتمىگەنىدى.

ھەۋزىنىيازخان ئانا پاكىز يۇيۇلغان بىر كۆڭلەكنى ئۆگزىدىن ئۆتكەن توك سىمى ئۈستىگە يايدى. يايدى-يۇ، دەھشەتلىك چىرقىراپ توك سىمىغا ئېسىلىپ قالدى. ئاشۇ ئۆگزىدە نېمىلەرنىدۇر قىلىپ يۈرگەن جامال ئاخۇن ئاتا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئايالىنى قۇتۇلدۇرۇۋالماقچى بولدى-دە، ئۇنى قۇچاقلىدى. قۇچاقلىدى-يۇ، تومۇر-تومۇرلىرىغا چاقماقتەك كىرىپ كەتكەن بىر ئېقىم زەربىسىدىن تارمۇشتەك قېتىپ قالدى. نەچچە يەردىن ئۇلانغان ئەبجەق توك سىمى ئىككى ئادەمنى كۆتۈرەلمەي ئۈزۈلۈپ كەتتى. كىشىلەر يېتىپ كېلىشكەندە، جامال ئاخۇن ئاتا بىلەن ھەۋزىنىيازخان ئانا ئاشۇ ئۆگزىدە، قۇياشنىڭ پارلاق ئاپتىپىدا قۇچاقلاشقان پېتى جان ئۈزگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان بىر دەقىقە ئىچىدە مەتتۇرسۇن، گۈلچىنار، مەتقۇربان، مەتقاسىم....لار يېتىم قالدى. ئالتە بالىنىڭ ھەممىسى يېتىم قالدى. خۇددى زەھەرلەنگەن چاشقاننى يەپ ئۆلۈپ كەتكەن مۇشۇكنىڭ ئاسلانلىرىدەك يېتىم قالدى. لېكىن، ئۇلار مىياڭلاشنى بىلمەيتتى. پەقەت كۆزىدىن يۇم-يۇم ياش تۆكۈپ يىغلايتتى.

مەتسالى مەتسىدىق

1979-يىل مارتتا چىرا يېزىسىنىڭ ئۇقادى كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى ياخشى ئىدى. ئاتىسى مەتسىدىق ئاخۇن خارەتچىلىك قىلاتتى، دېھقانچىلىقمۇ قىلاتتى، ئائىلە چارۋىچىلىقى بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. ئۇ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ئەل-ئاغىنىلىرىنى، شاگىرت-ئەگەشكۈچىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ھەش-پەش دېگۈچە بىر ياقلىق قىلاتتى-دە، قالغان ۋاقىتلاردا ھۈنەر قىلىپ پۇل تاپاتتى. خەجلەي دېسە يانچۇقىدا پۇلى، ئۆلتۈرۈپ يەي دېسە ئېغىلىدا قويى بار ئىدى. مەتسالى، سالامەتخان، گۈلمەختۇم، نۇرگۈل تۆت بالا ياخشى كىيىپ، ياخشى يەپ، سېغىز كەمپۈت چايناپ، شار پۈۋلەپ، گۈلدەك ئېچىلىپ يۈرەتتى. ئاتىسىنى تاغدەك، ئانىسىنى باغدەك ئەتىۋار بىلەتتي. لېكىن، بەزىدە ئاتىسى بىلەن ئانىسى ئوتتۇرىسىدىكى غىژ-غىژ، سوقۇش-تالاش ئۇلارنىڭ قەلبىنى يارا قىلاتتى. باللار نېمىنىدۇر سېزەتتى. ئۇلار ئاشۇ جېدەل-ماجىرالارنىڭ تۈگىشىنى، ئائىلىدە بەخت ناخشىسىنىڭ ياڭرىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، غىژ-غىژ تۈگىمىدى، ئەكسىچە ئاخىر ئائىلىنى ۋەيران، باللارنى سەرسان قىلدى.

كىچىك تويى قىلغان ھەلىمە ھېچنېمىنى بىلمەيتتى، مەتسىدىق ئاخۇننى ياخشى كۆرىدىغان-كۆرمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. پەقەت ئېرىنىڭ جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرۇشنى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭمۇ جىنسىي تەشنالىقىنى بېسىشنى بىلەتتى. ئۇ ئىرقانچىنى تۇغقاندىن كېيىن ۋايىغا يېتىپ، ساغرىلىرى تولۇپ، كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتتى.

قەلبدە ئاللقانداق بىر تۇيغۇ غەليان كۆتۈرەتتى. بەزى چاغلاردا ئاشۇ تۇيغۇ ئۇنىڭ نېرۋىلىرىنى چاراسلىتىپ، ئېرى بىلەن سوقۇشتۇراتتى. ئېرى بىلەن قەستەن جېدەللىشىۋاتقان پەيتلەردە ئۇ قەلبدە ئېرىنىڭ ئۆزىنى بېسىپ چەيلىشىنى، بەدەنلىرىنى مىجىۋېتىشىنى، ئۈگىلىرىنى غاراسلىتىۋېتىشىنى تىلەيدىغان بىرئارزۇنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ جىسمانىي جەھەتتىمۇ، روھىي جەھەتتىمۇ ئېرىنىڭ ئۈستۈن كېلىشىگە تەشنا ئىدى. بىر ھازا جېدەللەشكەندىن كېيىن، بەزىدە ئېرى شۇنداقمۇ قىلاتتى. ساراڭلارچە يىغلاۋاتقان ھەلىمەنى كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا باساتتى-دە، ھەممە قىلىقنى قىلاتتى. ھەلىمەنىڭ نېرۋىلىرى تىنچلىنىپ قالاتتى. لېكىن، ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتمەي ئاشۇ ئەسەبىي تۇيغۇ يەنە غەليان كۆتۈرەتتى. يەنە سوقۇش باشلىناتتى. شۇ كۈنلەردە ھەلىمەنىڭ بۇلاق كۆزلىرىگە قارىغان كىشى ئاشۇ پايانسىز چوڭقۇرلۇقتا كۈچلۈك بىر تەشنالىقنىڭ بارلىقىنى كۆرەتتى. ھەلىمەنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ نېمىگىدۇر تەشنالىقىنى، ئۇنىڭ پەقەت جىنسىي تەلەپلا ئەمەسلىكىنى سېزەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ مەھەللىسىدىكى بىر ياش يىگىتنىڭ ئۆزىگە كۆز تاشلاپ، قاش ئوينىتاتتىلىقىنى سېزىپ قالدى. يۈرىكى ئويناپ كەتتى. يۈرىكىدىن باشلانغان تاتلىق بىر سېزىم تومۇر-تومۇرلىرىغىچە تارىدى. ئۇلار قوناقلىقتا، جىگدىلىكتە كۆرۈشۈپ يۈردى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ بىر ئادىتى بار ئىدى: «ھېچكىم قوناقلىقتىن موزاي ئۈركۈتمەيتتى». كۆڭۈلگە تاتلىق ئىشلارغا ئارىلىشىشنى راۋا كۆرمەيتتى. شۇنداق قىلىپ ھەلىمەنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت باش كۆتۈردى. ××نى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى نېمىگە تەشنا بولغانلىقىنى، ئەمدى شۇ نەرسىنى تېپىۋالغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ بۇلاق كۆزلىرىدە مۇھەببەت ئوتى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ئاشۇ مۇھەببەتكە قېنىشنى، ئۆز مۇھەببىتىنى، ئۆز بەختىنى ئەل-جامائەتكە كۆز-كۆز قىلىشنى خالايتتى. لېكىن، بۇنىڭغا ئىمكانىيەت يوق ئىدى. مەتسىدىق ئاخۇننىڭ قانۇنىي تۈردە مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭغا يول قويمايتتى، ئەخلاق، ئۆرپ-ئادەت، قانۇن يول قويمايتتى. ئاتا-ئانا، ئۇرۇغ-تۇغقانلار يول قويمايتتى. ھەلىمە ئۆز بەختىگە ئېرىشىش يوللىرى ئۈستىدە ئۇزاق ئويلاندى. ئويلانغانسېرى ئۆز بەختىگە، ئۆز مۇھەببىتىگە پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان مەتسىدىق ئاخۇنغا نىسبەتەن قەلبدە كۈچلۈك نەپرەت باش كۆتۈردى. ئويلانغانسېرى مۇھەببەت ئۈچۈن، ئۆز ئارزۇسى ئۈچۈن كۈرەش قىلماقچى بولدى. شەخسىيەتچىلىكنىڭ تېپى بولمىش مۇھەببەت ئۇنى ساراڭ-سەۋدا قىلىپ قويغانىدى. ئۇ خەتەرلىك-ناتوغرا يولغا قاراپ ماڭدى. ھەلىمە قانۇنلۇق ئېرى مەتسىدىق ئاخۇننى ئۆلتۈرۈپ قويدى. ئېرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى يوشۇرۇشقا تىرىشتى. لېكىن «ئەلنىڭ كۆزى مىك». ئۇ ئاخىر قانۇن تورىغا چۈشۈپ قالدى.

ھەلىمە مۇھەببەتكە، بەختكە ئېرىشەلمىدى. ئۆزى سۆيگەن يىگىتكە، ئۇنىڭ بىلەن ئاشكارا، قانۇنىي ھالدا توي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى. يەنە

نۇرغۇن-نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشمەكچىدى. يەنە نۇرغۇن-نۇرغۇن نەرسىلەردىن قۇتۇلماقچىدى. ۋەھالەنكى، ھەلىمە قانۇن تەرىپىدىن قاتىللىق جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

بىنورمال مۇھەببەتنىڭ قېلىن پەردىسى كۆز ئالدىنى توسىۋالغان ئانا تۆت بالىنى ئاتا مېھرىدىن مەھرۇم قىلدى. جىنايەت بولسا ئاشۇ تۆت بالىنى ئانا مېھرىدىن مەھرۇم قىلدى.

شۇنداق قىلىپ سالامەتخان، گۈلمەختۇم، نۇرگۈل، مەتسالى تۆت بالا يېتىم قالدى. قارا يېتىمغا ئايلاندى. سالامەتخاننى مەتسىدىق ئاخۇننىڭ ئاچىسى بېقىۋالدى. ئۈچ ياشلىق نۇرگۈلنى ھەلىمىخاننىڭ ئاكىسى مەتتوختى ئاخۇن بېقىۋالدى. ئەمدىلا ئون ياشتىن ھالقىغان مەتسالى بىلەن كىچىككىنە گۈلمەختۇم تاشلاندۇق كوچۇكتەك سەرسان-سەرگەردانلىققا گىرىپتار بولدى.

غېنىجان غوجەخمەت

1980-يىلى نۇرى يېزىسىنىڭ چوڭكۆل كەنتىدە تۇغۇلغان. ئاتىسى راك كېسىلى بىلەن ئېغىر ئازاب تارتىپ 1985-يىلى ئۆلۈپ كەتتى. غېنىجان بىلەن ئۇكىسى مەمەتنىڭ ئوڭ قانتى سۇندى. ئۇزۇن مەزگىل قان تۈكۈرۈپ يۈرگەن ھەۋزىخان ئانا 1989-يىلى تەكىيدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي، ئىككى نارەسىدىسىگە مۆلدۈرلەپ قاراپ، كۆزىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ «ئاھ، باللىرىم، ئاھ باللىرىم...» دېگىنىچە جان ئۈزدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىغا تارتىشقان كۆزلىرى ئوچۇق كەتتى. مەمەت بىلەن غېنىجاننىڭ سول قانىتىمۇ سۇندى. قاناتسىز قۇش ئۇچالامدۇ؟ ئۇنى قايسى تەقدىر كۈتۈپ تۇرىدۇ؟

مەتيۈسۈپ مەتياسىن

1983-يىلى نۇرى يېزىسىنىڭ تۆۋەن كەسمە كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇزۇن مەزگىل قان تۈكۈرۈپ، ئورۇقلاپ، بىر تېرە-بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان پاتەمسايىپخان ئانا ئىككى شورپېشانە ئوغلىنى تاشلاپ كەتتى. ئوبۇلقاسىم بىلەن مەتيۈسۈپ ئاتىسىنىڭ چىرايىغا مۆلدۈرلىنىپ قاراپ قالدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ تىرىكمۇ، يۆلىكمۇ ئاشۇ ئاتا ئىدى. كېيىن، چىشسىز يولۋاس — توك مەتياسىن ئاخۇن ئاتىنىمۇ تۇيۇقسىز ئېلىپ كەتتى. ئوبۇلقاسىم بىلەن مەتيۈسۈپ تىرەكتىن، يۆلەكتىن ئايرىلدى. تىرەكسىز، يۆلەكسىز چەللە ئۆرە تۇرارمۇ؟ بوران قاياقتىن، شامال قاياقتىن سوقار؟

مەتتۇرسۇن رەجەپ

1983-يىل ئىيۇندا نۇرى يېزىسىنىڭ تۆۋەن ئاچما كەنتىدە تۇغۇلغان. رەھىمسىز يۈرەك كېسىلى باغرى يۇمشاق ئاتىنىمۇ، باغرى ئىسسىق ئانىنىمۇ ئېلىپ كەتتى. سۇدەمخان، مەمەت بارات، مەمەت ئابدۇللا، مەتتۇرسۇن تۆت بالا يىلتىزىدىن ئايرىلغان قامغاقتەك سەرسان بولدى.

تۈنساخان مەتسىدىق

1984 - يىلى ئاۋغۇستتا نۇرى يېزىسىنىڭ سايباغ كەنتىدە تۇغۇلغان. «يالغۇز قىز بەختسىز چىقىدۇ» دېگەن ئەقىدە توغرىمۇ؟ ئۇ تۇغۇلۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئاتا يۈرەك كېسىلى بىلەن، كېيىن ئانا راك كېسىلى بىلەن كېتىپ قالدى. يەتتە تۇغۇلدىن كېيىن تۇغۇلغان تۈنساخان يېتىم قالدى. يەتتە ئاكا — يەتتە ئۇغۇل تاغنى تالقان قىلالايدۇ. دېۋە-ئالۋاستىنىمۇ تەڭ كېلەلەيدۇ. لېكىن، يالغۇز سىڭلىسىنى بېقىپ كېتەلەرمۇ؟ بەختلىك قىلالارمۇ؟

بۈۋىزەينەپخان ئابدۇكېرىم

1984 - يىل مايدا تۇغۇلغان. ئانىسى ئايشەمخان 1987 - يىلى يۈرەك كېسىلى بىلەن، ئاتىسى ئابدۇكېرىم ئاخۇن 1990 - يىلى ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. بۈۋىزەينەپ ئۈچ ئاكىسى بىلەن يېتىم قالغان.

ۋاڭ جېنجېك

1980 - يىلى تۇغۇلغان. يەنە بىر ئىسمى چۇنخۇا، ئۇيغۇرچە ئىسمى باھارگۈل. چىرا بازىرىدىكى كۆكتاتچىنىڭ قىزى. ئاتىسى ۋاڭ شىڭگۈي بىلەن ئانىسى شۇجىڭلەن 1985 - يىلى ۋاڭ جېنجېكنى تاشلىۋېتىپ باشقا يۇرتلارغا كېتىپ قالغان. بىچارە ۋاڭ جېنجېك تىرىك يېتىمغا ئايلانغان.

يالقۇن ھاكىم ئالدىغا تاشلانغان يېتىم بالىلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى. 1729 نەپەر يېتىم بالا. ئۇ ھەممىنى كۆرۈپ بولالامدۇ؟ ئۇ پەقەت جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك 47 نەپەر بالىنىڭ ماتېرىيالىنى كۆرۈپ چىقتى. 47 نەپەر بالىنىڭ يېتىم قېلىش جەريانىنى، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتنى، ئۇلارنىڭ دەرد-ئەلەملىرىنى بىلدى. ئاشۇ يېتىملارنىڭ ئېگىلگەن باشلىرىنى، ھېيت-بايراملاردا ئېچىشقان يۈرەكلىرىنى، تۆككەن ياشلىرىنى، سەرسان-سەرگەردان بولغانلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. ئاھ، شورلۇق يېتىم، سېنىڭ دەردىڭدىنمۇ ئاچچىق دەرد بارمۇ؟ سېنىڭ كۆز يېشىڭدىنمۇ تۇزلۇقراق ياش بارمۇ؟ سېنىڭ كۆڭلۈڭدىن قاتتىقراق كۆن بارمۇ؟ ھاكىم ئاشۇ بالىلارنىڭ ماتېرىيالىنى كۆرۈۋاتقاندا پات-پات ئۆلۈغ-كىچىك تىنىپ تۇردى. گېلىغا قاتتىق، ئاچچىق بىرنەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك ئازابلاندى. ھاكىم ھەيران ئىدى، ئاشۇ بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى نېمىشقىدۇر ئالاھەزەل ئوخشاش كېسەل بىلەن — ئۆپكە تۇبېركۇليوزى ۋە يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە ھەيران ئىدى. ئۇ ئالدىدىكى ماتېرىياللارنى يەنە بىر قېتىم ۋاراقلاپ چىقتى. بىر قانچىسىنى توك سوقۇۋەتكەن، بىر قانچىسى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئۆلگەن. ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەنلىرى يەنىلا ئاشۇ ئىككى خىل كېسەللىك بىلەن كەتكەندى. ھاكىم شۇ كۈنلەردە تېخى يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ھاۋا تەركىبىدىكى رادىئاكتىپ ئېلېمېنتلارنىڭ ئارتىپ كېتىشى قاتارلىق بۇلغىنىشلار بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆپكە تۇبېركۇليوزى كېسەللىكىنىڭ سوغۇق

تەگكۈزۈۋىلىشتىن، نامراتلىقتىن بولدىغانلىقىنى، ياخشى ئۇزۇۋېلىنالمىغانلىقتىن، بەدەندە مەلۇم بىر خىل ئۇزۇقلۇق ماددا يېتىشمىگەنلىكتىن، زىيادە ھېرىپ-چارچاشتىن بولدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ «نامراتلىق كېسەللىكى» دېگەن باشقا نامى بارلىقىنىمۇ بىلەتتى. ھاكىم ئاشۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ بىۋاقىت ئۆلۈپ كېتىشىدە بىزنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىمىز بار، دەپ ھېس قىلدى. ئۇلارنى بالدۇرراق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغان بولساق كېسەل بولمىغان، ئۆلمىگەن بولاتتى، دەپ ئويلىدى.

ئاشۇ يېتىم بالىلارنىڭ ماتېرىيالىغا قاراپ ئولتۇرغان ھاكىمنىڭ قەلبىدە «قۇتۇلدۇرۇش كېرەك، ئۇلارنى پاجىئەلىك تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇرۇش كېرەك» دېگەن بىرلا پىكىر ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ ئۇزاق ئويلىدى. ئاشۇ شورپېشانە بىچارىلەرنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. پىلان تۈزدى. ئەمدى ئەمەلىي ھەرىكەت قىلسا، ئەمەلىي ئىشقا تۇتۇش قىلسىلا بولاتتى. خوراز چىللاپ، يىراقتىن يېتىم بالىلارنىڭ تېگى ئېتىپ كېلىۋاتاتتى؛ ئۇيۇق ئاقىرىشقا باشلىغانىدى.

## مېھر-مۇھەببەتكە تولغان دۇنيا

ئەگەر بىز بىر پارچە ماي بوياق رەسىم سىزساق، ئۇنىڭدا چوڭقۇر ھاڭ-جىلغا ئىچىدە يىلان-چايانلارنىڭ، قورت-قوڭغۇزلارنىڭ، زەھەرلىك ئۆمۈچۈكلەرنىڭ ئارىسىدا، سۆڭەك-ئىسكىلىتلارنىڭ ئۈستىدە جان تالىشىۋاتقان بىر بىچارىگە مىڭلىغان ئادەم قول سۇنۇۋاتقان بولسا، قۇتقۇزۇش ئارغامچىسى، شوتا ۋە پوتا تاشلاۋاتقان بولسا، بۇ كۆرۈنۈش كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلەرمۇ؟

چىرىلىقلار شەپقەتلىك خەلق، ئەزەلدىن خەير-ساخاۋەتنى، سەدىقە-ئېھسانىنى قولدىن بەرمىگەن خەلق. چىرانىڭ بارماقلىرى ئەمدىلا پۇل سانىغان يېڭى بايلىرىمۇ شۇ قاتاردا. ئۇلار ھاكىمنىڭ، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە يېتىملارنى ئائىلىلىرىگە قوبۇل قىلدى. تۇرار-ياتار جايىغا، يېمەك-ئىچمىكىگە، كىيىم-كېچىكىگە ئىگە بولدى. ئەمدى يېتىملارنىڭ كۆز يېشى قۇرارمۇ؟ ئېگىلگەن بويىنى رۇسلىنارمۇ؟ كۆزلىرىدە كۈلكە ئۇچقۇنلىرى چاقنارمۇ؟

ھاكىمنىڭ تەسەۋۋۇرىغا باي قەلبىدە يېڭى غەم-ئەندىشە باش كۆتۈردى. ئاشۇ يېتىملارنىڭ يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئائىلىلەردە «بېقىۋالغان بالا»، «باقما» دېگەن نامىلار بىلەن «ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇقرا»لىق دەردىگە گىرىپتار بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بەزى ئۆيلەردىكى پېخسىق، قىزغانچۇق خوتۇنلارنىڭ يېتىملارغا ئاشنىڭ سۇيۇقىنى، نانىنىڭ كۆيۈكىنى بەرمەسلىكىگە كىم كېپىللىك قىلالايدۇ؟ تەگسىزلىككە ئۇچرىماسلىقىغا كىم كېپىللىك قىلالايدۇ؟ كەمسىتىلمەسلىكىگە كىم كېپىللىك قىلالايدۇ؟ ھېچ بولمىغاندىمۇ، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرىدە ئۇلارغا ئۇچاقنىڭ «ئوڭ پۇتى» ياكى «سول پۇتى» تەگمەيتتى. يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرىدە تال بوستانىنىڭ تېگىدىكى

سالقىن سوپا تەگمەيتتى. ئاشۇ يەرگە يىغىنلاشقان يېتىملارنىڭ نازۇك قەلبى «ئانا»نىڭ ياكى «ئاكا»، «سىڭىل»نىڭ لەپپىدە قاراپ قويۇشىغا چىدالارمۇ؟ ئاشۇ قاراشلاردىكى «سەن كىم؟ ئۆزۈڭنى بىلىپراق يۈر...» دېگەن مەنە-ئىشارىلەرنى چۈشەنمەي قالارمۇ؟ ياق، يېتىملارنىڭ تەشنا بولۇۋاتقىنى ئاش-نان، كىيىم-كېچەكلا ئەمەس، ئۇلار ئەڭ مۇھىمى مېھىر-مۇھەببەتكە مۇھتاج، ئۆز ئائىلىسىگە موھتاج، ئىللىق مۇئامىلىگە موھتاج، تەڭلىككە موھتاج.

يېتىملارنىڭ ئۆز ئائىلىسىنى قۇرۇش كېرەك. «يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزى»نى قۇرۇش كېرەك. ئۇ يەردە ئۇلار تەڭسىزلىككە دۇچار بولمايدۇ. مېنىڭ ياتقىم، مېنىڭ كارىۋىتىم، مېنىڭ پاراۋانلىق مەركىزىم دېيەلەيدۇ. ئۇ يەردە ئۇلارغا ھېچكىم ئاشنىڭ سۇيۇقىنى، ناننىڭ كۆيۈكىنى، گۆشنىڭ سۆڭىكىنى بەرمەيدۇ. ھەممىسى تەڭ-باراۋەر بولىدۇ. «باقما» دېگەن سەت ئاتاقىمۇ دۇچار بولمايدۇ. ئەمما، «يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزى»نى قايسى پۇلغا، قەيەردىكى پۇلغا قۇرىمىز؟ ئەسلىدىنلا نامرات ناھىيە خەزىنىسى قۇپقۇرۇق تۇرسا... ھاكىم ئەنە شۇنداق ئويلاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككىنىمۇ بار ئىدى. «كۆپ توكۇرسە كۆل بولۇر» دېگەن ئەقىدىگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى.

ئۇ مۇئاۋىن ھاكىملار بىلەن پىكىرلىشىپ قوللاشقا ئېرىشتى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئىتى، ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئابدۇغېنى داموللا ھاجىم ۋە باشقا تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زاتلار بىلەن پىكىرلىشىپ قوللاشقا ئېرىشتى؛ تېلېۋىزور ئارقىلىق چىرا خەلقى بىلەن سۆزلىشىپ قوللاشقا ئېرىشتى.

شەپقەتلىك چىرا خەلقى ھاكىم يالقۇن قادىرنىڭ ئىئانە توپلاپ «يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزى» قۇرۇش توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، 1991-يىلى قۇربان ھېيتتا 19 مىڭ دانە — 227 مىڭ 381 يۈەن قىممەتتىكى تېرىنى «يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزى»گە ئۇل سېلىش مۇراسىمىدا ئىئانە قىلدى. قۇرۇلۇش جەريانىدا خالىسانە ئەمگەككە قاتناشتى. يېتىم بالىلارنىڭ ئەسلى يۇرت-كەنتلىرى ھەر يىلى ھەر بىر يېتىم بالا ئۈچۈن 150 كىلوگرامدىن ئاشلىق يىغىپ بېرىشنى تۈزۈمگە ئايلاندۇردى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەر يىلى يېتىم بالىلارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن ئون مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىشنى تۈزۈمگە ئايلاندۇردى. بۇلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مېھىر-شەپقەتنى سان-سىفىر بىلەن ئۆلچىگىلى، ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. پۇل بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. چىرا خەلقى يېتىم بالىلارغا ئىزگۇ نىيەتلىك قەلبىنى، مېھىر-مۇھەببىتىنى، كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرىگە بولغان ئۈمىد-ئارزۇلىرىنى تەقدىم قىلدى. مىسلىسىز ئىسسىق كۆڭلىنى، ئىزگۇ نىيەتلىك قىزغىنلىقىنى تەقدىم قىلدى.

شۇنداق قىلىپ 1992-يىلى نويابىردا، ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدە ئۈچ قەۋەتلىك، 11 مىڭ 942 كۋادرات مېتىر كۆلەملىك، 48 ئېغىز ھوجرىلىق چىرايلىق «يېتىم بالىلار

پاراۋانلىق مەركىزى» بىناسى قەد كۆتۈردى. كېيىن، يەنە باللار ياتاق ئۆيى، ئاشخانا، قىرائەتخانا، مۇنچا قاتارلىقلار سېلىندى.

1993-يىل مارتتا «يېتىم باللار پاراۋانلىق مەركىزى» نىڭ پۈتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، دەسلەپتە 47 نەپەر يېتىم بالا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كېيىن 60 قا، 70 كە يەتكۈزۈلدى. باللار ئۆز ئائىلىسىگە، ئۆز ياتىقىغا، ئۆز كارىۋىتىغا، ئۆز يوتقان-كۆرپىسىگە ئىگە بولدى. ئۇلار پىچىرلاپ «مېنىڭ ئۆيۈم، مېنىڭ ياتىقىم، مېنىڭ كارىۋىتىم، مېنىڭ...» دېيەلەيدىغان بولدى. ئاتا-ئانا مېھرىدىن، ئىللىق ئائىلىدىن ۋە يەنە ھەممە-ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قالغان يېتىملار ئۈچۈن ئاشۇ «مېنىڭ...» دېگەن ئۇقۇم نەقەدەر يىراقتا قالغانىدى-ھە! بەلكىم ئاشۇ «مېنىڭ...» ئۇلارنىڭ ئېسىدە غۇۋا ساقلىنىپ قالغاندۇ. يىراق ئاسماندىكى نۇرسىز كىچىك يۇلتۇزدەك، كېچىدە قوڭغۇز قاناتلىرىدا يالتىرىغان ئۇچقۇندەك، كېچە كۆرگەن چۈشتىكى كۆككا مەنزىرىدەك ساقلىنىپ قالغاندۇ. ئۇلار ئاشۇ «مېنىڭ...» گە قايتا ئېرىشىشنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەندۇ. ئەمدى مانا ئۇلار شۇنىڭغا قايتا ئېرىشتى. ئاشۇ «مېنىڭ...» دېگەن تۇغما ۋە جەلپكار تۇيغۇ ئاتا قىلىدىغان قەلبىدىكى لەززەتتىن بەھرىمەن بولدى. بۇنى كىم بەردى؟ كىم قايتۇرۇپ بەردى؟ شەپقەتلىك چىرلىقلار بەردى. ياخشى كۆڭۈل چىرا خەلقى قايتۇرۇپ بەردى.

ناھىيىدىكى مائارىپ تارماقلىرى، مەكتەپلەر يېتىم باللارنىڭ تەربىيىسىگە، ئۇلارنى ھەقسىز ئوقۇتۇشقا مەسئۇل بولدى. «يېتىم باللار پاراۋانلىق مەركىزى» ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا مەسئۇل بولدى. دەسلەپكى قەدەمدە 70 نەپەر يېتىم بالا سەرسانى-لىق-سەرگەردانلىقتىن قۇتۇلدى. كىملەرنىڭدۇر ئائىلىلىرىدە ئېرىشكەن «باقما» دېگەن سەت ئاتاقتىن قۇتۇلدى. ئۇلار ئۆز ئائىلىسى — «پاراۋانلىق مەركىزى» دىن ئورۇن ئالدى. غېنىجان، مەتيۈسۈپ، مەتتۇرسۇن، تۇنىسا، مەتسالى، گۈلمەختۇم، بۇۋىزەينەپ، بەخنىيازخان، سەيدىنىسە، تۇرسۇنگۈل، تۇرسۇنىنسە، مەمەت ئىبراھىم، مەتسەيدى...لەر «پاراۋانلىق مەركىزى» دىن ئورۇن ئالدى. مانا ھازىر يۈزىدە ئازراق سەپكۈنى بار، سېرىق چىراي، ئورۇق بالا مەتسالى ئاشۇ باللارنىڭ باشلىقى، بۇۋىزەينەپخان ئابدۇكېرىم ئۇ يەردە خۇشال ناخشا ئېيتىدۇ. تاغلىق يېزا «نۇرى» دىن كەلگەن شوخ مەتتۇرسۇننىڭ سوۋغان قەلبى ئاستا-ئاستا ئىللىدى. ئۇ ھازىر يېڭى كەلگەن چاغدىكىدەك ھە دېسىلا باشقىلار بىلەن سوقۇشمايدۇ. ۋاڭ جېجۈك پاراۋانلىق مەركىزىدىكى دوستلىرىغا خەنزۇ تىلى ئۆگىتىپ يۈرۈپتۇ.

ئۇلار ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پاراۋانلىق مەركىزىنىڭ قىرائەتخانىسىدا كىتاب كۆرىدۇ. مەدەنىيەت ئۆيىدە تېلېۋىزور نومۇرلىرىدىن بەھر ئالىدۇ. تىنكتاك توپ، شاخمات، دامكا ئوينايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەمدى ياتىدىغان جايدىن، قورساقتىن، كىيىم-كېچەكتىن غېمى يوق.

ئىنسانىيەت ئالەمدە سوغۇقتىن ئىسسىق كۆپ، نەپرەتتىن مۇھەببەت كۆپ، يەكلەشتىن

يۆلەش كۆپ، كەمسىتىشتىن كۆيۈنۈش كۆپ، سەل قاراشتىن ھېسداشلىق كۆپ. شۇڭلاشقىمۇ بۇ ئالەم مېھرلىك ئالەم، ئىنسانىنىڭ دۇنياغا، ھاياتقا ئىنتىلىپ، يېپىشىپ تۇرۇشىدىكى سەۋەبمۇ ئاشۇ.

چىرىدا «يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزى» قۇرۇلماقچى بولغان، قۇرۇلۇۋاتقان ۋە قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە دۇنيانىڭ، جۇڭگونىڭ، شىنجاڭنىڭ، خوتەننىڭ ياردەم قولى ئاشۇ خاسىيەتلىك ئىشقا سوزۇلدى. «پاراۋانلىق مەركىزى»نىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلدىغانلار، «پاراۋانلىق فوندى»غا ئىئانە قىلىدىغانلار ئۈزۈلمىدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ياردەم قىلدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئىئانە قىلدى. ئوقۇتقۇچىلار، كادىرلار، زىيالىيلار، ئىشچىلار، دېھقانلار، ئەسكەرلەر، تىجارەتچىلەر، مولللار ئىئانە قىلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قارىمىقىدىكى خەير ـ ساخاۋەت تەشكىلاتى 27 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى 20 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەت بانكىسى 20 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى باشقارمىسى 150 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. چىرا ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى 60 مىڭ يۈەن ئاجراتتى.

«پاراۋانلىق مەركىزى»نىڭ پۈتۈش مۇراسىمىدا چىرىدىكى كادىرلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچىلار، سودا ـ سانائەتچىلەر يەنە 37 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلدى. يەككە تىجارەتچى ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئىككى قانات تۆمۈر دەرۋازا ئىئانە قىلدى. «پاراۋانلىق مەركىزى»گە قەدەملىرى يەتكەن خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى پەن باۋجىن، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئابلەت ئابدۇرېشىت، خەلچەم ئىسلام، يۇسۇپ ئەيسا...لار پۇل ئىئانە قىلدى. دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد چىرىغا كېلىپ «يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزى»نى كۆزدىن كەچۈرگەندە سۆيۈنۈپ كەتتى. نەخ مەيداندىلا ئون مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. ئاتىسىدىن ئۆلگە ئالغان نىجات ئىسمائىلمۇ يۈز دانە (ئون مىڭ يۈەن قىممىتىدە) يوڭ ئەدىيال ئىئانە قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىدىن ـــ پايتەخت بېيجىڭدىن ـــ خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ كەلگەن كادىرلار «يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزى»نىڭ ياخشى باشقۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى تەسىرلەندى. ئۇلار نەخ مەيداندا ھەر بىرى يۈز يۈەندىن پۇل ئىئانە قىلىپ كۆڭۈل ئىزھار قىلغاندىن باشقا، قايتىپ بارغاندىن كېيىن چىرا ناھىيىلىك «يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزى» توغرىسىدا ماقالە يېزىپ، جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ، تىراژى ئەڭ كۆپ گېزىت ـــ «خەلق گېزىتى»دە تونۇشتۇردى.

شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم چىرا «يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزى»گە مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتاب تەقدىم قىلىپ،

كۆڭلىنى، ئۈمىدىنى، تىلىكىنى ئىزھار قىلدى. مىڭ پارچە كىتاب تۆۋەن باھادا ھېسابلىغاندىمۇ بەش مىڭ يۈەنگە يارايدۇ. ئۇ ئاشۇ يېتىم بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇپ، بىلىم ئېلىپ، كەلگۈسىدە — 21-ئەسىرگە لايىق ئادەم بولۇپ تەربىيىلىنىشىنى كۈتكەن. بىز بالىلارنىڭ «پاراۋانلىق مەركىزى» نىڭ قىرائەتخانىسىدا كىتاب، گېزىت-ژۇرناللارنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چېغىمىزدا، ئۇلارنىڭ مەكتەپلەردە تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئالدىنقى مەۋسۇملۇق ئۆگىنىش كۆرسەتكۈچلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەن چېغىمىزدا، ئاشۇ بالىلارنىڭ كەلگۈسىدە باشقىچە ياشايدىغانلىقىنى، تۇرمۇشنى، ھاياتنى، ئالەمنى چۈشىنىپ، بىلىپ ياشايدىغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇق.

يۇقىرىقىدەك شاپائەت-شەپقەتلەر ۋەجىدىن 70 نەپەر يېتىم بالا ئۆز ئائىلىسىگە، ئۆز ياتىقىغا، ئۆز كارىۋىتىغا، ئۆز يوتقان-كۆرپىسىگە، ئۆز تاماق قاچىسىغا، ئۆز مەكتىپىگە ئىگە بولدى. ھەتتا كۆپلىگەن چىرىلىقلاردىنمۇ ئەۋزەلرەك تۇرمۇش شارائىتىغا ئىگە بولدى. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ ئاز كەم يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن ۋۇجۇدقا چىققان بۇ ساخاۋەتلىك ئىشنى ھەقىقەتەنمۇ چوڭ ئىش دېمەي بولمايدۇ. ئىشنى باشلىغان ۋە ئاخىرغا چىقارغانلارنى نەتىجە ياراتتى دېمەي بولمايدۇ. چىرىلىقلار چوڭ ئىش قىلدى. ساخاۋەتلىك، ساۋابلىق ئىش قىلدى.

## يېتىملارنىڭ چىرايىدا كۈلكە

70 نەپەر يېتىم بالىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولدى. ئۇلار ئۈچۈن لازىمى شۇمۇ؟ ئىنسان ئۈچۈن زۆرۈرى پەقەتلا شۇمۇ؟

مەن 1993-يىل 22-ئىيۇندا چىرا ناھىيىلىك «يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزى» نى 1-قېتىم ئېكسكۇرسىيە قىلغان چېغىمدا ئاشۇ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بالىلارنىڭ چىرايىغا قاراپ، ئۇلاردا نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى، ئۇلارغا يەنە نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ۋە شۇ ھەقتە خاتىرە قالدۇرغانىدىم. 1995-يىل ئىيۇندا «پاراۋانلىق مەركىزى» گە ئىككىنچى قېتىم كەلگەن چېغىمدا ئاشۇ كەم نەرسىنىڭ تولۇقلانغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئۇ نېمە؟

ئۇ يېتىم بالىلار چىرايىدىكى نۇر-كۈلكە، يېتىملار كۆزلىرىدىكى بىغەملىك ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ.

ئىنسان بالىسى قورسىقى تويسىلا بولدى قىلىدىغان ھايۋان ئەمەس ئۇنىڭ ھايۋاندىن پەرقى ئەقىل-ئىدراكقا ئىگە ئىكەنلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتقا بايلىقى، مېھىر-مۇھەببەتكە تەشنالىقى، كەلگۈسىگە، ئۆز ئىستىقبالىغا ئىنتىلىشچانلىقىدا ئەكس ئېتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن تۇرمۇشقا ئېرىشكەن ئەھۋالدا ئۇنىڭ كېيىنكى مەنىۋى ئىستەكلىرى يەنىمۇ بەكرەك كۈچىيىدۇ. ئاتا-ئانا مېھرىدىن مەھرۇم

بولغان يېتىملارمۇ شۇنداق. يېتىم بالىلار ئۆزى مەھرۇم قالغان ئاتا-ئانا مېھرىگە ئەڭ سەزگۈر كېلىدۇ. قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولغاندا ئۆزى جۇدا بولغان ئاشۇ مېھىر-مۇھەببەتنى ئەسلەپ، كۆڭلى يەنىمۇ بەكرەك يېرىم بولىدۇ. كەلگۈسىنى، ئىستىقبالىنى ئويلاپ، ئۆزىگە يۆلەك بولىدىغان ئاتا-ئانىسىنىڭ يوقلۇقى يادىغا چۈشكەندە، غەم-ئەندىشىگە غەرق بولىدۇ.

ئۇلار 1993-يىلى «يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزى»گە يېڭى كەلگەن، ئەمدىلا توق تۇرمۇشقا ئېرىشكەن چاغدا، ئۇلارنىڭ چىرايىدا، كۆزلىرىدە ئىز قالدۇرغان غەم-ئەندىشە ئەنە شۇ.

ۋەھالەنكى، ئىككى يىل ئۆتمەيلا چىرا خەلقى ئۇلارغا ئۇلار جۇدا بولغان مېھىر-مۇھەببەتنى قايتا ئاتا قىپتۇ. ئۇلارغا ئاتا-ئانىلىق مېھرىنى ھېس قىلدۇرۇپتۇ. ئۇلاردا كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچنى تۇرغۇزۇپتۇ. شۇنداقكەن، ئۇلارنىڭ چىرايىدا نېمىشقىمۇ نۇر-كۈلكە جىلۋە قىلمىسۇن، كۆزلىرىدە غەمسىزلىك ۋە ئىشەنچ ئەكس ئەتمىسۇن!

1994-يىلى كۈزدە خوتەن ۋىلايىتىدىكى تۆت ئوتتۇرا تېخنىكومدا بىردىن يېتىم بالىلار سىنىپى ئېچىلغان چاغدا چىرا ناھىيىسىدىن 13 نەپەر يېتىم بالا قوبۇل قىلىنىپتۇ. چىرا ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى يېتىم بالىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ، ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. بەزى ناھىيىلەردە، ئايرىم ئەمەلدارلار ئىنساپسىزلىق قىلىپ ئۆز بالىلىرىنى «يېتىم بالا» دېگەن تونۇشتۇرۇش بىلەن يېتىم بالىلار سىنىپىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بېرىۋاتقان چاغدا، چىرا خەلقى بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە زادىلا يول قويماپتۇ. ھەقىقىي يېتىملارنى ئوقۇشقا ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئىش يېتىم بالىلارنىڭ قەلبىدە نېمىشقىمۇ ئىستىقبال ئۇچقۇنىنى چاقناتمىسۇن!

1995-يىل ئاپرېلدا چىرا ناھىيىلىك يىپەكچىلىك فابرىكىسى پۈتۈپ، ئىشچى قوبۇل قىلىنغان چاغدا يېتىم بالىلارغا ئالدىن ئېتىبار بېرىلىپ، «پاراۋانلىق مەركىزى»دە تەربىيىلىنىۋاتقان، ياش-قۇرامى ئون ئالتىدىن ئاشقان مەمەت ئابدۇللا سۇلايمان، مەتتىمىن، مەتسەيدى، مەمەتئىبراھىم، ھۆرنىيەت، سەيدىنىسا، تۇرسۇنگۈل، تۇرنىسا قاتارلىق توققۇز نەپەر يېتىم بالا ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنىپتۇ. مەتسەيدىنىڭ راسا بېجىرىم ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، زاۋۇت تەرەپ قوبۇل قىلىشقا ئىككىلەنگەندە «پاراۋانلىق مەركىزى» رەھبەرلىكى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى رەھبەرلىكى قايتا-قايتا يول مېڭىپ، ئۇنىمۇ قوبۇل قىلدۇرۇپتۇ. ھۆكۈمەت ئورگىنى، بالىلارنىڭ ئۆز ئائىلىسى — «پاراۋانلىق مەركىزى» ئاشۇنداق ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان يەردە نېمىشقىمۇ ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا بولغان ئىشەنچىسى كۈچەيمىسۇن!

مەن «پاراۋانلىق مەركىزى»دە ئەھۋال ئۇقۇشۇۋاتقان چېغىمدا، شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن «ئائىلە يوقلاپ» زاۋۇتتىن «پاراۋانلىق مەركىزى»گە كەلگەن مەمەتئىبراھىم مەتتوختى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. «پاراۋانلىق مەركىزى»گە

تۇنجى تۇركۇمدە (1992-يىل نويابىر) قوبۇل قىلىنغان چاقارلىق بۇغداي ئۆڭ، قارا چاچ بۇ يېتىم بالا ئېگىز بوي، زىلۋا، چىرايلىق يىگىت بولۇپ يېتىلىپتۇ. ئۇنىڭ كالتە يەڭ كۆڭلىكى بەستىگە تولىمۇ يارىشىپتۇ. ئۇ: «مەن ھەر شەنبە كۈنى كېلىپ، يەكشەنبە كۈنى كەچتە زاۋۇتقا قايتىمەن. بۇ مېنىڭ ئائىلەم. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئىنى-سىڭىللىرىم...» دېدى. ئۇنىڭ چىرايىدا كۈلكە ئويناپ تۇراتتى. ئۇ ياتاقمۇ ياتاق كىرىپ، ئىنى-سىڭىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتى. قايسىدۇر بىر شوخ بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ دولىسىغا ئېسىلىپ كۆرۈشتى. ئۇلار نېمىلەرنىدۇر دەپ چاقچاقلاشتى بولغاي، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئاشۇ يېتىم بالىلار نېمىشقىمۇ «ئاكىسى» مەمەتئىبراھىمنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىنى كۆرۈۋالمىسۇن، ئۇنىڭ زاۋۇتقا ئىشقا كىرگەنلىكىدىن ئۆز ئىستىقبالىنى كۆرۈۋالالمىسۇن! ئۇلارنىڭ چىرايىدا نۇر-كۈلكە، كۆزلىرىدە غەمسىزلىك ۋە ئىشەنچ ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولغانلىقىدىكى سەۋەب ئەنە شۇ.

ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە ئىلمى ئەركىلىتىپ باققان بالىنىڭ ئەقلىلىك چوڭ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى ئېنىقلاپ چىققان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بالا ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ئاتا-ئانا مېھرى، يېتىم بالىلارنىڭ ئەڭ تەشنا بولىدىغىنىمۇ ئەنە شۇ مېھىر-مۇھەببەت. بالا ئۈچۈن ئاتا-ئانا بىر گىگانت تاغ، نۇر-قۇياش، ھەۋزى كەۋسەر ئۇرغۇپ تۇرغان بىر بۇلاق. ئۇنىڭ قەلبى ئاتا-ئانىسىنىڭ «بالام» دەپ چاقىرغان ئىللىق، يۇمشاق ئاۋازىدىن، يېقىملىق كۈلۈمسىرىشىدىن سۇ ئىچىپ كۆكلەيدۇ. ئاتىنىڭ ئىللىق بېقىشىدىن، ئانىنىڭ ئىللىق بېقىشىدىن قاناتلىنىدۇ. شادلىق ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭ ئۈچۈن پارلاق ئىستىقبالنىڭ قۇچاق ئاچقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئوقۇتىدىغان، تەربىيىلەيدىغان، ئالىي مەكتەپكە ئۆتكۈزۈشكە، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا يول ماڭىدىغان، ئۆي-ئوچاقلىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. «پاراۋانلىق مەركىزى» دىكى يېتىملارنىڭ چىرايىدا كۈلكە، كۆزلىرىدە نۇر پارلىغانلىقىدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئاتا-ئانىغا، ئاتا-ئانا مېھرىگە ئېرىشكەنلىكىدە.

چىرا ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى «پاراۋانلىق مەركىزى» دە تەربىيىلىنىۋاتقان يېتىملارنى بىردىن ئىگىلەپ بېقىۋالدى. بۇ قانداق گەپ؟

چىرا ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى يېتىم بالىلارنىڭ ئاتا-ئانا مېھرىگە تەشنالىقىنى، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن ئەنسىرەش پسىخىكىسىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ناھىيە دەرىجىلىك 22 نەپەر كادىر مەسلىھەتلىشىپ، ھەر بىرى بىردىن يېتىم بالىنى بېقىۋېلىشنى قارار قىلدى. كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق بولدى: ھەر بىر رەھبىرىي كادىر يېتىم بالىلارنىڭ ئارخىپى، رەسمىي ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى كۆرۈپ، ئۆگىنىپ چىققاندىن كېيىن، مەلۇم بىر يېتىم بالىنى بېقىۋالغانلىقىنى جاكارلايدۇ. «پاراۋانلىق مەركىزى» بىلەن «بېقىۋېلىش» توختامى تۈزىدۇ. توختامغا ئاساسەن بېقىۋالغۇچى بېقىۋېلىنغۇچى ئۈچۈن ھەر ئايدا بانكىغا ئون يۈەن پۇل ئامانەت قويىدۇ.

بۇ يىغىلغان پۇل كەلگۈسىدە، ئاشۇ يېتىم بالا چوڭ بولغاندا ئالىي مەكتەپتە، ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇتۇش خىراجىتى ياكى تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى قىلىنىدۇ. يەنە توختامغا ئاساسەن بېقىۋالغۇچى بېقىۋېلىنغۇچىنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش، ئەخلاق ۋە باشقا ئىشلىرىنى ئۇقۇشۇپ تۇرىدۇ. تەربىيىسىگە مەسئۇل بولىدۇ. بېقىۋېلىنغۇچى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا «يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزى»دە تۇرىدۇ. پەقەت شەنبە-يەكشەنبە، ھېيت-بايرام كۈنلىرىلا بېقىۋالغان ئاتا-ئانىسىنى يوقلاپ بارىدۇ.

مانا بۇ چىرىلىقلارچە يېتىم بالا بېقىۋېلىش! كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ يەردە بېقىۋالغۇچى تەرەپلا مەجبۇرىيەت ئۈستىگە ئالغان. بېقىۋېلىنغۇچى تەرەپتە ھېچقانداق مەجبۇرىيەت يوق. بۇ بەزى جايلاردىكى ئايرىم كىشىلەرنىڭ يېتىم قىزلارنى «بېقىۋېلىشى» بىلەن تامامەن ئوخشىمايدۇ. چىرىلىقلارنىڭ «بېقىۋېلىشى» ئۇلارنىڭ ئەمگىكىدىن پايدىلىنىش، ئۇلاردىن بالا باققۇچى ياكى مالاي قاتارىدا پايدىلىنىش نەزەردە تۇتۇلمىغان بالا بېقىۋېلىش، چاكىنىلارچە ئەمەس، بەلكى ئالىيجابلارچە بالا بېقىۋېلىش، شەخسىي ئېھتىياجى ۋەجىدىن ئەمەس ياخشى كۆڭۈل بىلەن بالا بېقىۋېلىش، مېھىر-مۇھەببەت ئاتا قىلىش ۋە يار-يۆلەك بولۇش ئۈچۈن بالا بېقىۋېلىش!

ئەسلى بۇ قۇرۇلۇشنى «بېقىۋېلىش» دېگەن ئاشۇ كونا ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلىمەي، قۇلاققا يېقىملىقراق ئاڭلىنىدىغان بىرەر يېڭى سۆز بىلەن (مەسىلەن: ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋە باشقا) ئاتىغان بولسا بەك ياخشى بولاتتىكەن، ئىسمى-جىسمىغا لايىق بولاتتىكەن لېكىن، چىرىلىقلار ئەنە شۇنداق ئاتاپتۇ. ئىشىنىمىزكى، كونا چاپان بەدەننىڭ ساغلاملىقىنى يوشۇرۇپ قالالماس. ئالتۇن زىرە موماينىڭ قۇلىقىدىمۇ ئوخشاشلا پارقىرايدۇ.

ھاكىم يالقۇن قادىر غېنىجان غوجەخمەتنى بېقىۋاپتۇ. مۇئاۋىن ھاكىم مەتتۇمۇر تۇردى مەتتۇرسۇن رەجەپنى بېقىۋاپتۇ. ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى چىڭ پىڭ مەھەممەت تۇرسۇننى بېقىۋاپتۇ، ئابدۇغېنى داموللا ھاجىم مەتتۇرسۇن جامالنى بېقىۋاپتۇ. ناھىيە دەرىجىلىك 22 نەپەر كادىرنىڭ ھەممىسى بىردىن بېقىۋاپتۇ. يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارمۇ ئاۋاز قوشۇپ بىردىن بېقىۋاپتۇ. «پاراۋانلىق مەركىزى»دە بېقىۋېلىنمىغان بىرمۇ بالا قالماپتۇ.

مەن «پاراۋانلىق مەركىزى»نىڭ قىرائەتخانىسىدا زىننەت رامكىسىغا چاپلانغان بېقىۋالغۇچى ۋە بېقىۋېلىنغۇچىلارنىڭ بىرگە چۈشكەن سۈرەتلىرىنى، بېقىۋېلىش توختامنامىسىنى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان باشقا ماتېرىياللارنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كەتتىم.

ئاشۇ بېقىۋېلىنغان بالىلار ھەر شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرىنى بېقىۋالغان ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزىدىكەن. ھېيت-بايراملارنىمۇ ئاشۇلار بىلەن بىرگە ئۆتكۈزىدىكەن. 1995-يىلى قۇربان ھېيتتا يېتىم بالىلار ئەڭ شېرىن بىر ھېيت ئۆتكۈزۈپتۇ. يېڭى ئاتا-ئانىلىرى بىلەن بىللە ھېيتلاپتۇ، بىللە ئويناپ كۈلۈپتۇ. ھېيت تۈگىگەندە ئاندىن «پاراۋانلىق مەركىزى»گە قايتىپ كەپتۇ. بالىلار ھېيت-بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئاشۇ يېڭى ئائىلىلىرىگە بارماي

قالسا ئاتا-ئانىلار چاقىرتىپ ئاپىرىدىكەن، ئەھۋالنى ئۇقۇشىدىكەن.

مەن «پاراۋانلىق مەركىزى»دە يېتىم بالىلارنىڭ ئارخىپىنى كۆرۈۋاتقان چېغىمدا ئوتتۇرا بوي، ئاق پىشماق، يېقىملىق بىر ئايال 10-15 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل، بىر قىز بالىنى باشلاپ يېتىم بالىلار ياتىقىنىڭ ئالدىغا كەلدى. «پاراۋانلىق مەركىزى»نىڭ مەسئۇلى مەتياسىن ئاخۇن مېنىڭ سوئاللىق نەزىرىمگە جاۋابەن: «يالقۇن ھاكىمنىڭ خوتۇن-بالىلىرى كەپتۇ» دەپ پىچىرلىدى. مەن قىزىقىپ قالدىم. ئۇقۇشۇش ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى، ئۇلار نەگىدۇر بىر يەرگە ئۈجمە يېگىلى (بۇ ئۈجمە ئەمدىلا پىشۋاتقان چاغ ئىدى)، يىلنىڭ ئەڭ بالدۇر چىقىدىغان مېۋىسىگە ئېغىز تەگكىلى بارماقچىكەن. بېقىۋالغان ئوغلى غېنىجاننى بىرگە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن چاقىرىپ كەپتۇ. ئاشۇ يەردە يالقۇن ھاكىمنىڭ كىچىك ئوغلى نەبىجان «ئاكىسى» غېنىجاننىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىدى. شۇ زامان ئورۇق ۋە قارامۇتۇق كەلگەن غېنىجاننىڭ ئۇزۇنچاق چىرايىغا تاتلىق تەبەسسۇم ئۆرلەپ چىقتى. ئۇلار غېنىجاننى ئەكەتتى. بەختىيار غېنىجاننى بىرگە ئېلىپ كەتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى-جىسمىغا لايىق غەنىيگە ئايلىنىپتۇ. غەنى بالا غەنى ئادەمگە ئايلىنىپتۇ.

مۇئاۋىن ھاكىم مەتتۇمۇر تۇردى: «بېقىۋالغان بالىلىرىمىز دەسلەپتە ئۆيلىرىمىزگە بارغاندا خۇددى ناتونۇش مېھماندەك تارتىنىپ-خۇدۇكسىنىپ ئارانلا ئولتۇراتتى. ھازىر كۆنۈپ كەتتى. ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان بولدى» دېدى.

يېتىم بالىلار ئوقۇۋاتقان مەكتەپلەردىكى ئۇستازلارنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىچە، بالىلار «مېنىڭ ھاكىم دادام بار، شۇجى دادام بار، مۇدىر دادام بار...» دەپ خېلىلا جانلىنىپ قېلىشقان.

ئۇلار نېمىشقىمۇ جانلانمىسۇن؟ ھازىرقى تەربىيىگە، كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان شۇنچە نوپۇزلۇق ئاتا-ئانىلىرى تۇرغان يەردە يەنە نېمىدىن غەم-ئەندىشە قىلىدۇ؟ نېمىدىن ئەنسىرەيدۇ؟ ئۇلارنىڭ چىرايىدا كۈلكە، كۆزلىرىدە غەمسىزلىك ۋە ئىشەنچ ئۇچقۇنلىرىنىڭ چاقناپ تۇرۇشىدىكى سەۋەب ئەنە شۇ.

بالا دېگەن بالا، يېتىم بالىمۇ ئوخشاش بالا، ئۇ كەمپوت، تاتلىق-تۈرۈملەرنى يېيىشكە ئامراق. ھېيتتا يېڭى كىيىم كىيىشكە، ئاتا-ئانىسىدىن ھېيتلىق ئېلىشقا، ھېيتلىق پۇلىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆز ئىختىيارىچە خەجلەشكە ئامراق. ئۇيغۇرلاردا «ھېيت بالىلار ئۈچۈن» دېگەن گەپ بار. ھېيت كۈنى بالىلارغا ھېيتلىق بېرىش ئادىتى بار. ئەڭ نامرات ئاتا-ئانىلارمۇ بالىلىرىغا ھېيتلىق پۇل تەييارلاپ قويىدۇ. پۇل تاپالمىغانلىرى تۇخۇمنى رەڭدار بوياپ، ھېيتلىق ئورنىدا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. ھېيت نامىزىدىن قايتىپ كېلىپ بىرىنچى قىلىدىغان ئىشى شۇ بولىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ قولىدىن ھېيتلىق ئالغان بالىنىڭ شادلىقىنى، خۇشاللىقىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەلەمسىز؟

چىرا ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى 1995-يىلى قۇربان ھېيتتا «پاراۋانلىق

مەركىزى»دىكى ھەربىر يېتىم بالىغا بىرقۇردىن ھېيتلىق كىيىم تىككۈزۈپ بەردى. ھېيتلىق يېڭى ئاياغ ئېلىپ بەردى. يىراق خوتەندىن دوپپا ساتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ھېيتلىق دوپپا ئېلىپ بەردى. بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، گىلەم دوپپا، ئەنجان دوپپا! قايسى بالىغا قايسى دوپپا ياراشسا، شۇنى ئېلىپ بەردى.

ھاكىم يالقۇن قادىر، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى چېك پېك ھېيت كۈنى ئەتىگەندىلا «پاراۋانلىق مەركىزى»گە كېلىپ بالىلارنى ھېيتلىدى. يالقۇن قادىر ھەر بىر يېتىم بالىغا بىر سومدىن ھېيتلىق بەردى. چېك شۇجى ھەر بىر بالىنىڭ قولىغا بىر سومدىن ھېيتلىق تۇتقۇزدى. ئۇلار ئۈچ يىلدىن بېرى ھەر يىلى روزى ھېيتتا، قۇربان ھېيتتا شۇنداق قىلىپ كەلدى.

ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەربىر ئىدارە-ئورگان ئادەم تەشكىللەپ، ھېيت كۈنى ئەتىگەندىلا «پاراۋانلىق مەركىزى»گە ھېيتلاشنى، يېتىم بالىلارغا ھېيتلىق تاتلىق-تۈرۈملەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئادەتكە ئايلاندۇردى. ئوقۇتقۇچىلار، كادىرلار، ئىشچىلار، دېھقانلار، ئاق كۆڭۈل تىجارەتچىلەر، تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زاتلار ھېيت كۈنى ئەتىگەندىلا يېتىم بالىلارنى يوقلاشنى، ئۇلارغا ھېيتلىق يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئادەتكە ئايلاندۇردى.

ئەڭ تەسىرلىك كۆرۈنۈش 1995-يىلى قۇربان ھېيتتا ناھىيىلىك يىپەكچىلىك زاۋۇتىدا زاھىر بولدى. يېقىندا ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنغان توققۇز نەپەر يېتىم بالىنىڭ ئىش ھەققىنىڭ تۆۋەنلىكىنى، ھېيتلىق كىيىم سېتىۋېلىشقا يەتمەيدىغانلىقىنى ئويلىغان زاۋۇت رەھبەرلىرى توققۇز نەپەر يېتىم بالا ئىشچى ئۈچۈن بىر قۇردىن ھېيتلىق يېڭى كىيىم تىككۈزۈپ بەردى. ئىشچىلار چوڭ يىغىنى ئېچىپ سەھنىدە تارقىتىپ بەردى. تەسىرلەنگەن يېتىم بالىلار يىغلىۋەتتى. ئەڭ بۇرۇن ھۆرىيەت يىغلىدى. ئارقىدىن تۇرسۇنگۈل، سەيدىنىسا يىغلىدى. ئوغۇللارمۇ يىغلىدى. پەستە ئولتۇرغان ئىشچىلارمۇ يىغلاپ كەتتى. سەھنىدە، پەستە تاراملاپ ياش ئاقتى، بۇ قانداق ياش؟ مېھىر-مۇھەببەت يېشى، تەشەككۈر-ئاپىرىن يېشى!

چىرىدىكى يېتىملار ئوخشاشلا ھېيتلىق كىيىم، ھېيتلىق پۇل، ھېيتلىق تاتلىق-تۈرۈم، ھېيتلىق مېھىر-مۇھەببەتكە نائىل بولدى. ئۇلارنىڭ ھېيتى ئاتا-ئانىلىق بالىلارنىڭكىدىن ئازراقمۇ كەم بولمىدى. شۇنداقكەن، ئۇلارنىڭ بويىنى نېمىشقا قىسىلسۇن!

بىز بۇ يەردە «پاراۋانلىق مەركىزى»دىكى يېتىم بالىلار مېھىر-مۇھەببەتكە نائىل بولدى، يېتىملىك دەردىدىن قۇتۇلدى دېگىنىمىزدە، ئاشۇ مېھىر-مۇھەببەتنى بىۋاستە يەتكۈزگەن، ھەر مىنۇت-ھەر سائەت ئىپادىلەپ، ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرغان «پاراۋانلىق مەركىزى» خادىملىرىنىڭ مېھرىبان چىرايىنى، جاپالىق خىزمىتىنى، قان-تەر سىڭگەن ئەجرىنى ئەڭ بۇرۇن كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. «پاراۋانلىق مەركىزى»دىكى يېتىم بالىلار مۇدىر مەتياسىن ئاخۇننىڭ «بالام» دېگەن يېقىملىق،

تەلەپچان ئاۋازىدىن ئاتا مېھرىنى سېزىدۇ. مەخپۇزخاننىڭ كېچىلىرى ئېچىلىپ قالغان يوتقانلىرىنى ئاۋايلاپ يېپىپ قويۇشىدىن ئانا مېھرىنى ھېس قىلىدۇ. مەتتۇرسۇن ئاخۇن ئەتكەن مەززىلىك تاماقلاردىن، مۇقەددەسخان، تۇرسۇنجان ۋە باشقىلارنىڭ ئەھمىيەتلىك خىزمەتلىرىدىن ئىللىق ئائىلە مېھرىنى ھېس قىلىدۇ. ئاھ، ئۇزۇن كۈنلەر ۋە تۈنلەر، ئاھ سېنىڭ سوغۇقلىرىڭ ۋە ئىسسىقلىرىڭ، باللار توڭۇپ قالارمۇ؟ مەشتىكى ئوت ئۆچۈپ قالغانمىدۇ؟ ئىس چىقىپ كەتكەنمىدۇ؟ باللار ئۇسساپ قالغانمىدۇ؟ بىرەرىنى پاشا چېقىۋالارمۇ؟ تەرەتكە چىققۇسى كەلگەنمىدۇ؟ ئاغرىپ قالغانمىدۇ؟ يوتقىنى ئېچىلىپ قالغانمىدۇ؟ يۈرەكلەردىن ئەنسىزلىك كۆتۈرۈلگەن بىر مىنۇت بارمۇ؟ خاتىرجەم ئۇخلىغان بىر كېچە بارمۇ؟ ئاھ، ھەممىسى سەن ئۈچۈن، ھەممىسى سىلەر ئۈچۈن.

ئۇلارنىڭ ئېرىشكىنىدىن تەقدىم قىلغىنى كۆپ، ئۇلار نامسىز قەھرىمانلار، لېكىن گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىغان سەھنىدە يوق. بىرەر كىم ئۇلارنىڭ كۆكسىگە گۈلمۇ تاقىمىدى. لېكىن ئۇلار ھەقىقىي قەھرىمان!

ئاشۇ كۈنى بىز گۈلاخمادىن سائەت ئونلاردا قايتىپ كەلسەك، شەنبە كەچ بولۇشىغا قارىماي مەتياسىن ئاخۇن تېخىچە ئائىلىسىگە قايتماپتۇ. بىر بالىنىڭ ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ قالغانىكەن، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپتۇ. «بۈگۈن كېچە ئۆتسۇن، ئەتە داۋالاتايلى» دېمەپتۇ. مانا بۇ ھەقىقىي ئاتا كۆڭلى!

ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ، يۇمىلاق چىرايىدا، چوڭ-چوڭ كۆزلىرىدە ئاتىلىق مېھرى چاقناپ تۇرۇپتۇ. ياۋاش، ساددا، ئاق كۆڭۈللۈكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. راستچىل، تەلەپچان، ئۆز خىزمىتىگە پىششىق ۋە ساداقەتمەنلىكى چىقىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدا چەللە ئۈستىدە ئات چاپتۇرىدىغان، قۇرۇق ھاۋۇننى سوقۇپ دوكىمۇ دوڭ ئېلىپ قاچىدىغانلارنىڭكىدەك پوچىلىق، ماختانچاقلىق، يالغانچىلىقتىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئەمما، ئۇنىڭدا باللارنى سۆيىدىغان، ئۆز خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىدىغان ئادەملەردىلا بولىدىغان تەمكىنلىك كەم ئەمەس. ئۇ «پېداگوگىك پوئېما» نى ئوقۇمىغان بولۇشى مۇمكىن. ماكارىنكونى بىلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. ۋاھالەنكى، زامانىمىزنىڭ ماكارىنكوسى ئاتىلىشقا تامامەن ھەقلىق!

ئىگىلىشىمىزچە، «پاراۋانلىق مەركىزى» گە قوبۇل قىلىنغان باللاردىن قېچىپ كەتكەنلەردىن بىرىمۇ يوق ئىكەن. باللارنىڭ ھەممىسى «پاراۋانلىق مەركىزى» نى ئۆز ئائىلىسىدەك ياخشى كۆرىدىكەن. ئاشۇنداق مېھرىبان، كۆيۈمچان ئاتا-ئانىلار بار يەردىن نېمىشقا قېچىپ كەتسۇن! ئۇلارنى مەتياسىن ئاخۇن ياخشى كۆرىدۇ. مەخپۇزخان ياخشى كۆرىدۇ. مەتتۇرسۇن ئاخۇن، مۇقەددەسخان، تۇرسۇنجان ۋە باشقىلار ياخشى كۆرىدۇ. ئۆز بالىسىدەك ياخشى كۆرۈنىدۇ.

باللارنىڭ چىرايىدا كۈلكە، كۆزلىرىدە غەمسىزلىك ۋە ئىشەنچ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرۇشىدىكى سەۋەب ئەنە شۇ.

## جاۋاب

چىرىلىقلار يېتىم باللارغا توق تۇرمۇش، مېھىر-مۇھەببەت ۋە ھايات ئىشەنچى بەخشەندە قىلدى. باللار بۇنىڭ بەدىلىگە نېمە بەردى؟

بالا — ئاتا-ئانىلارنىڭ بىر ئۆمۈر يېزىپ چىقىدىغان ئەڭ نادىر ئەسىرى. ئۇلار بىر ئۆمۈر ئاشۇ ئەسەرنىڭ تاكامۇللىشىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، ھەر بىر سۆزى، ھەربىر قۇرى، ھەر بىر سۇژېت-ھېكايىسى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئاتا-ئانا ئاشۇ ئەسەرنىڭ ھەر بىر سۆزى، ھەر بىر قۇرىدىن پەخىرلىنىدۇ، ھەر بىر ھېكايىسى، ھەر بىر ۋەقەلىكىدىن سۆيۈنىدۇ. ئاتا-ئانا ئۈچۈن ئۆز پەرزەنتىنىڭ ساغلام، ئەقىللىك، بېجىرىم ئۆسۈۋاتقانلىقىنى، قاتارغا قوشۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتىن ئارتۇقراق يەنە نېمە خۇشاللىق بولسۇن!

توققۇز نەپەر بالىنىڭ قانات-قۇيرۇقى يېتىلىپ ئۇچۇرما بولدى. ئۇلار تۇنجى ئايلىق ئىش ھەققىگە خاتىرە ئۈچۈن تەقدىم قىلىنىدىغان ئالىي دەرىجىلىك ئەينەكلىك رامكا سېتىۋېلىپ «پاراۋانلىق مەركىزى»گە تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭغا: «چىرا ناھىيىسىدىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە تەقدىم، ئاتا-ئانىلارنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىگە رەھمەت!» دەپ يازدى. بۇ پەقەت رەھمەتلىمۇ؟ ياق، ئاشۇ بىر جۈملە سۆزگە نۇرغۇن-نۇرغۇن نەرسىلەر مۇجەسسەملەنگەن. ئۇنىڭدا رەھمەت-تەشەككۈرمۇ، خۇشاللىق-مەمنۇنىيەتمۇ، ۋەدە-ئىرادىمۇ بار. ئۆزلىرىدىن ئىبارەت توققۇز پارچە ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسى بار، تۇنجى ئالتۇن بېتى بار. بىرىنچى قەدەمنىڭ ئىزى بار. ئۇلار شۇ تۇنجى قەدەمدىن كېيىن چىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۇلۇغ يۈرۈشلىرىگە ئاتلىنىدۇ. چىرا خەلقى ئۆزلىرى مېھىر-مۇھەببەت سۇيى بىلەن ياشناتقان ئاشۇ توققۇز ئال گۈلنىڭ گۈزەللىكىدىن پەخىرلەنمەسمۇ؟ خۇش ھىدىدىن سۆيۈنمەسمۇ؟

يېتىم باللارنىڭ ئۆزلىرىنى قاتارغا قوشقان چىرا خەلقىگە قايتۇرغان جاۋابى ئەنە شۇ.

«پاراۋانلىق مەركىزى» نىڭ مەسئۇلى مەتياسىن ئاخۇن بەش مەكتەپ، 24 سىنىپتا ئوقۇۋاتقان 59 نەپەر يېتىم بالىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىلىرى كۆرسەتكۈچىنى پەخىرلەنگەن ھالدا ئالدىمىزغا قويدى.

غېنىجان غوجەخمەتنىڭ ھەرقايسى پەنلەردىكى نەتىجىسى توقساندىن يۇقىرى ئىكەن. ئۇ بۇ يىل ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئىمتىھان بېرىشكە تەييارلىنىۋېتىپتۇ. مەتسالى مەتسىدىقنىڭ تەنتەربىيىدىن باشقا پەنلەردىكى نومۇرى سەكسەندىن يۇقىرى ئىكەن. ھازىر ئۇ «پاراۋانلىق مەركىزى»دىكى باللارنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ. بۇۋىزەينەپخان ئابدۇكېرىم ھەر قېتىملىق ھۆسن خەت، رەسىم دەرسى تاپشۇرۇقىدا يۈز نومۇر ئاپتۇ. ھەرقايسى دەرسلەردىكى نەتىجىسىمۇ ياخشى ئىكەن. ئۇ تېخى ناخشا

ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناشنى بىلىدىكەن. مەتتۇرسۇن جامال، مەتتۇرسۇن رەجەپ، ۋالىك جىچىمەك ۋە باشقىلارنىڭمۇ ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى ئىكەن. ئاتا-ئانا ئۈچۈن پەرزەنتلىرىنىڭ ئەقىلگە تولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتىن ئارتۇقراق ئېسىل مۇكاپات بارمۇ؟

ئۇلار كەلگۈسىدە نى-نى ئىشلارنى قىلىدۇ. چىرنى گۈللەندۈرىدۇ. چىرا خەلقىنىڭ ئىزىنى باسىدۇ، نى-نى مۆجىزىلەرنى يارىتىشىمۇ مۇمكىن. يېتىم بالىلارنىڭ ئۆزلىرىنى قاتارغا قوشقان چىرىلىقلارغا بەرگەن جاۋابى ھازىرچە ئەنە شۇ. ئۇلار كەلگۈسىدە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يەنىمۇ ئوبدان جاۋاب بېرىدۇ.

## باشلامچىنىڭ ھەيكىلى

چىرا ناھىيىسىدە ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ھەل بولماي كېلىۋاتقان يېتىم بالىلاردىن خەۋەر ئېلىش ئىشى ھەل قىلىندى. بۇ ئۇلۇغ ۋە ئۇنتۇلماس قۇرۇلۇشنى ھاكىم يالقۇن قادىر ئۆزى باشلاپ، ئۆزى تاماملىدى. يەنىمۇ ئوبيېكتىپراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ چىرا خەلقىنىڭ ئاشۇ قۇرۇلۇشنى باشلىشىغا ۋە تاماملىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئىشنى بولسا چىرا خەلقى قىلدى. بۇ پاكىت ھەرگىزمۇ يالقۇن قادىر چىرا ناھىيىسىدە «يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزى» قۇرۇش ۋە يېتىم بالىلار پاراۋانلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىگە نۇرلۇق بىر ئابىدە-ھەيكەل تىكلىدى، دېيىشىمىزنى توسۇپ قالالمايدۇ. چۈنكى، ئايرىم ئىشلاردا قەھرىمان باشلامچىنىڭ رولى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى تارىخىي پاكىتلار ئىسپاتلىغان. ئەگەر ئۇ يېتىم بالىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش قەتئىي ئىرادىسىگە كەلمىگەن بولسا، چىرا خەلقى ئارىسىدا مۇشۇ ئىشنى ھەل قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسا، ئىش ھالقىلىرىدىكى ھەر بىر كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدا پۇت تىرەپ تۇرمىغان بولسا ئالدىنقى قىرىق نەچچە يىلدىكىگە ئوخشاشلا يېتىم بالىلار پاراۋانلىق ئىشى يەنىلا ھەل قىلىنماي قالغان بولاتتى. شۇڭا، بىز يالقۇن قادىرنى چىرا ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلىپ بەردى، چىرا خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆزىنىڭ ھەيكىلىنى تىكلىدى دېيىشكە ھەقلىقمىز. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر ياخشى ئىش قىلدى. چىرا يېتىملىرى ۋە يېتىملارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنىڭ بۇ ياخشى ئىشىنى ئۇنتۇمايدۇ.

چىرا تارىخى ئالغا ئىلگىرىلەپ ھەل قىلىنمىغان ئاشۇ ئىشنىڭ ھەل بولۇش نۇقتىسىغا يېتىپ كەلگەنىدى، دېگەنىدىن ئىبارەت تارىخىي مۇقەررەرلىك كۆز قارىشى بويىچە تەھلىل قىلغىنىمىزدا، نەتىجە كۆپرەك دەۋر شارائىتىغا مەنسۇپ بولىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، گۈللەندۈرۈش شامىلى چىرا دىيارىغا ئۆزگىرىشلەر ئېلىپ كەلمىگەن بولسا، چىرا خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇكسەلمىگەن بولسا، غەم-ئەندىشىسى قورساق ۋە كىيىم-كېچەكتىن يۆتكىلىپ، دىققىتى بىر ئاز بولسىمۇ بالىلار تەربىيىسىگە مەركەزلەشمە-

گەن بولسا بۇ ئىش يەنىلا ھەل بولماي قالغان بولاتتى. ئاشۇ يالقۇن قادىر ئەمەس ئۇنىڭدىن ئون ھەسسە ئىقتىدارلىقراق يالقۇن قادىر ھاكىم بولغان ھالەتتىمۇ ھەل بولماي قالاتتى. چىرا تەرەققىي قىلغانىكەن، چىرىغا كىم ھاكىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ مۇشۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇندىغان، نەتىجە ئاشۇ تەلەيلىككە مەنسۇپ بولغان بولاتتى. بۇ تارىخىي مۇقەررەرلىك. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يالقۇن قادىرنى تەلەيلىك رەھبەر ئىكەن دېيىشكە بولىدۇ. ئاشۇنداق دەۋر ۋە شارائىت ئالدىنقى ھاكىملارغا، ئالدىنقى ئىش باشقۇرغۇچىلارغا ئۇچراشماي، يالقۇن قادىرغا ئۇچراشقانلىقى بۇنىڭ دەلىلى. ۋەھالەنكى، تارىخىي مۇقەررەرلىك سەۋەبىدىن ۋۇجۇدقا چىققان ھەرقانداق ئىشمۇ مەلۇم بىر باشلامچىنىڭ نامى بىلەن باغلانغان بولىدۇ. شۇڭا، يالقۇن قادىر چىرىدا يېتىم بالىلار پاراۋانلىق ئىشىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى، شۇ ئارقىلىق چىرا خەلقى قەلبىدە ئۆزىگە ئابىدە تىكلىدى دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. ئاشۇ نەتىجىنى يالقۇن قادىرنىڭ ھېسابىغا يېزىپ قويۇش ئادەتتىكىمۇ، ئەمەلىيەتتىكىمۇ ئۇيغۇن.

چىرا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلەۋاتقان تۆمۈر قادىر بىزگە ئەھۋال تونۇشتۇرۇۋېتىپ: «ھاكىم مەيلى قايسى يېزا، قايسى كەنتكە بارمىسۇن، ئالدى بىلەن مائارىپ ئەھۋالىنى، يېتىم بالىلار ئەھۋالىنى، نامراتلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرىدۇ ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ» دېدى.

ئۇنىڭ ئاشۇ ئۈچ ئىشقا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكىنى، ستراتېگىيىلىك نۇقتىنەزەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغانلاردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دەۋرىمىز، جۈملىدىن نامرات، قالاق خوتەن رايونى، خوتەندىكى نامرات، قالاق ناھىيە-يېزىلار ئاشۇنداق رەھبەرگە نەقەدەر موھتاج-ھە!

ئۇ ئۈچ يىلدىن بېرى ھەر يىلى روزى ھېيتتا، قۇربان ھېيتتا يېتىم بالىلارغا ئۆز يانچۇقىدىن ھېيتلىق بېرىپ كەپتۇ. باشلامچىلىق بىلەن يېتىم بالىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىپتۇ. بۇ ئۇنىڭ ھاكىملىق بۇرچىنى ئادا قىلغانلىقىمۇ ياكى ھاكىملىق سالاھىيىتى بىلەن ئېلىپ بارغان سىمۋول خاراكتېرلىك پائالىيەتمۇ؟ بىز «يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزى» قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ كۆرسەكلا بۇ يەردە بۇرچ ۋە سىمۋول خاراكتېرلىك مەنىدىن كۆرە ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ياخشى نىيەتنىڭ، ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ رول ئوينىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

يالقۇن قادىر چىرىغا ھاكىم بولغان مەزگىلدە چىرا خەلقى ئۈچۈن كۆيۈندى، ئۇلارغا نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خەلقنىڭ كۆڭلىگە ئەڭ بەك ياققىنى يەنىلا ئاشۇ «يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزى»نىڭ قۇرۇلۇشى، يېتىم بالىلاردىن خەۋەر ئېلىش، ئۇلارغا مېھىر-مۇھەببەت يەتكۈزۈش.

بۇ جاھان — يېتىم بالىلار تۈگەيدىغان، يېتىملىك يوقىلىدىغان جاھان ئەمەس، يەنە نۇرغۇن يىللار ئۆتىدۇ. بۈگۈن ئاشۇ «پاراۋانلىق مەركىزى»دە بېقىلىۋاتقان

بالىلار « پاراۋانلىق مەركىزى » قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى، 100 يىللىقىنى خاتىرلەش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان چاغدا يالقۇن قادىرنى چوقۇم ئەسكە ئالىدۇ.

## خاتىمە

چىرا ناھىيىسىدە 70 نەپەر يېتىم بالىنىڭ تۇرمۇشى، تەربىيىلىنىشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. چىرا دىيارىدا يېتىم بالا پەقەت 70 نەپەرمۇ؟ 70 نەپەر بالىنىڭ ئىشى ھەل قىلىنسا ھەممە ئىش تۈگەمدۇ؟ ئەمدى ئويلىشىپ كۆرىدىغان ئىش مانا مۇشۇ.

چىرا ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى توختى روزى سالى: بىز « پاراۋانلىق مەركىزى » دىكى بالىلارنىڭ سانىنى يۈز نەپەرگە يەتكۈزمەكچى، دېدى، بۇ يۈز نەپەرلا بالىنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىمىز، دېگەن گەپ. ۋەھالەنكى، چىرا ناھىيىسىدە 1729 نەپەر يېتىم بالا بار. قوش يېتىمدىنلا 183 نەپەر بالا بار. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھازىرمۇ « ئۆگەي ئاتا »، « ئۆگەي ئانا » نىڭ دەردىنى تارتىپ يۈرۈپتۇ. « يېقىۋالغان ئانا »، « يېقىۋالغان ئاتا » نىڭ قاپقىنىنىڭ تۇرۇلۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ يۈرۈپتۇ. ھەتتا بەزىلىرى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرى ئارا سەرسان-سەرگەردان بولۇپ، كەچ قالسا قايسى تۇغقىنىنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىشنى بىلەلمەي تىمسقىلاپ يۈرۈپتۇ. ھېلىقى « بىز ( پاراۋانلىق مەركىزى ) دىكى بالىنىڭ سانىنى يۈزگە يەتكۈزمەكچىمىز » دېگەن پىلان بەك تۆۋەن بولۇپ قالدىمۇ، نېمە؟

راست، « پاراۋانلىق مەركىزى » ھەممىنى سىغدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ، ھەممىنى يىغىپ كېتىشكە شارائىت، ئىمكانىيەت يار بەرمەيدۇ. قانداق قىلغۇلۇق؟ ھازىرمۇ « ئۆگەي ئاتا »، « ئۆگەي ئانا »، « يېقىۋالغان ئاتا »، « يېقىۋالغان ئانا » لارنىڭ يېنىدا تۇرىۋاتقان يېتىم بالىلارنىڭ دەرد-ئەلىمىنى يەڭگىللىتىشنىڭ ئامالى تېپىلارمۇ؟ بىز « ئانا-بالىلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى » نى تەشۋىق قىلايلى، يېتىم بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئاسراشتەك ئېسىل ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلايلى، پۈتۈن جەمئىيەت يېتىم بالىلارغا كۆڭۈل بولۇشتەك ئەنئەنىمىزنى جارى قىلدۇرايلى... شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ دەرد-ئەلىمى يەڭگىللەيدۇ. كەلگۈسى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد 1995-يىل 7-ئاپرېل چىرا ناھىيىلىك « يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزى » نى كۆزدىن كەچۈرگەندە « يېتىم بالىلارنىڭ كەلگۈسى گۈزەل بولسۇن » دەپ يېغىشلىما يېزىپ بەردى. بۇ ھەممىمىزنىڭ ئورتاق تىلىكى بولۇپ قالسۇن.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

خالىپە ساۋۇت (قىرغىز)

# يامغۇر تېتى


(ھېكايە)

شۇ تاپتا سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتىدۇ. دەرەخ شاخلىرىنى ئۆز ۋۇجۇدى بىلەن يېشىللىققا ئورىغان تارتىنچاق، نازۇك يوپۇرماقلار يامغۇر سۈيىدە تولا يۇيۇلۇپ، گويا قۇياشسىز ئاسمانغا قاراپ نۇر تەمە قىلغاندەك يېنىك تىترەشمەكتە. ئاسمان بىر خىل سۇر رەڭگە پۈركەنگەن، يولدا كېتىۋاتقان كىشىلەر يامغۇرلۇقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، يامغۇر سۇلىرى ھاسىل قىلغان كۆلچەكلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئىلدام-ئىلدام مېڭىشماقتا.

يىڭنىدەك ئىنچىكە چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرى بالكون ئەينىكىگە تەكشى ئۇرۇلۇپ، «چىك، چىك، چىك...» ئاۋاز چىقىرىپ، مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى. مەن بالكوندىن پەسكە قارىدىم، چىملىقتىكى قىياقلار يامغۇر تامچىلىرىنى كۆتۈرەلمەي، يەرگە يېتىپلا قېلىشىپتۇ. چىملىقنىڭ چۆرىسىگە، يول بويلىرىغا ئورنىتىلغان ئورۇندۇقلار بوش تۇرۇپتۇ. مەن ئەزەلدىن يامغۇرغا ئۆچ ئىدىم. يامغۇر يېغىپ، ھاۋا تۇمانلاشقان كۈنلىرى نېمىشقىدۇر ئىچىم سىقىلغاندەك، يۈرىكىمگە ئېغىر تاش باستۇرۇپ قويغاندەك، نەپەسلىرىم قىسىلىشىۋاتقاندەك بولۇپ قالاتتىم.

بۈگۈن نېمىشقىدۇر، بالكوندا تۇرۇپ، ساناقسىز يامغۇر تامچىلىرىنى ئۆز قۇچىقىغا ئالغان چەكسىز كائىناتقا ئۇزۇندىن-ئۇزۇن قاراپ تۇرۇپ، خىيالىمغا سەن كەلدىڭ. يامغۇر ياغسا سەن بەك خۇش بولۇپ كېتەتتىڭ، يامغۇردا سىرتنى ئايلىنىشنى ياخشى كۆرەتتىڭ. ھازىرمۇ يەنە شۇ چاغلاردىكىدەك كېيىملىرىڭ ھۆل بولغۇچە سىرتنى ئايلىنىپ يۈرۈۋاتقان بولغىيمىدىڭ؟

مەرىيەم! ھېلىقى، ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى كىچىك كوچا ئازراقلا يامغۇر ياغسا، پاتقاق بولۇپ كېتەتتى. سەن ئىشقا



«تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

ماگغاندا سومكاگغا ئاياغ سېلىۋېلىپ، چوڭ يولغا چىققاندا ئالماشتۇراتتىڭ. ھازىرمۇ يەنە لاي بولۇپ كەتكەندۇ-ھە؟ شەھەر-لەردە بۇ يىل كىرگەن كوچىنى يەنە بىر يىلى تونۇمايلا قالسەن. لېكىن، كىچىككىنە ناھىيە بازىرىنىدىچۇ؟ سەن ئەسلى مۇشۇنداق چوڭ شەھەرگە، ھەشەمەتلىك ئۆيلەرگە يارىشاتتىڭ، ھۆسنۈڭ، خۇلقۇڭ شۇنىڭغا لايىق ئىدى.

گاچا لازا يېسە ئاچچىقنى خەقكە دېيەلمىگەندەك، شۇنچە يىللارنى گاچا بولۇپ ئۆتكۈزدۈم. بۈگۈن سېنىڭ ئامرىقىڭ يامغۇر ئالدىمغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن ئوخشايدۇ. مېنىڭ بۈگۈن سەن بىلەن قېنىپقىنا مۇڭداشقۇم بار، يەنە كېلىپ مۇشۇ يامغۇرلۇق كۈندە، ئاشۇ ئېگىسىز قالغان بوش ئۇرۇندۇقتا، سېنى يېنىمدا ئولتۇرغۇزۇپ كۆڭۈل سۆزلىرىمنى دېگۈم بار.

مەريەم!

ئەقلىمگە كەلسەم، مېنىڭ سۆرلۈك ھەم يۇرتتا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بىر چوڭ دادام بار ئىدى. چوڭ دادامنىڭ ئانامغا بولغان مۇئامىلىسى، نېمىشقىدۇر مېنى ھېمىشە شۈركەندۈرۈپلا تۇراتتى. دادامنۇ چوڭ دادامنىڭ ئالدىدا ئاپامغا يۈرەكلىكرەك ئېچىلىپ گەپ قىلالمايتتى. مەن يىگىتلىك قىرانىغا يەتكەن چاغلىرىمدا، ئائىلىمىزدىكى بۇنداق تەڭسىزلىككە خاتىمە بېرىشنى، ئۆزۈم سۆيگەن قىزنى بەختلىك قىلىشنى، ئۆزۈم بىلەن باراۋەر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولدۇم.

چوڭ دادام داۋاملىق: «خوتۇن خەق دېگەننىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولسىلا بولىدى. ئەر كىشى دېگەن ئۆيگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تولۇق ئەكىلىپ بېرىپ، خوتۇننى قاتتىق باشقۇرۇش كېرەك» دەيتتى. دادام گاھىدا ئاپام بىلەن سىرتلارغا بىرگە چىقاتتى. ياكى ئاپام ئۆي ئىشلىرىنى قىلسا، يېنىدا تۇرۇپ بىرەر يېرىم ئېغىز پاراڭلىشىپ قالاتتى، بۇنداق چاغلاردا چوڭ دادام:

— قارا سېنىڭ خوتۇن پۇراپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىڭنى، سېنى خوتۇنغا باغرى قانسۇن دەپ، ئۇن سەككىز يېشىڭدىلا ئۆيلەپ قويغانمەن. خوتۇنىسۇ شۇنداق دۈم چۈشكەن-بارمۇ؟ ئوغۇل بالا دېگەن خوتۇننى ھەرقان-چە ياخشى كۆرسىمۇ، چاندۇرمايدىغان. بولمىسا، خوتۇن كىشى ئەركە-ناينىاق بولۇپ قالىدۇ، — دەيتتى.

ئۇ چاغلاردا، بۇ سۆزلەر نېمىشقىدۇر ماڭا مۇقەددەس بىلىنەتتى. كېيىن چوڭ بولدۇم. ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، تۇرمۇش ھەققىدە مەندىمۇ باشقىچە غايە ئۇرۇقلىرى بىخلىنىشقا باشلى-دى، مەن ئۆزەمگە شۇنداق دەيتتىم: شۇنداق بىر ئەر بولمەنكى...

مانا بۇ — مېنىڭ خىزمەتكە چىقىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن، كەلگۈسى تۇرمۇشۇم-نى، توغرىسى، سېنى ئويلىغان تۇنجى مىنۇتلىرىمدىكى رومانتىكا ئارىلاشقان غايەم ئىدى. تەقدىر مېنى بۇ غايەمگە يەتكۈز-دى. لېكىن دادام بىلەن ئاپامنىڭ، ئالتە يىل بولدى، بالاڭ يوق ئۆتەمسەن بۇ دۇنيادىن؟ دەپ قىستاشلىرى، سېنىڭ كۈندەشلىكىڭ مېنى بارغانچە سەندىن

بىزار قىلدى. بىزنىڭ مۇھەببەت غۇنچىمىز
تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىز ۋە ئېغىر تۈكمەن
تېشىدا يەنچىلىپ چەيلەندى. مەن سېنى
قان يىغلىتىپ تۇرۇپ ئاجراشماقچى بولدۇم:
— خوش بولاي، ئاجراشايلى. سەن
مېنى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان يىرتقۇچ
يولۋاسنىڭ ئاغزىغا تاشلاپ بەرگىلىۋاتىسەن.
— ئۇنداق بولسا بىر شەرتىم بار،
كۆنەمسەن؟
— دېگىنە، قانداق شەرتىڭ بولسا،
كۆنۈمەن.
— مېنى كۆنلمەيسەن، قانداق؟
سەن ئۈيلىنىپمۇ تۇرماستىنلا ۋارقىراپ
كەتتىڭ:
— كۆنلەيمەن. سېنى مەڭگۇ كۆنلەي-
مەن، — سەن تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ،
خۇددى مەن ھازىرلا باشقا بىرىگە
چاپلىشىۋالىدىغاندەك، قۇچاقلىرىڭنى كېرىپ
مېنىڭ ئالدىمنى توستىڭ، — سېنىڭ باشقا
ئاياللارغا قارىغىنىڭنى، گەپ قىلغىنىڭنى
كۆرەر كۆزۈم يوق.
— ئۇنداق بولسا ئاجرىشايلى.
— شۇنداقمۇ شەرت قويامسەن؟ —
يىغىدىن ئاۋازىڭ بوغۇلۇپ كەتكەچكە،
تېخىمۇ كۆچەپ ۋارقىرىدىڭ، — سەن...
سەن...

شۇ كۈنى مەن سەندىنمۇ بەتتەر
تەلۋىلەشكەن ئىكەنمەن. ئۆتتۈنۈشلىرىڭگە،
يىغلاشلىرىڭغا قىلچە پەرۋا قىلماي، ئاجرى-
شىش ئىلتىماسىنى يازدىم. ساڭىمۇ يازدۇر-
دۇم.

كېيىن سەن ھېلىقى «ئاغزىنى يوغان
ئېچىپ تۇرغان يىرتقۇچ يولۋاس»قا يەم
بولۇپ كەتتىڭ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ
«يولۋاس» تەربىيىسىز ئۆسكەن ئوت
بالىسىنى ساڭا قالدۇرۇپ، پېشانەڭگە «ئۆ-
گەي ئانا» دېگەن تامغىنى بېسىپ،
بۇ دۇنيادىن كەتتى. مانا شۇنىڭدىن
باشلاپ، سەن بىر ئائىلىنىڭ تۇرمۇش
ھارۋىسىنى يالغۇز سۆرەپ، ھايات داۋانلىرى-
دا تىرىشىپ-تىرمىشىپ كېتىۋاتىسەن.
ئەمدى، مېنىڭ ھالىمنى بىلگۈڭ بارمۇ؟
ئەينى چاغدا ساڭا بەخت ۋەدە قىلىپ،
بەخت بېرەلمىگەن مەن ئاخىرى نېمىلەرنى
قىلدىم؟

*

سەندىن ئايرىلىپ، جىق ئىشلارغا
تەۋەككۇل قىلدىم. ئەڭ ئالدى بىلەن
خىزمىتىمنى تاشلاپ ئۇرۇمچىگە پۇل تېپىش
ئۈچۈن باردىم. شۇ يىللاردا پۇل ۋەسۋەسى-
دە بىر كېچىلىكى نەچچە يۈز يۈەنلىك
ئالىي مېھمانخانىلاردا ياتقان چاغلىرىممۇ،
يېنىمدا بىر تىيىن پۇل يوق، يوبىزنىڭ
كۆتۈش زالىدا ئۇرۇندۇقنىڭ پۇتىغا يۆلىنىپ
تاڭنى ئاتقۇزغان چاغلىرىممۇ، بىر تەخسە
لەڭمەن يېيىش ئۈچۈن، نەچچە يۈز كىلومېتىر
يول يېيىشقا رازى بولغان چاغلىرىممۇ، ناشتى-
لىق ئۈچۈن ئىككى موممىغا پۇل چىقىرالماي،
خەقتىن بىر كوي سورىغان چاغلىرىممۇ بولدى،
بەزى سەرگۈزەشتىلىرىمنى دېيىش ئەمەس،
ئەسلەشنىمۇ نومۇس قىلىمەن. پۇل تېپىش
جەريانىدىكى كۆرگەن بىلگەنلىرىمدىن
چىقارغان يەكۈنۈم — ئالتۇننىمۇ ئالتۇندەك
سارغىيىپ تاپىدىكەنسەن.

تۇرمۇشۇم كېيىنكى كۈنلەردە تولىمۇ باياشاد ئۆتتى. ئائىلىڭنى ياخشى كۆرەمەسەن، دەپ سورىمايسە نىغۇ؟

بىر قېتىم، ئارزۇگۇل بىلەن بىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا توغرا كېلىپ قالدى. ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئاز قالغاندا، تالادا تەپكۈچ ئويناۋاتقان سەككىز-توققۇز ياشلاردىكى بىر قىزچاق بىزنى كۆرۈپلا، ئۆيىگە يۈگۈرگىنىچە كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— سىلەر چاقىرغان ئاكاش ئاپىسى بىلەن كەلدى.

ئارزۇگۇل گەرچە مېنىڭ «ئاپام» دەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۇلغا چىڭلىقى ماڭا يېقىپ قالغانىدى. ئۇ مېنىڭ شىركەتتىن ئالغان ئىش ھەققىمنى بىر تىيىن-بىر تىيىندىن ساناپ تاپشۇرۇپ ئالاتتى. پۇلنىڭ پۈتۈننى بانكىدا قويۇپ، پارچىلىرىنى تېجەپ خىراجەت قىلاتتى. ھەتتا بىر تىلىم ۋوغۇن، بىر چىش سامساق شۇ كۈندىكى ئىشلىتىشىدىن ئاشسا، دەرھال توڭلاتقۇغا سېلىپ ساقلايتتى. شۇڭىمۇ، ئانچە-مۇنچە چوقۇرى بار، چاپانىنىڭ پۇزلەشكەن ئەستىرىدەك قارامتۇل، سوزۇنچاق يۈزى كۆزۈمگە ئېمشقىدۇر يېقىملىق، سەكسەن ئىككى كىلولۇق تېنى 18 ياشلىق قىزلارنىڭكىدەك نازۇك كۆرۈنۈۋېرەتتى. ئۇنىڭ قولىدا داۋاملىق كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان كىچىك قول سومكىسى مېنىڭ پۈتۈن خۇشاللىقىمنى قاچىلىغان بەخت قاپچۇقىدەك بىلىنەتتى.

مەرىيەم، بىر چاغلاردىكى يوقسۇز تۇرمۇش مېنى پۇلغا شۇنداق مۇھتاج ۋە ھېرىسمەن قىلىۋەتكەن بولسا كېرەك. ئىلگىرى چۈشۈمدىمۇ كۆرەلمەيدىغان تۈز ئىلكىمدىكى كىچىك ماشىنا، چىرايلىق ئۆي، باغلام-باغلام پۇل، قىممەت باھالىق كىيىم-كېچەكلەر... مەن مانا بۇلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشتىم. نۇرغۇن نەرسىلەرنى بەدەل بەردىم. ئاخىرى مەن ئۇ نەرسىلەرگە ئارزۇ قىلغىنىمدىنمۇ ئارتۇقراق ئېرىشتىم. ئارزۇگۇل بىلەن توي قىلىشىمۇ، ئاشۇ مەن بەرگەن بەدەلنىڭ ئەڭ چوڭ قىسمى.

شۇنىڭغا يارىشا، ئۇ ماڭا ئەركىنلىك بەردى. بازغان-تۇرغان يېرىمنى سورىمايدۇ، دەپ بەرسەممۇ قۇلاق سالمايدۇ.

— سىز دېگەن ئەركەك، نەگە بارسىڭىز بولىۋېرىدۇ، ماڭا سىز ئەكىرىپ بېرىدىغان پۇل كېرەك. باشقا ئاياللاردىن ئېسىل كېيىنسەم بولدى. سىزنىڭ بۇ ئۆيدە پۇشۇلداپ تىنىپ، گۆشىرىپ ئولتۇرۇشىڭىزنىڭ قىلچە لازىمى يوق.

— سىرتلاردا يۈرسەم، كۈندەشلىكىڭىز كەلمەمدۇ؟ مەندىن ئايرىلىپ قېلىشىڭىزدىن قورقمامسىز؟ — سورىغىنىم ئۆتتى چىكىنىپ باقماقچى بولۇپ.

— قورقىمەن. لېكىن مېنىڭ قورقۇنچام سىزنىڭ قورقۇنچىڭىزدىن ئارتۇق ئەمەس. سىز مەندىن ئايرىلىسىڭىز پۇلىڭىزدىن ئايرىلىسىز. دۇنيادا پۇلغا سىزدەك ئامراق ئەردىن يەنە بىرى يوق.

بىر قېتىم شىركەتتە بىرگە ئىشلەيدىغان ئۈچ چوكاننى تويۇقسىزلا ئۆيگە باشلاپ كىردىم.

— ئارزۇگۇل، بۇلار مېنىڭ ئەڭ ئەزىز مېھمانلىرىم، ياخشى كۈتۈڭ، — مەن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، روھىي دۇنياسىنى كۆزەتمەكچى بولدۇم.

— بولىدۇ، چاتاق يوق، — ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

مەن بۇنداق ئۇسلارنى بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىدىم. ھەتتا سىرتلاردا قونۇپ قېلىپ كەلگەن چاغلىرىم بولدى. بۇنداق چاغلاردىمۇ ئارزۇگۇل يەنىلا شۇ ئاغزى كۆنۈپ كەتكەن سۆزىنى تەكرارلايتتى:

— بۈگۈن قانچىلىك پۇل تاپتىڭىز؟ قېنى، ئەكىلىڭ!

مەن پۇلۇمنىڭ قىممىتىنىڭ مېنىڭ قىممىتىمدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكىنىمدە، ئۆزۈمنى خۇددى ئەخلەت دۆۋىسى ئارىسىدىكى تېرىپ ساتسا ئازدۇر-كۆپتۇر بىر نەرسىگە يارايدىغان كېرەكسىز بويۇمغا ئوخشاتقۇم كەلدى. ئۇنىڭ مېنى كۆيۈنمەسلىكى تەربىيە كۆرگەنلىكىدىنمۇ؟ كەڭ قورساقلىقىمۇ؟ ياكى مېنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىنىمۇ؟

مەريەم! بىر قېتىم ئاياللار بايرىمىدا: بۈگۈن بايرىمىڭىزنى تەبرىكلەپ بىر نەرسە سوۋغات قىلسام بولاتتى. لېكىن قولۇم قورۇق، — دېسەم، سەن، — مەيلى ئەمەسمۇ، ئەڭ ياخشى سوۋغات سېنىڭ مېنى سۆيگەن يۈرىكىڭ. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق سوۋغات بولامدۇ؟ — دېگەن ئىدىڭ.

شۇ چاغدا سېنىڭ ئۈستىبېشىڭغا قارىدىم: ئاددىي، تولىمۇ ئاددىي كىيىملەر. لېكىن سەن دېگەن شۇ مەردانە سۆز مەن ئۇچراتقان، تونۇغان ئاياللار ئىچىدە پەقەت سېنىڭلا ئاغزىڭدىن چىقىپتۇ. مەن شۇ يىللاردا مەنئۇبىيىتىمدىكى پۇل تولدۇرالمىغان بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈنمىكىن، ئاياللارغا ئارىلىشىپ باقتىم.

— ياخشى كۆڭۈل دېگەننى كەيگىلى بولامدۇ؟

— مۇھەببەتكە سادىق يۈرەكنى سەي قورۇپ يېگىلى بولامدۇ؟ ياخشى كۆڭۈلنىڭ، مۇھەببەتكە سادىق يۈرەكنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى بولۇشى كېرەك...

مانا، ئۇلار ماڭا شۇنداق نەق جاۋابنى ھەدىيە قىلىشتى.

مەريەم، مەن ھازىر سېنىڭ ئازراق گۇمانلىق ھەرىكەتلىرىم سېزىلگەن ھامان تىترەپ كېتىدىغان قوللىرىڭنى، جىمى قېچىپ، ھالرەڭ تۇسكە كىرىپ قالىدىغان سۇزۇنچاق يۈزۈڭنى، غەزەپتىن چىشلىرىڭنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ تىللاشلىرىڭنى سېغىنىۋاتىمەن. ھېلىقى بىر چاغدا، تېلېۋىزوردا كۆپ كۆرۈنىدىغان ناخشا چولپىنىغا زوقلىنىپ قاراپ كەتكىنىمگە ئاچچىقىڭ كېلىپ، سۆزلەپ كەتكەن ئەسەبىي كۆرۈنۈشۈڭ پات-پاتلا يادىمغا كېلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. سەن بىر چاغلاردا — ماڭا ئۆزۈڭنى ئاتىۋەتكەن چاغلىرىڭدا: «مېنىڭ بەختىم سېنىڭ تېنىق قارا كۆزلىرىڭنىڭ تەكتىدە. بارماقلىرىم ئارىسىدىكى قويۇق چاچلىرىڭنىڭ تالالىرىدا، تاماكا ھىدى سىڭگەن تىنىقلىرىڭدا، كەڭ يەلكىلىك قۇچاقلىرىڭدا»، دېگىنىڭدە «شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، نەگە باردىڭ، كىم بىلەن كۆرۈشتۈڭ، دېگەن تۈگىمەس سوراقتىن قاچانمۇ قۇتۇلارمەن؟» دەپتىكەنمەن.

خۇددى، كەگرى سايدا ياتقان ساناقسىز تاشلارنىڭمۇ شەكلى بىر-بىرىگە ئوخشىمىغاندەك، كىشىلەرنىڭ بەخت تۇيغۇسىمۇ ئوخشىمايدىكەن. بەخت-بەختنى

ھەقىقىي چۈشەنگەن كىشىلەرگىلا قەدىرلىك ئۇقۇم بولسا كېرەك.

مەن شۇ كۈنلەردە، ھاياتتىكى مەڭگۈلۈك بەختنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. كەينىمگە قارىدىم، بويۇنداپ ئالدىمغا قارىدىم، ھېچ كۆرۈنمەيدۇ، ئېيتقىنا مەريەم، مۇشۇ ھەشەمەتلىك تۇرمۇش مېنىڭ بەختىمىدۇ؟ سەن بىر چاغلاردا: «بىر ئەر ئۈچۈن — ھوقۇق، مەرتىۋە، پۇل دېگەنلەر تېپىلىدۇ. لېكىن ئۆزىنى بېغىشلىغان، روھى، جىسمى پاك، پىداكار ئايالنىڭ مۇھەببىتى تېپىلمايدۇ» دېگەنىدىڭ. ئۇ چاغدا مەن ماددىي مۇھتاجلىقنىڭ دەردىدە يۈرگەچكە، بۇ گەپلىرىڭنى چۈشەنمىگەن ئىكەنمەن...

مەريەم، ئاشۇ چاغلاردا سەن ماڭا نېمىلەرنى بەردىڭ؟ مەن ساڭا نېمىلەرنى بەرگەن بولغىيدىم؟ مېنىڭ ساڭا بەرگەنىم — كېسەكلىك ئىككى ئېغىز ئۆي، بىر دانە ياغاچ كارىۋات، كىگىز سېلىنچا، شەمبىجى زەدىۋال، ئەرزان باھالىق يۇڭ ئەدىيال بىلەن ئورالغان تۆت جۈپ يوتقان-كۆرپە، سىرلاقسىز ئىككى ساندۇق، قارىداپ كەتكەن ئالىيومىن چەينەك... ئاھ، بولدى قىلاي. مانا بۇ جاي — سېنىڭ سۆيۈملۈك ماكانىڭ ئىدى.

ئېسىمدە، شۇ يىللاردا سېنىڭ بىر كىتاب ئىشكابى سېتىۋېلىش ئارزۇيۇڭ بار ئىدى. بىراق، شۇنچىلىك ئاددىي ئارزۇيۇڭمۇ ھەل بولمىغانىدى. ئارزۇگۈل بولسا مەن ياسىتىپ، ئۆيىنىڭ كۆرۈنەرلىك يېرىگە قويۇپ بەرگەن كۆركەم كىتاب ئىشكابىغا قاچا-قوچا، فار-فۇر بۇيۇملارنى تىزىپ قويدى. ھەر قېتىم ئۆيگە كىرىپ، ئاشۇ كىتاب ئىشكابىغا قارىسام، ئۆزۈمنى ئەيىبكاردەك سېزىمەن. خۇددى كىتاب ئىشكابى مېنى ئۆز ئىگەمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋەت، ئۆز ئورنۇمدا تۇراي، دەۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

ئەدىناسى، سەن تېلېۋىزوردىكى ئۇرۇش، قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق ۋەقەلىرى تەسۋىرلەنگەن كىنولارنى كۆرۈشكە ئۆچ ئىدىڭ. «نېمىدېگەن دەھشەت كۆرۈنۈشلەر بۇ، نېمىدېگەن قەدىرسىز ھايات، ئادەملەر بىر-بىرىنى خۇددى ھاشارەت ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرۈۋاتسا» دەپ كۆرمەيتتىڭ. مۇھەببەتلىك تۇرمۇش، گۈزەل مەنزىرىلەر تەسۋىرلەنگەن فىلىملارنى قايتا-قايتىلاپ، زوق بىلەن كۆرەتتىڭ.

ئارزۇگۈل، ئۇ باشقىچە. ئۇنىڭ كۆرىدىغىنى — ئۇرۇش، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق تەسۋىرلەنگەن فىلىملار. يانكا بولاش جەريانىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنى شۇنداق بېرىلىپ كۆرىدۇكى، ئەگەر ئىمكانىيىتى بولسا، تېلېۋىزورنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكۈسى بار. گۈركىرەپ بوران چىقىپ، توپا-چاڭ ئالەمنى قاپلىغان كۆرۈنۈشلەر چىقسا ئۇ ئاجايىپ خۇشال بولۇپ كېتىدۇ.

*

بالىلىرىم ھەققىدە بىلگۈڭ بارمۇ؟ بىر كۈنى، ئارزۇگۈلنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ئۆيگە چاقىرماقچى بولدۇق. بىزنىڭ ئالدىراپ، بازاردىن لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ كېلىپ، داستىخانغا تىزىۋاتقىنىمىزنى كۆرگەن ئەيتىش

ياشلىق قىزىم يېنىمغا كېلىپ:
— دادا، ئۇلارنى نېمىشقا چاقىرىمىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.
— ئۇلار بىزنىڭ ئاتا-ئانىمىز تۇرسا.
— ئۇلارمۇ بىزگە بىرنەرسە ھەل قىلىپ بېرەمدۇ؟
مېنىڭ ئۈنۈم ئىچىمگە چۈشۈپلا كەتتى. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم.
بىر كۈنى، ئىشتىن كەلسەم، چوڭ قىزىم تاپشۇرۇق ئىشلەۋېتىپتۇ. مەن كىيىملىرىمنى ئالماشتۇراي، دەپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ قولىدىكى كىتابنى ماڭا كۆرسەتكىنىچە:
— دادا، ماۋۇ خەتنى ئوقۇڭا.
— سەن ئوقۇپ بەر، مەن ئاڭلايمەن.
— ئۆزىڭىز ئوقۇمىسىڭىز بولمايتتى، شۇ، — قىزىم دۇمسايدى.
ئۇ، كىتابنىڭ ئىككى بېتىدىن ئاستى سىزىلغان بەش سۆزنى كۆرسەتتى.
— دۇنيادا... ئەڭ... قىممەتلىك... نەرسە... پۇل...
مەن قاتتىق كۈلۈپ كەتتىم. قىزىمنىڭ ئىككى بەت تېكىست ئىچىدىكى سۆزلەرنىڭ مەزمۇنىنى بىر-بىرىگە چېتىپ، مۇددىئاسىنى ئىپادىلىگەنلىكىگە دەسلەپتە زوقۇم كەلدى. ئارقىدىنلا، جۇدۇندا قالغان يېپىنچىسىز يولۇچىدەك، جالاق-جالاق تىترەپ كەتتىم.
كىچىك ئوغلۇم، دادا، مەكتەپ ئىچىگە ئۆي سالايلىچۇ، مەكتەپكە بېرىپ-كېلىپ ھېرىپ كەتتىم، دەيدۇ. خالىغان ئادەم ئۆي سېلىۋېرىدىغان جاي ئەمەس ئۇ، دېسەم، پۇلىڭىز كۆپ بولغاندىن كېيىن، ھەل قىلىڭا، دەپ چىڭ تۇرىدۇ، مانا بۇ، مېنىڭ ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ئارزۇلۇق ئوغلۇم، مېنىڭ كەلگۈسى ۋارىسىم. ئارزۇگۈل ئۆزىمۇ خىزمەتتىن زېرىكىپ، ئۆيدە ئولتۇ-رۇۋاتىدۇ. باللار بىلەن كۈنبويى دېيىشىدىغى-نى — يەنە شۇ پۇل.

* *

شۇ تاپتا سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتىدۇ. بۈگۈن يامغۇرنىڭ توختىماي چۈشۈۋاتقىنىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى، نېمىشقىدۇر دالىنى ئايلانغۇم، يامغۇر بىلەن سىرداشقۇملا كېلىپ تۇرىدۇ...

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

## تۈزىتىش

مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن «تارىم» ژۇرنىلى 1996-يىللىق 7-سانىنىڭ 42-بەت يۇقىرىدىن 7-قۇردىكى «قانۇنغا بويسۇنمىغانلارغا دىكتاتورا...» دېگەن سۆز «قانۇنغا بويسۇنغانلارغا دىكتاتورا...» دەپ خاتا بېسىلىپ قالغان. تۈزىتىپ ئوقۇشىڭلارنى سورايمىز.

«بوغدا» ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزى

# ئۈمىد چېچەكلىرى (21)

كاملجان هەسەن

## مەڭگۈلۈك تەبەسسۇم

### مەڭگۈلۈك تەبەسسۇم

دەرگاهىڭدىن كەلتۈرگىن شاراب،
تاقەتلىرىم تاق بولدى، ساقىي.
ئايدىڭلىرى چىرايلىق سەھرا
بىزگە دەردلەر قىلمىغان باقىي.

ئاخشام ئۇزاق ۋەز ئېيتتى بوۋام
كەچمىشىگە يۈگۈرۈپ مەيلى.
ئۇنتۇغۇم بار ھەممىنى بۇ دەم،
گۇناھ يازسۇن پەرىشتە مەيلى.

كۆيدۈرمىسە تېنىنى گەر شام
قىممىتىنى بۇلار يوقاتقان.
بىزمۇ شۇنداق بىر پارچە كېسەك،
غەم ئۇستىدە سالمىساق چوقان.

ۋەزلەر زىنهار يىراقتا قالماس
سۆزلىرىمىز بولسا شېرىن بال.
جۇۋانلارنىڭ باغرى ئوت بولسۇن،
قىزلار بولسا ناخشىمىزغا لال.

قارا يەرنىڭ ئۈستىدە جەننەت،
ۋاپا كۈتمە ھېچكىمدىن پەقەت.
سۆيۈلۈۋەر پۇرسەت بار بولسا،
سۆيۈلمەسلەر چېكىشسۇن ھەسرەت.

كۈندەشلىكتە ئۆلسە كىم كېچە،
نامىزىغا بارىمىز ئوبدان.
يەتتە كەتمەن تۇپراق چۈشكەندە،
ئۇندىن بىزگە قالار بۇ جاھان.

### ماڭا ھەيۋە قىلما

ئۇنداق ھەيۋە قىلما ئاكىجان،
سېپىل سوقماق بولما يولۇمغا.
گۇناھىڭنىڭ ئىسپات خېتىنى
تۇتقۇزماقچى بولما قولۇمغا.

ئىختىيارىم قانداق ياشىماق،
جاۋابكارمەن بولسام گۇناھكار.
زارلىمايمەن ياخشى كۈنلەرنىڭ
يامانلىرى ئاسسا تىلتۇمار.

مەن قولىغا سالاتتىم ئۈزۈك،
ئاۋۇ قىزنىڭ ئالتۇنۇم بولسا،
قۇربان قىلار ئىدىم ھەتتا جان،
سۆيۈلمىگەن لىۋىنى سۇنسا.

تەلەي كۈتۈپ ئۆتمەكتە كۈنلەر،
ئاھ، زېرىكىپ سالىمەن چۇقان.
ئەپۇ سوراي كۈندۈز ۋە كېچە
بولسام ئەگەر ئۇيقۇڭنى بۇزغان.

ئايدىڭلاردا قۇرۇيدۇ يېشىم،
كۈندۈزلەردە غادايغان ھەم مەن.
دەردلىرىمگە ئىزدەيمەن داۋا،
ئۆزۈم بۇلبۇل، ئۆزۈم ھەم چىمەن.

## گېپىمگە قۇلاق سال

مىسكىن چېھرىڭ ئەزمەكتە يۈرەك،
كۆزلىرىڭدە ئاچچىق بىر غەزەپ.
خىيالىڭدا رەزىل بۇ دۇنيا
ۋۇجۇدۇڭنى قىينايدۇ، ئۆرتەپ.

مەنمۇ سەندەك بولغان ئىلگىرى،
تاشلانغانغا ئۇغام قاينىغان.
كۈلۈپ كىرىپ كۆزۈمدىن بىر قىز
يۈرىكىمنى تاتلايتتى ھامان.

ئەسلىگۈم يوق كەتمىشنى قايتا،
مېھمان قىلاي يۈرە، ئاغىنە.
مۇڭدىشايلى دەردلەشكەچ بىردەم
تىرىكلىككە قىلىپ تەنتەنە.

ئۇنتۇش ئۈچۈن سۆزلە ئۆتمۈشنى،
ئىچىڭ بوشاپ، چىقسۇن پىغانىڭ.

دەردمەنلەرگە ئاچمايدۇ قۇچاق
گۈزەل چېغى ياشلىق باھارنىڭ.

ئەيىبلىمە قىزلارنى ئەمما،
ئۆز يولىغا بولغانغا راۋان.
قىز چېغىدا بىلەلمەي قالسا،
بىلەر چوقۇم بولغاندا جۇۋان.

ناخشا توۋلا جاراڭلىق ئۈندە،
ناخشا يولى — ھاياتلىق يولى.
ئاجراپ كەتسۇن ئېرى بوينىدىن،
كۈيلەر تىڭشاپ جۇۋانلار قولى.

تىمتاس كېچە، يوپيورۇق جاھان،
تەۋرەنمەكتە قەلبىڭدەك ئورمان.

## يالغۇزلۇقتىكى خىيال

ئېغىرىمنى كۆتۈرەر كىملەر
سارالىق بولۇپ قالسام مۇبادا.
ئوق ئۈزەرمۇ ئىچى تارمەرگەن
كەپتەر بولۇپ ئۇچسام ھاۋادا.

كوچىلاردا يۈرەرمۇ سۆرەپ،
شوخ باللار ئۆلۈك كەپتەر، دەپ.
ئوغرى مۈشۈك پېيىمنى يوڭداپ،
يۈرىكىمنى تۈگىتەرمۇ يەپ.

گاداي بولسام تاشلارمۇ تېيىن
باغرى يۇمشاق تارىخچى بوۋاي.
پىنھانلاردا كېتەرمۇ ئۆكسۈپ،
دىلى نازۇك شائىرە موماي.

خىياللارغا كەلمەيدۇ نېمە ،
يالغۇزلۇقتا يۈرگەندە غەمكىن .
ئۆيگە قايتسام چەكسىكەن دەيمەن
دەرۋازامنى بىر قىزچاق تەمكىن .

ئاشۇ قىزچاق بولسىكەن ئۈچمە ،
ئاشۇ قىزچاق بولسىكەن ئاچشقان .
ئاشۇ قىزچاق بولسىكەن يۇلتۇز ،
ئاشۇ قىزچاق بولسىكەن جاھان .

اھ يۈرىكىم ، قەددىڭنى كۆتەر ،
ت قويۇپ يەر ، كۆيسۇن ئىشق ئۇچاق .
بىلىچەككە قارىما مۇڭلۇق ،
ئۆز - ئۆزۈڭگە كۈلۈپ ئاچ قۇچاق .

## كىم چۈشىنەر

ئاپئاق قارنى چۈشىندۇ كىم ،
كىم بىلىدۇ يەرنىڭ دەردىنى .
كىم كېتىدۇ ئەتە يىراققا ،
كىملەر يوقلاپ كېلىدۇ مېنى ،
مەن كۈتمەن تەنھا نېمىنى ؟

ئۇماق سەھەر ، ناتىۋان كېچە ،
بىناۋا دەم ، ھەسرەتلىك دېڭىز .
سىلەر قاچان ئۈچرىشارسىلەر ،
كۈن تىكلەشكەن باھار پەسلىدە ،
بۇ يەردىكى دېھقان كەنتىدە .

چۈشەنمەيمىز ۋاشىنگتوننى ،
نيۇ - يورك بىلىدۇ بىزنى .
توكيو شۇنداق يىراق بىر سەھرا ،
سېزىپ تۇرار تىنىقىمىزنى .

ساتار چالسا مۇقامغا دادام ،
مۇڭلىرىغا يامىشار دۇنيا .
چايخورلار ھەم چايخانىلاردا
يەم بولىدۇ چەينەككە گويا .
كۆكۈچ - كۆكۈچ يىغلىغۇ چۈشلەر
قېرىپ كەتتى ئەسىرلەر ئارا .

ئۈمىد ، ئۈمىد زۇكام دورىسى
تويا بېسىپ قالمىسۇن سېنى .
بىمارلىرىڭ تۇرسۇن كۆپىيىپ ،
لەيلىدىتىپ قاناتلىرىنى .
ئاۋۇ خۇشال بۇدۇرچاچ بالا
دەپ بەرگەندۇ كىمگە قەلبىنى .

ياردەم بەرگىن كۆزلىرىم ماڭا ،
شەرھ كېرەك مەتىدىن ئۆزگىگە .
مېنى كىملەر ھويلىدا دەيدۇ ،
روھىم چىقىپ تۇرسا ئۆگزىگە ،
مەن ناتونۇش ئىنسان قەۋمىگە !

كىم چۈشىنەر ، چۈشىنەر كىملەر ،
ماڭا ئوخشاش سىرلىق دۇنيانى .
كىم چۈشىنەر ، چۈشىنەر كىملەر
ماڭا ئوخشاش سىرسىز دەريانى ؟

## يېشىل ئۈمىدلەر

ھويلامدىكى ئۈجمە قىزىل بولۇپ ،
كىرىپ كېلەر ھېلى ھۇجرامغا .
پادىشاھمۇ بولارمەن بەلكىم
بۈگۈن كېچە ئېسىل ھۇجرامغا .
چۈچەك سۆزلەر يوتقان - كۆرپىلەر ،

زەدىۋاللار ئېيتىدۇ ناخشا،
جەم بولىمىز ساراي-ئايۋاندا.
كىتابلىرىم يۈرۈشەر سايراپ،
تىنىقلىرىم بولار ئەۋلىيا.
سىڭدىرىم بولۇپ ئالتۇن يىپ،
ئۇمىدىمدىن يارىلار دەريا.
ئىزلىرىمدىن پەيدا بولۇپ جىن،
ئېلىپ كېلەر مەندىن زېرىككەن
دوستلىرىمنى يېنىمغا قايتا.

سەن ئېھتىمال بولارسەن ئۈچكە
قارا نىيەت ئالۋاستى بەرگەن
قاچىدىكى سۈنى سۈمۈرۈپ؛
يا كېتەرسەن بولۇپ بىرئازاب،
يۈرىكىمنى يەرسەن توختىماي؛
نازۇككىنا بارمىقىڭ بىلەن
تاتلىققىنا قەدەھ كۆتۈرۈپ،
بەخىرامان-بىپەرۋا يۈرۈپ.

ئىمانىڭنىڭ ئاپئاق قانىتى
كۆيۈپ كېتەر تورۇشتا بەلكىم.
كومۇش سۈمۈرغ كېلىپ ۋە ياكى،
تاشلاپ بېرەر ساڭا ئاجايىپ
خاسىيەتلىك كارامەت ھاسا،
چاچلىرىڭنى سىلاپ مۇلايىم،
چاچلىرىڭنى سىلاپ مۇلايىم.

ئۇ ئېھتىمال ئېينىشتېيننىڭ
ئۇيغۇر بولۇپ تۇرۇلۇشىدۇ.
چۈشىمىزگە كىرگىنى ئاخشام
كېپىكلەرنىڭ كاللىسىدىكى
تىلەكلەرنىڭ كۆرۈنۈشىدۇ،
ياراتقاندىن سۆيۈنۈشىدۇ.

ئاشپەز ئۇستام ئەتە لەغمەننى
ئۆيىمىزگە ئەكىلىپ بېرەر.
ماشىنىلىق بولۇپ قالارمىز،
ياھەننىۋا دېھقاننىڭ ئۆيى
ئېلېكترنىڭ قۇدرىتى بىلەن
سەلتەنەتلىك نۇرغا پۈركىنەر،
كۆڭۈللىرى شادلىققا چۆمەر.

## ئۇنىڭغا دەپ قوي

ئۇنىڭغا دەپ قوي،
ئەتە يەنە كېلىمەن ئىزلەپ،
تۇرۇپ تۇرسۇن گۈلنىڭ بەرگىدە.
شەبنەملەردە قۇياش كۆز ئاچقان
تومۇچۇقتەك سەھەر پەيتىدە.
ئۇچرىشارمىز ئورمان كەينىدە.

بۈگۈن كېلىپ كەتتىم تاپالماي،
ئاخشام كىرگەن ئىندى چۈشۈمگە.
سۇ كۆتۈرۈپ قايتقان ئىمىش،
چىغىر يولدا ئاستا ئۆيىگە
غەمكىنگىنە باققانچە يەرگە.

سوغۇق نۇرلار ئاستا پەر قېقىپ،
يەلپۈتەرمىش باش ياغلىقىنى.
ئاق كۆڭلىكى چايقىلىپ يەڭگىل،
ئوينىتارمىش دولقۇنلىرىنى
چىللىغاندەك يېنىغا مېنى.

ئېخ، ئېمىدىن بەردىڭ بېشارەت
سەزگۈلىرىم توقۇغان قوشاق.
ئاڭلىشىمچە، تونۇماس ئىمىش
ئوتلىرىدا مەن كۆيگەن قىزچاق.
بىخەۋەرمىش ھەممىدىن شۇنداق.

كۆرۈۋالاي سېنى ئۇبدانراق،
هازىرقى دەم تۇرۇپ تۇرغىن جىم.
ئەتە بەلكىم كېتەرمەن ئۇنتۇپ،
ماڭا كۆكۈل بەرمىگەچ ھېچكىم،
ماڭا كۆكۈل بۆلمىگەچ ھېچكىم.

ئۇنىڭغا دەپ قوي،
ئەتە جەزمەن كېلىمەن ئىزلەپ،
تۇرۇپ تۇرسۇن گۈلنىڭ بەرگىدە.
سۆزلىشىمەن ئاخىرقى نۆۋەت
قالغۇچىلىك داغلار قەلبىدە.

**كۆرەشچان بارات**

# كۆكۈل ۋە تۇرمۇش

ئېسىمدىن چىقىرىپ خۇش بولغۇم كەلمەس،
رازىمەن سېغىنىپ چېكىشكە ئازاب.
سەن ئۈچۈن بىر ئۆمۈر سەرسانلىقىم خوپ،
ئۆزگىدىن سۆيۈنسەم بولارمەن خاراب.

ھەقىقىي مۇھەببەت ئۆلمەس تائەبەت،
ئېسىڭدىن چىققىنى بىردەملىك ھەۋەس.
ئەقىدەڭ خورلانسا بىخ ئۇرار نەپرەت،
ئۇنتۇلماس ئۇ يەنە چىقماستا نەپەس.

كۆنسەمەن تەقدىرىڭ پۈتكەن قىسمەتكە،
ھەمراھىڭ بولىدۇ ناتونۇش بىرى.
سەن ئۇنىڭ، ئۇ سېنىڭ، كۆكلۈڭ بۆلەكىنىڭ،
ئۆتسەمەن ئۆزۈڭ نەق، مۇھەببەت نىسى.

ئائىلەم، قوزام دەپ سۆرسەمەن ئۆمۈر،
كۆلسەمەن زورىقىپ، يىغلار يۈرىكىڭ.

تەنھالىق، يېتىملىك جۇتىدىن چۈچۈپ،
ئۆزۈلەر ھەتتاكى تەنھا خىيالىڭ.

كۆچ خىيال ئېسىمدىن، ئارام بەر ماڭا،
بەختىم بار، ساداقەت، يېتىلگەن ئەقلىم.
باقماسسەن مەيلىمگە، بولما ئاۋارە،
ئۇ ماڭا ناتونۇش، بەلكى رەقىبىم.

نەچچە رەت قىلىمەن ئۆزۈڭگە خىتاب،
تەسەللى تاپمايسەن كۆكلۈڭگە بىراق،
ئاھ ئاجىز، ياسىما، ساختىنا نىقابلار
ئېيپ كېتەر يەنە قىرغاقتىن يىراق.

نە شادلىق، بەختتە ئۆزۈڭنى ئالداپ،
بولدى قوي قىينالما، ئەسلەپ ئۆتمۈر!
خىيالىي سۆيگۈ ئۇ، ئەمەس خىيانەت،
پەقەتلا چاڭقىغان دىلىڭ سۆيىنەر.

**توقسۇن ئابدۇرېشىت**

## رۇبائىيلار

1

تاسقاركەن ھەممىنى ۋاقىت غەلۋىرى،
بولمىدى كەتكەننىڭ پەقەت خەۋىرى.
ۋە لېكىن مىڭ يىللار ئۆتسە، نۇر چاقناپ
تۇراركەن ئىنساننىڭ ئىجاد جەۋھىرى.

2

مۇكەممەل قۇرۇلما — زېمىن ۋە ئاسمان،
بار بىراق ھەر دېتال-شەيئىدە نۇقسان.
ئۆزىنى ئۆزگىدەك بىلگەندە ئەگەر،
سەۋەبنى بىراۋدىن ئىزدەمتى ئىنسان.

3

ئىچەرمەن، چېكەرمەن — كۆپ بىزدە كەيىپ،
ياشلىقتا بار ئىش، دەپ ئالمايمىز ئەيىپ.
قارىسام ئەبىلدە سۇ باشتىن لايكەن،
ئىللەتكە زېمىن شۇ روھىمىز زەئىپ.

**قۇربان ئابلىمىت**

## كەلسە

باھار گۈللىرى كۈلگەي بۇلبۇلدىن ناۋا كەلسە،
دىماغ مەست بولۇر گۈللەر زىناقىدىن ھاۋا كەلسە.
شۇۋىرلاپ كۆي تۆكەر ياپراق چىمەنلەرنىڭ قولاقىغا،
ئېغىر تىنغاندا كائىنات پەلەكتىن شوخ سابا كەلسە.
ئىلاھقا تەلمۈرۈپ يىغلاپ بۇلۇتلار ياش تۆكەر يوم-يوم،
قۇياش، ئاي لېۋىدىن ھەردەم ئۈچۈپ ئاتەش سادا كەلسە.
ھاياجان تىترىكى ئىچرە كۆيەر يۇلتۇزلار ئارماندا،
ئىشق ئىلكىدە ئاشىقنىڭ كۆزىدىن ئوت-لاۋا كەلسە.
ئۆتەر ئۆمرى بۇ قۇرباننىڭ ۋىسال-قۇت تەختىدە مەڭگۈ،
ۋاپادار، ئۆز نىگارىدىن يۈرەكىگە داۋا كەلسە.

**ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى**

## دەم بولغىساك كۆكسۈمدە پىچاق...

**ناۋا**

غەم-شادلىقى تالاي ئەجدادنىڭ
ساقلانماقتا ۋۇجۇدۇمدا تەل.

سەن جەۋھىرى ئۇتلۇق ھاياتنىڭ،
ھايات ساڭا بىردىنبىر بەدەل.

بىردە شادلىق يامغۇرى بولۇپ،
ئۆتتۈك يۇيۇپ دىلدىكى داغنى.
بىردە كۈندەك چاقناپ، نۇرلىنىپ
خوپ ياشناتتىڭ ئۆمۈرنى — باغنى.

دەم بولمىساڭ كۆكسۈمدە پىچاق
ۋۇجۇدۇمدا ئۆلۈم تەسۋىرى.
سەنسىز كۈنۈم مىسلى بىر دوزاخ،
سەن — پەرىشتە، جەننەت ئەلچىسى.

## ھاياتقا بەك قىزغىن مۇھەببىتىم بار

بىر كۈيكى بۇ ھايات ئىنسان قەلبىنى
لەرزىگە سالغۇچى قۇدرىتى بىلەن.
ھەر سەھەر ئېچىلغان گۈلنىڭ رەڭگىنى
بىلمەن ئۆزۈمگە مۇقەددەس ۋەتەن!

گۈللەرنىڭ تۇزۇشى ئېغىر بىر ئازاب،
دولقۇنى كەلمەكتە قەلبىمگە يامراپ.
تەڭداشسىز ياشلىقىم پارلاقسەن ئۆزۈڭ،
يول سالدىڭ قاياقتا بوپ كىمگە ئامراق؟

(نېمىنى خالىساڭ سۆيىۋەر قەلبىم)
ئىشقىمنىڭ تاڭلىرى كېلىدۇ پارتلاپ.
ئەتىلەر بۈگۈندىن گۈزەل بولسىمۇ
بۈگۈننىڭ كەينىدىن يۈرمىگىن زارلاپ.

ئىزگۈلۈك، بۈيۈكلۈك، يۈكسەكلىك ئۈچۈن،
ۋاقتىنىڭ يېنىغا باردىم شۇئىرلاپ.
ئەترابىم ياپيېشىل چىمەنزار، گۈلگۈن،
تىڭ قىيا قىلماقتا يالقۇنلۇق خىتاب:

ئانا تاغ زېمىندا ئاجايىپ زور تەن،
كەلدى ئۇ نەچچە مىڭ ئەسىردىن ئاتلاپ.
ئۇ قۇدرەت، ھېكمەتكە مەڭگۈلۈك ۋەتەن
بېشىدا ھەمىشە قار بىلەن ئاپتاپ!

## تەن ۋە ئىرادە

ھۆپۆپۈپ قونسا ئەگەر بەختىڭگە
ساڭا دۈشمەن بولىدۇ بۇ تەن.
سۇسلىشىدۇ ھەتتا ئىرادە،
ئايلىنىدۇ كۆپۈككە قەسەم.

ئادەم بولۇش قىيىن، بەك قىيىن،
ئازغۇن روھنى يولاتما، ئىگەم!
نى قىسمەتنى كۆتۈردى زېمىن،
بىزگە ئارتۇق زەررىچىلىك غەم.

## ئەسلىمە

تىل ياتىدۇ چېچىلىپ مۇندا،
ھەر جۇملە سۆز — بىر پارچە كېسەك.
ئەنە، يۇتۇپ قالدى بىر بىنا،
قان ۋە بەدەل تۆلىدى يۈرەك.

كىردىڭ يورۇق، ئازادە ئۆيگە،
ۋۇجۇدۇڭغا يات قورقۇش-تىترەك.
ئەنە، بېشىڭ يەتمەكتە كۆككە،
سەن ھەممىدىن ئۇلۇغۋار، يۈكسەك!

شۇنداق ساڭا تالىق بۇ ئەسەر،
ئۇچرىشىسەن چەكسىز پىنھاندا.
ھەر ئەسلىمە بېھىشتىن گۈزەل،
ئەتراپىڭدا بار شۇ تاپ خۇدا.

**بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت، مامۇت زايىت**

كېرىمجان ئابدۇرېھىم

# مۇھەممەت باغراشنىڭ ئىزلىنە ھېكايىلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە

باغراش 80-يىللاردىن بۇيانقى ئەدەبىياتىمىزغا، جۈملىدىن يېڭى دەۋردىكى ھېكايىچىلىكىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا كۆپ تەرەپلىمە ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلىرى بىلەن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان، شۇ سەۋەبتىن ئەدەبىياتىمىزدا بارغانسېرى مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ، كىتابخانلار ئارىسىدىمۇ خېلى چوڭ تەسىر پەيدا قىلىپ كېلىۋاتقان ياش يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ھېكايىچىلىك ساھەمىزدە ئەڭ دەسلەپ دادىللىق بىلەن يېڭىلىق ياراتتى. مېنىڭ قارىشىمچە، باغراش ئىجادىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇنىڭ يېڭىلىق يارىتىش خاھىشى بىلەن يازغان، بىز ئادەتتە «ئىزلىنە ئەسەرلەر» دەپ ئاتاۋاتقان ئەسەرلىرىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا مەن بۇ يەردە باغراشنىڭ «ئىزلىنە ھېكايىلىرى»نىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە كىتابخانلار بىلەن پىكىرلەشمەكچىمەن.

باغراش ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي يازغۇچى. ئۇنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكى تەبىئىي رەۋىشتە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭمۇ ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باغراش 1981-يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «سەپداش» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن. بۇ ھېكايىدە مەيلى مەزمۇن، مەيلى شەكىل جەھەتتە بولسۇن شۇ مەزگىللەردىكى باشقا ھېكايىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يېڭىلىق، ئۆزگىچىلىك ئالامەتلىرى بولغاچقا، شۇنداقلا ھېكايىنىڭ ئېستېتىك كۈچىمۇ خېلى زور بولغاچقا، باغراش بۇ تۇنجى ھېكايىسىدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ بەلگىلىك تەسىر قوزغىغانىدى. بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ ئاشۇ مەزگىللەردە يېزىلغان «ساۋاب»، «ئادەملەر»، «ئېگىز بىناغا ياندىشقان بوتكا» قاتارلىق ھېكايىلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بولۇپمۇ بۇ ئەسەرلەردە ئۇ پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشتەك يېڭىچە ئالاھىدىلىكنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىدى. يازغۇچىنىڭ

بۇ ئەسەرلەرنى يېزىش جەريانىدىكى ئىزدىنىشلىرى ۋە بۇ ئەسەرلەردە ياراتقان يېڭىلىقلىرى بەك ئۇزۇل-كېسىل بولمىسىمۇ، لېكىن ناھايىتى ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» ناملىق پوۋېستى ۋە «تەنھا ماشىنا» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئىزدىنىش روھىغا، يېڭىلىق يارىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان يېڭى بىر ئىجادىيەت باسقۇچىغا رەسمىي قەدەم قويدى ھەمدە بۇ ئەسەرلىرىدىمۇ ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. باغراشنىڭ ئۇيغۇر پروزىچىلىقى ئۈچۈن يېڭىچە بولغان بىر خىل ئىجادىيەت يولىنى تاللىشى ۋە بۇ يولدىكى تۇنجى قەدەمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىشى ھەقىقەتەن تولىمۇ قىممەتلىك بولۇپ، بۇ يالغۇز باغراش ئىجادىيىتىدىكىلا ئەمەس، پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى بىر پەللە ئۈچۈن تاشلانغان قەدەم ئىدى. باغراشنىڭ ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن قوشقان مۇھىم تۆھپىسىنىڭ بىرىمۇ مۇشۇ بولسا كېرەك. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ ئاساسەن ئەنئەنىۋى ھېكايىچىلىكىمىزدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، يېڭىچە ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى قوللىنىلغان، بەدىئىيلىكى خېلى ئۈستۈن بولغان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۆزگىچە ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈردى.

ئاز بولمىغان كىتابخانلار، ئىزلىنىمە ھېكايىلەر ئاساسەن يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ شەكىل ئامىللىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشىنىڭ مەھسۇلى، شۇڭا ئۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى قىممىتى ئانچە ئۈستۈن بولمايدۇ، ئىزلىنىمە ھېكايىلەر بۇرۇنقى مەزمۇن شەكىلنى بەلگىلەيدۇ، مەزمۇن بىرلەمچى، دېگەن ئەدەبىيات قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېزىلىدىغان ھېكايىلەرنىڭ ئەكسىچە بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان، شەكىل ئامىللىرى تېخىمۇ مۇھىم دەپ قارايدىغان ئەدەبىيات قارىشىنىڭ تەسىرى بىلەن يېزىلغان ھېكايىلەر، دەپ قارىشىدۇ. دېمىسىمۇ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئىزلىنىمە ھېكايىلەر شۇنداق بولىدۇ. ئەمما، باغراشنىڭ ئىزلىنىمە ھېكايىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ھېكايىلىرىدە قانداق يېزىشقا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، نېمىنى يېزىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. باغراشنىڭ ئىزلىنىمە ھېكايىلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇساق، ئۇنىڭ نوقۇل بەدىئىي ئامىللار ئۈچۈنلا ئىزلىنىمەيدىغانلىقىنى، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشى، ياشاش مۇھىتى، روھىي دۇنياسى، ئېتىقاد-ئېڭى، پېرسوناژلارنىڭ (كىشىلەرنىڭ) قەلب دۇنياسى، پسىخىكىسى، ھاياتنىڭ، مەۋجۇتلۇقنىڭ سىرلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ بەك ئىزدىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. باغراش ئىجادىيىتىدىكى بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ تۇنجى ئىزلىنىمە ئەسىرى «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» ناملىق پوۋېستىدا ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. يازغۇچى بۇ ئەسىرىدە ھەم يېڭىچە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى، ۋاسىتىلىرى ۋە بايان ماھارەتلىرى ئۈستىدە، ھەم مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسى، پسىخىكىسى، جۈملىدىن ناچار ئىللەتلىرى ھەققىدە

خېلى چوڭقۇر ئىزدەنگەنلىكىنى نامايان قىلدى. بولۇپمۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ھېسابلىنىدىغان ئامىللارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭى ئۇسۇل-ماھارەتلىرى بىلەن خېلى مۇھىم ئىدىيە-پىكىرلەرنى ئىپادىلەپ، ياخشى ئەدەبىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. باغراش «ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى» دېگەن ھېكايىسىدە ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە بەدىئىي ئوبرازلار، يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ئۆزى ياراتقان دۇنيا تەسۋىرى ئارقىلىق دەۋرىمىز كىشىلىرىدىكى پۇلنى ھەممىدىن ئۇلۇغ بىلىش، پۇل ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىش، ھەتتا پۇل ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەردىنمۇ ئايانماسلىقتەك يۈزلىنىشنى ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق ھەم ھەققىي بەدىئىي يوسۇندا كۆرسىتىپ بەرگەن.

«تۆتقولاق» ھېكايىسىدە ھايات ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، مەڭگۈلۈك بىر تەلپۈنۈشنى، يا ئۆزىنىڭ قاندۇرۇشىغا يول قويۇلمايدىغان، يا ئۇ قاندۇرمايدىغان، يا پەسەيمەيدىغان، ياكى ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان بىر تەلپۈنۈشنى يازغان. ئۇنىڭ يېقىندىلا ئېلان قىلىنغان ھېكايىسى «ئىزلەش» تىمۇ ھېيت مەزگىلىدە باشقىلارنىڭ ھېيتلاپ كەلمىگەنلىكى، «مەن» نىڭ ھېيتلاشقا چىقىپ، ھېيتلايدىغان ئۆي تاپالمىغانلىقىدەك بىر ۋەقەلىكنى يېزىش ئارقىلىق، بىر خىل ھەرىكەت سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى بىر خىل سىمۋول سۈپىتىدە تونۇش كېرەك بولغان، مەنىسى، ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان ھېيتلاشقا ئوخشاش ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان ئېچىنىشلىق ھالىتىمىزدىن ھەم يازغۇچىنىڭ شۇ سەۋەبتىن بولۇۋاتقان پەرىشانلىقىدىن بېشارەت بېرىلگەن. باغراشنىڭ ئەسەر مەزمۇنىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشتەك بۇنداق ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ «يېڭى قەبرە»، «ئاداققى تالاش» قاتارلىق ھېكايىلىرىدىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. باغراش ئادەتتىكى، كۆرۈنۈشتىكى ۋاقىتلىق ھادىسىلەرنى، ۋەقەلەرنى ئاساسەن يازمايدۇ، ئۇ ئەسەرلىرىدە نېمىنى ئىپادىلەشكە، نېمىنى يېزىشقا زادى سەل قارىمايدۇ، ئۇ يېڭى دەۋر يازغۇچىسىغا خاس ئۆتكۈرلۈكى، مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن تېما تاللايدۇ، ئىدىيە ئىپادىلەيدۇ.

ئۇ ھېكايىلەرنىڭ مەزمۇنىغا تېخىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ھامان كىشىنى قايىل قىلىدىغان، كىشىنى ئويغا سالىدىغان، دەۋرنىڭ، كىشىلەرنىڭ مۇھىم، ماھىيەتلىك مەسىلىسى ھېسابلىنىدىغان ياكى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭقۇر پىكىر-ئىدىيىلەر كەم بولمايدۇ. بۇمۇ باغراش ھېكايىلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى.

ھېكايىلەرنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېزىش — باغراش ئىزلەنمە ھېكايىلىرىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. ھەممىزگە مەلۇم، ھازىرقى زامان ھېكايىچىلىكىمىزدە، ئىزچىل ھەم بىردىنبىر قوللىنىلغان ئۇسۇل ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى ئىدى. ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى رېئاللىقنى، تۇرمۇشنى ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتى بويىچە قايتىدىن

ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن رېئالىزىملىق، جۈملىدىن تەنقىدىي رېئالىزىملىق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى بولۇپ كەلگەنىدى ھەمدە ئەدەبىيات بىلەن رېئاللىقنىڭ، ئەدەبىيات بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېقىنلاشتۇرۇپ، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرغانىدى. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە غەرب ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ تەسىرىدە «ئىپادىلەش»مۇ ئەدەبىياتتىكى بىر خىل ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى سۈپىتىدە تونۇلدى ھەمدە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلدى. يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىجادچانلىقىنى چەكسىز مۇمكىنچىلىكلەر بىلەن تەمىنلەيدىغان، سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئىپادىلەشكە تېخىمۇ ماس كېلىدىغان، بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق يېڭى بىر بەدىئىي دۇنيا يارىتىقلى بولىدىغان يۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پەرقلىنىدىغان ھەتتا بەزىدە ئۈستۈن تۇرىدىغان بەدىئىي ئۈنۈم يارىتىتى. مەلۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىدە يېڭىلىنىش پەيدا قىلدى. مانا مۇشۇنداق دۇنياۋى ئەدەبىيات ھادىسىسىنىڭ تۈرتكىسىدە باغراشمۇ ئۆز ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەشتىن ئىبارەت يېڭىچە ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى بىر پەللىسىنى ياراتتى، شۇنداقلا ھېكايىچىلىقىمىزدىمۇ يېڭىلىق ياراتتى. ئۇ ھەقىقىي بەدىئىي چىنلىقنى ئىزدىدى ۋە ئۇنىڭغا مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغان ئەسەرلىرى ئارقىلىق يەتمەكچى بولدى. ئۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى تاپقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يازغۇچىغا خاس بەدىئىي دۇنياسىنى يارىتىش، ئىجادىيەت ئىقتىدارى ۋە ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش، يېڭىچە بەدىئىي ئۇسۇل-ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش، رېئاللىقنى، تۇرمۇشنى سۇبيېكتىپ تەسىرات-چۈشەنچىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ كۆپ مۇمكىنچىلىكلەرگە ئېرىشتى. ئەمدى ئۇ رېئاللىقنى «سەپداش»، «ساۋاب» ھېكايىلىرىدىكىدەك ئۇنداق بىۋاسىتە، تەقلىدىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈشتىن كۆپ ھالقىپ كەتتى. ئىزلەنمە ھېكايىلىرىدە يازماقچى بولغىنىنى رېئاللىقنى ياكى قارىشىنى بىۋاسىتە يېزىش، ئەكس ئەتتۈرۈش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسى، پىكىر-ھېسسىياتى، ئېڭى، تەسىراتى ۋە تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ۋاسىتىلىك ئىپادىلەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ بىرمۇنچە ئەسەرلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئەسەرلەردە ھەم تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنىڭ، ھەم خىيالىي مەنزىرىلەرنىڭ ئارىلاش ھالەتتە مەۋجۇتلۇقىنى، ئەسەر تەركىبى يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى ۋە ئىجادچانلىقى بويىچە قايتىدىن تەشكىللەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. يازغۇچىنىڭ ھېكايە ھەققىدىكى، بەدىئىي چىنلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئۆزگىچە بولغاچقا، ئەسىرىنى يېڭىچە بىر خىل ئېستېتىك قاراش ئاساسىدا يېزىپ چىققان. شۇڭا، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ھەقىقىي بىر ھېكايە دۇنياسى، تۇرمۇش پۈرىقىدىن كۆرە، بەدىئىي جەلپكارلىقى كۈچلۈك بولغان سەنئەت دۇنياسى نامايان بولىدۇ.

ئەسەر ئىدىيىسىنىڭ ئابستراكتلىقى — ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، شۇنداقلا باغراشنىڭ ئىزلەنمە ھېكايىلىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. ئىپادىلەش ئەكس ئەتتۈرۈش بولمىغاچقا، ئۇنداق ئۇسۇل قوللىنىلغان ئەسەرلەرنىڭ سۇبيېكتىپلىقى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسەر يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى ئاساس قىلىپ تەشكىللەنگەچكە، ئۇنىڭدا ئوبيېكتىپلىق ۋە كونكرېتلىق ئۇنچە گەۋدىلىك بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، يازغۇچىلار ئەسەردە دېمەكچى بولغىنىنى بەدىئىي ئوبراز، سىمۋول، بېشارەت، دارىتمىلاشقا ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن يوشۇرۇن، بېشارەتلىك ئىپادىلەيدۇ. شۇنداق بولغاندا يازغۇچى بەدىئىي ئوبرازلار، بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ھەم پىكىر قىلغان بولىدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئابستراكتلىق ئەدەبىياتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، ئىدىيىنى كونكرېت، ئېنىق ئىپادىلەش يوللۇق بولغىنىغا ئوخشاش ئابستراكت، يوشۇرۇن ئىپادىلەشمۇ يوللۇق. بەدىئىي ئۇنۇم نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، ھەقىقەتەن ياخشى يېزىلغان ئەسەرلەردىكى ئابستراكتلىق ئەسەرنى كۆپ قاتلاملىق كۆرسىتىپ، ئەسەرنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرىدۇ. كىتابخانلارنى ئەسەرنىڭ مەنىسى، ئىدىيىسى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشقا، پىكىر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. باغراشنىڭ خېلى كۆپ ئىزلەنمە ھېكايىسىدە ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ئابستراكت ئىپادىلەنگەن بولۇپ، مەنە جەھەتتىن قارىغاندا بەلگىلىك غۇۋالىققا ئىگە. بىز باغراشنىڭ ئىلگىرىكى «سەپداش»، «ساۋاب»، «ئالمىچى»، «ئادەملەر» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ، يازغۇچىنىڭ بۇ ھېكايىلەر ئارقىلىق قانداق ئىدىيە-پىكىرنى ئىپادىلىمەكچى ئىكەنلىكىنى ئاسانلا بىلىۋالالايتتۇق. لېكىن، كېيىن يازغان «يېڭى قەبرە»، «ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى»، «تۆتقۇلاق»، «يىمىرىلىش»، «بىزنىڭ رايىمىز»، «ئىزلەش» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە قانداق ئىدىيە-پىكىرلەرنىڭ ئىپادىلىنىۋاتقانلىقىنى دەماللىققا ھېس قىلالماي قالىمىز، ئالايلى، يازغۇچى «تۆتقۇلاق» ھېكايىسىنى مەنە جەھەتتىن قارىغاندا، تەلپىنى قانمىغان ئايالنىڭ روھىي دۇنياسىنى، ھېسسىياتىنى، ئاڭ پائالىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈنلا يازغانمىدۇ؟ ھېكايىنىڭ تاشقى ئامىللىرىغا قاراپ، ئېھتىمال شۇنداقتۇ، دەپمۇ قالىمىز. ئەمما ھېكايىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇيدىغان بولساق، ھېكايىدە ھايات ھەققىدىكى پەلسەپىگە يېقىنلىشىپ كېتىدىغان بىر پىكىردىن، يەنى ئادەمدە ئادەمگە خاس تەلەپ، ئارزۇ، ئىنتىلىش بولىدۇ، ئادەم بۇ تەلەپ، ئارزۇ، ئىنتىلىشلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، لېكىن بەزىدە قانداقتۇر بىر نەرسە ئۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرمايدۇ. شارائىت تۇرۇپ، ياكى ئادەمدە ئىشەنچ تۇرۇپ، ئارزۇ ئەمەلگە ئاشمىسا، ياكى ئۇنىڭغا يول قويۇلمىسا، بۇ ھال كىشىنى مەيۈسلەندۈرىدۇ، ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەم خىيالىي دۇنياسىدا ياشاپ، تەسەۋۋۇرىدا مۇرادىغا يېتىپ ئۆزىنى بەزلەيدۇ، دېگەن ئىدىيىدىن بېشارەت بېرىلگەنلىكىنى ھېس

قىلىپ قالىمىز. ئەمما بۇ پىكىر-ئىدىيىلەر ئەسەردە يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن.

سىمۋول — باغراشىنىڭ ئىزلەنمە ھېكايىلىرىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. چۈنكى باغراش بەدىئىي ئوبرازلارنى سىمۋول دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە، ھەتتا بەزى ئابستراكت مەزمۇنلارنى سىمۋول ئارقىلىق كونكرېتلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، يەنە كېلىپ بۇنىڭغا تولىمۇ ماھىر. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىزلەنمە ھېكايىلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك سىمۋول بار. سىمۋول باغراشىنىڭ ئىزلەنمە ھېكايىلىرىدىن ھوزۇرلىنىشىمىز ۋە ئۇنى چۈشىنىشىمىزنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئاچقۇچى. مۇبادا بىز ئۇنىڭ «ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى» ھېكايىسىدىكى ئاتللا، چۈنچىيالارنى، «تۆتقۇلاق» ھېكايىسىدىكى مەكۇنا، تۆتقۇلاقلارنى سىمۋول سۈپىتىدە كۆرمىسەك، بۇ سىمۋوللارنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى ئىگىلىمىسەك ھەمدە بۇ سىمۋوللارنىڭ ئەسەردىكى رولى، بەدىئىي ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلالمىساق، سۆزسىزكى، بۇ ھېكايىلەردىن ياخشىراق ھوزۇرلىنالمايمىز ھەم بۇ ھېكايىلەرنى چوڭقۇرراق چۈشىنەلمەي قالىمىز. باغراش كېيىنكى مەزگىللەردە ئەسەرلىرىدە بەدىئىي ئوبرازلار ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرچانلىقى ئارقىلىق پىكىر قىلىشتىن ھالقىپ چىقىپ، سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق پىكىر قىلىش ۋە مەنە ئىپادىلەشتىن ئىبارەت يېڭىچە بىر ئۇسۇلنى كۆپ قوللاندى. ئەلۋەتتە، سىمۋول ئارقىلىق ئەسەر يېزىش ياكى ئەسەرلەردە سىمۋول تەركىبى بولۇش باغراش ھېكايىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېكايىچىلىكىمىزنىڭ مۇھىم بىر مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

باغراشىنىڭ خېلى كۆپ ئىزلەنمە ھېكايىلىرىدە بىز ئاز بولمىغان غەلىتە تەركىب-تەپسىلاتلارنى ئۇچرىتىمىز. غەلىتىلىك ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە سىمۋولدىن كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق غەلىتىلىك ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بىز غەلىتىلىك دېگەندە ئادەتتە تۇرمۇشتا ئاساسەن ئۇچرىمايدىغان ياكى يوق بولغان ئىشلارنى، ھادىسىلەرنى، نەرسىلەرنى كۆزدە تۇتساق كېرەك. تۇرمۇشتا مۇمكىن بولمايدىغان ھادىسىلەر، نەرسىلەر سەنئەتتە تامامەن مۇمكىن بولىدۇ، ئېھتىمال سەنئەتنىڭ ئەڭ چوڭ بىر ئارتۇقچىلىقىمۇ شۇ بولسا كېرەك. ئەدەبىيات ئۈچۈن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق. بىزنىڭ خەلق ئەدەبىياتىمىزدا ئۇچار گىلەم، ياغاچ ئات، يەتتە باشلىق يالماۋۇز، دېۋىگە ئوخشاش بۇنداق غەلىتىلىك ئامىللىرى ناھايىتى كەڭ مەۋجۇت ئىدى. ئەمما ھېكايە ئىجادىيىتىمىز باشلىنىشى بىلەنلا، «رېئاللىقنى ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتى بويىچە چىنلىق بىلەن قايتا ئەكس ئەتتۈرۈش» نى ئۆلۈك ئىجادىيەت پرىنسىپى قىلىۋالغاچقا، ھېچبىر ئەھمىيىتى، قىممىتى، قىزىقى بولمىسىمۇ تۇرمۇشنى سۈنئىيلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەر كۆپ يېزىلدى. ئەمما، بەدىئىي تەسەۋۋۇرنى ھەقىقىي رول ئويناتقۇزغان، ھەقىقىيلىق بىلەن غەلىتىلىك، تۇرمۇشتىكى چىنلىق بىلەن خىيالىي دۇنيا بىر گەۋدە قىلىنغان ئەسەرلەر ئاساسەن

ئىجاد قىلىنمىدى. پەقەت كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندىلا غەلىتىلىك ئەسەرلىرىمىزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە نامايان بولدى، ئەسەرلىرىمىزدە غەلىتىلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، يازغۇچىلىرىمىز بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ يارقىن بەدىئىي دۇنيا ياراتتى. ئۇلارنىڭ بەدىئىي دۇنياسىدا تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان رېئال تەپسىلاتلارمۇ، بەدىئىي چىنلىققا ئۇيغۇن كېلىدىغان غەلىتە تەركىبلەرمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ، مۇھىم ئېستېتىك رول ئوينىدى. باغراش ئەسەرلىرىدە مۇنداق ئەھۋال تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى: «ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى» ھېكايىسىدىكى ئانىنىڭ ئاتىللاغا قەدىمىي قەلئە خارابىسىدە ناماز ئوقۇپ ئولتۇرۇپ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقى؛ ئاتىللانىڭ ئۆزى ئەڭ يىرگىنىدىغان پۇلنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولۇپ، بۇ مەجبۇرلۇققا چىدىماي ئۈن-تىنسىز ئۆلۈپ قېلىشى؛ «تۆتقۇلاق» ھېكايىسىدىكى ئايالنىڭ تۆتقۇلاقلارنى چاناپ تۇرسىمۇ ئۈنۈپ تۇرغانلىقى؛ تازچاقنىڭ ئايال ئالدىدا تاسادىپىي پەيدا بولۇپ، ئۇنى ۋىسالىغا يەتكۈزۈپ، تۇيۇقسىزلا يوقاپ كېتىشى؛ «ئىزلەش» ھېكايىسىدىكى «مەن»نىڭ ئۆيىگە ھەتتا پۈتۈن بىر قورۇغا ھېچكىشىنىڭ ھېيتلاپ كەلمىگەنلىكى، «مەن» ھېيتلاشقا چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىغا. ئوخشاش غەلىتە تەپسىلاتلار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. يەنە كېلىپ بۇنداق تەپسىلاتلار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ناھايىتى مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىدىن، ئەسىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئائىت ماھىيەتلىك ئۇچۇرلاردىن دەل مۇشۇنداق غەلىتىلىكلەر ئارقىلىق بىشارەت بېرىدۇ. باغراش ئەسەرلىرىدە غەلىتىلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ، غەلىتىلىككە باي تەپسىلات-تەركىبىي قىسىملارنىڭ رولى ھەقىقەتەن چوڭ. باغراش مانا مۇشۇنداق تەپسىلات-تەركىبلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھېكايە دۇنياسىنى تېخىمۇ جەلپكارلىققا، رەڭدارلىققا ئىگە قىلىدۇ. باغراش ھېكايىلىرىنىڭ مۇنداق ئالاھىدىلىكى كىتابخانلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ كۈچلۈك ئېستېتىك زوق بېرىدۇ ھەمدە ئۇلارنى بەدىئىي چىنلىق ھەققىدە يېڭىچە تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ.

ۋەقەلىكنى ئەسەردە ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويماسلىق، يەنى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتشۇناسلىق ئاتالغۇسى بىلەن ئېيتقاندا، ئەسەرنى «ۋەقەسىزلەشتۈرۈش» باغراشنىڭ ئىزلەنمە ھېكايىلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى. بىز ئىلگىرىكى ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرىمىزدە ۋەقەلىكنى ھېكايىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسلىق ئامىلى، باش-ئاخىرى تولۇق، زىددىيەت-توقۇنۇشلىرى كۈچلۈك ۋەقەلىك بولمىسا ياكى پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي يېزىلمىسا ھېكايە بولمايدۇ، دەپ قارايتتۇق. ھازىرقى زامان ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا ۋەقەلىك ئەڭ مۇھىم، ئاچقۇچلۇق ئامىل بولماي قالدى. ھازىرقى زامان ھېكايىلىرىدە ۋەقەلىكنىڭ ئورنىنى باشقا ئامىللار ئىگىلەشكە باشلىدى، ھازىرقى زامان ھېكايىچىلىكىنىڭ مۇنداق ئالاھىدىلىكىنى بىز باغراشنىڭ بەزى ئىزلەنمە ھېكايىلىرىدە ئۇچرىتىمىز. ئالايلى،

ئۇنىڭ «يېڭى قەبرە» ھېكايىسى يازغۇچىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋەقەسىزلەشتۈرۈلگەن ھېكايىلىرىدىن بىرى. ھېكايىدە ئىزچىل ۋەقەلىك يوق، ئۇنىڭغا بىرقانچە كۆرۈنۈش يېزىلغان، بايانچى تەسۋىرلەۋاتقان ئەسەر رېئاللىقى بىلەن پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسى، ئاڭ پائالىيىتى ئۆزئارا ئۆتۈشمە ھەم مۇستەقىل ھالەتتە ئىپادىلەنگەن. كۆرۈنۈشتە ئۆزئارا ئالاقىسى يوق پېرسوناژلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى-تاشقى ھەرىكەتلىرى تەسۋىرلەنگەن. سۆزسىزكى، بۇ يازغۇچىنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىنى تۇرمۇشقا، قەلبكە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش يولىدىكى ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭ «يىمىرىلىش»، «بىزنىڭ رايىمىز»، «ئاداققى تاللاش»، «ئىزلەش» قاتارلىق ھېكايىلىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئەسەر ۋەقەلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇش خاھىشى ئازدۇر-كۆپتۇر مەۋجۇت. ئەسەردىكى مۇنداق خاھىش ئەسەرگە يېڭىلىق تۈسى بېرىش بىلەنلا قالماي، كىشىگە يېڭىچە تۇيغۇ-ئېستېتىك زوق ۋە تۇرمۇش چىنلىقى تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەسەردە ۋەقەلىكنىڭ ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى، مەركىزىي ئىدىيىسى ۋە باشقا تەرەپلىرى تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤✤

(بېشى 159 - بەتتە)

مەن بىر زېرەك ئاڭلىغۇچىنىڭ چىراينى قانداق كۆزەتتىم دېسەڭلارچۇ؟! مەن ئۇنىڭ چىرايىنىڭ بىردەم بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ، قوشۇمىلىرىنىڭ تۈرۈلگەنلىكىگە، بىردەم گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەنلىكىگە، ئۇنىڭ چىرايىنىڭ كۆي دولقۇنلىرىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا قارىدىم. ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن ئۇنىڭ مىجەز-خۇلقىنى بايقىدىم. سىرتقى قىياپىتىدىن ئىچكى دۇنياسىنى قىياس قىلدىم.

مۇزىكا گويا شېئىر، رەسىمگە ئوخشاش، ئادەمنىڭ ھەر خىل ھالەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، قەلبىدىكى ئوي-خىياللارنى تەسۋىرلەيدۇ. كۆڭلىدىكى شېرىن تۇيغۇلارنى بايان قىلىدۇ، سېغىنىشنى مىجەز-خاراكتېرىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى گۈزەل ئارزۇلارنى ئىزھار قىلىدۇ.

(ئاپتورنىڭ خەنزۇچە «ئاسىي روھ» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىدىن)

تەرجىمىسى
ئوسمانجان مۇھەممەت
ئابدۇغۇپۇر سەئىدىن

مەسئۇل مۇھەررىر ئوسمانجان ساۋۇت

ئابدۇۋەلى كېرىم

# قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ۋە ئۇيغۇر چاچما شېئىر ژانىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980-يىلدىن باشلاپ نەشر قىلىپ كېلىۋاتقان «بۇلاق» ژۇرنىلى ۋە 1983-يىلى نەشر قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتاب كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن تارتىپ يېڭى زامان ئەدەبىياتىمىزغىچە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت نۇرغۇن مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەمەلىي پاكىت ۋە تارىخىي ئاساس يارىتىپ بەردى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا چاچما شېئىر ژانىرىنىڭ قاچان مەيدانغا كەلگەنلىكى توغرىسىدا ھازىرغىچە تۈرلۈك ماقالە، ئەسەرلەردە ئانچە توغرا بولمىغان بىر كۆز قاراش داۋاملىشىپ كەلدى. 1984-يىلى نەشر قىلىنغان، شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تۈزگەن «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» ناملىق دەرسلىك كىتابتا چاچما شېئىر ژانىرىغا تەبىر بېرىلىپ: «ئامېرىكا شائىرى ۋىتمان، رۇس شائىرى ماياكوۋسكىي، ئۇيغۇر شائىرى ئۆمەر مۇھەممىدىلەر ئەركىن شېئىرنىڭ ئاساسچىلىرى» («ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1984-يىل نەشرى، 219-بەت) دەپ كۆرسىتىلگەن. شائىر رەخىم قاسىمنىڭ «شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 50-يىللاردىكى بىر سانىدىكى ماقالىسىدە ۋە شائىر ھاجى ئەخمەتنىڭ «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابىدىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش كۆز قاراش بار. ئۇيغۇر چاچما شېئىر ژانىرى ھەققىدىكى بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ قانداق ئاساسى بار؟ بۇ ھۆكۈملەرنى قوبۇل قىلغىلى بولامدۇ؟

بىز بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نەزەرىيە تەتقىقاتىغا تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان مەنبەلەرنى ئاختۇرغىنىمىزدا، يۇقىرىدىكى قاراشلارنىڭ سوۋېت ئۆزبېك ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى ئىززەت سۇلتاننىڭ ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن تۈزگەن «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» ناملىق دەرسلىك كىتابىدىكى نۇقتىئىنەزەرلەر

بىلەن تومۇرداش ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئىززەت سۇلتان بۇ كىتابىدا مۇنداق مۇھاكىمە قىلىدۇ: «سوۋېت دەۋرىدە، شائىرلارنىڭ رېتىمكا مەسىلىلىرىگە ئىجادىي ياندىشالىقى ۋە رۇس شېئىرىيىتىدىن ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ئۆزبېك شېئىرىيىتىنىڭ رېتىمىكىسىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. شۇنداق ئىجادىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىرى ئۆزبېك شېئىرىيىتىدە ئەركىن ۋەزىننىڭ پەيدا بولۇشىدۇر.» («ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» تاشكەنت «ئوقۇتقۇچى» نەشرىياتى 1980-يىلى نەشرى، 309-بەت). ئىززەت سۇلتاننىڭ بۇ خىل نەزەرىيىۋى قارىشى ئۆزبېك ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ساھەسىدە ئۆزۈندىن بېرى ئورتاق ئېتىراپ قىلىنىپ كېلىنىۋاتقان قاراش بولۇپ، ئۇ 50-يىللارنىڭ بېشىدىلا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ دەرسلىك كونسپېكلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نەزەرىيىسىگە كىرگەن. مۇشۇ نۇقتىئىنەزەرلەر بويىچە بولغاندا، رۇس شېئىرىيىتىنى ئۆگىنىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇر، ئۆزبېك شېئىرىيىتىدە چاچما شېئىر ژانىرى يوق ئىدى، دېگەن يەكۈنگە كېلىمىز.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن شۆھرەت قازانغان شائىر ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ بۇ شەكىلنى ئۆزلەشتۈرۈشتىكى رولىنى ھەرگىز تۆۋەنلەتكىلى بولمايدۇ. بىراق، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە «چاچما شېئىر» ژانىرىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئۆمەر مۇھەممەدى قاتارلىق شائىرلارنىڭ رۇس شېئىرىيىتىدە يېڭىلىق ياراتقان ماياكوۋسكىي قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىنى ئۆلگە قىلىشىغىلا باغلاپ قويۇش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىز بۇنىڭغا قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىكى شېئىر شەكىللىرىنى تەتقىق قىلىپ كۆرسەك يېتەرلىك جاۋاب تاپالايمىز.

يازما يادىكارلىقلىرىمىز ئىچىدە مانى دىنى ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان دەۋرلەرگە مەنسۇپ ئۈچ مىسرالىق، تۆت مىسرالىق ۋە ئەنەككىز مىسرالىق كۇپلېتلاردىن تۈزۈلگەن شېئىرلار كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن:

(تېكىست)

قاسىنچىغىمىن ئۆيۈ قادغۇرۇرمەن

قادغۇردۇقچا قاشىي كۆركلەم

قاۋشىغىسا يۇرمەن

(مەنىسى)

يارىمنى ئويلاپ قايغۇرىمەن،

قايغۇرغانسېرى قېشى گۈزىلىم (بىلەن)،

قوۋۇشقۇم كېلىدۇ.

(تېكست)
بارايىن تىسەر باچ ئامراقىم
بارۇ يەمە ئۇمازمەن
باغىر ساقىم
(مەنىسى)
باراي دېسەم (يېنىڭغا) ئامرىقىم،
بارالمايمەن (بېرىشقا ئىمكانىيىتىم يوق)،
مېنىڭ باغرىم.
(«قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 301-بەت)
(تېكست)
ئازىنىزۋانىقا ئاغۇقۇپ
ئارتايۇ يوقاد تۇرۇرتا
ئامۋار دىشىنلىغ ئوت ئۇزە
ئاگا يۇرۇن تەگ قىلىتگىز

ئۇۋكە نىزۋانى ئۇزە قوتۇرۇپ
ئۆگسىز كۆڭۈلسىز ئەرتىلەر
ئۆز تۆزلەرىن ئاقىتىپ
ئۆگلەرىن كۆڭۈللەرىن يىغتىگىز

(مەنىسى)
(ئۇلار) ئاچكۆزلۈكتىن زەھەرلىنىپ،
ئۆزلىرىنى خاراب قىلىۋاتقاندا،
سىز ئامۋاردىشىنىڭ چۆپىدىن،
ئۇلارغا شىپالىق دورا ياساپ بەردىڭىز.

ئۇلار غەزەپ دەستىدىن قوتراپ،
ئەقىل-ھوشىنى يوقىتىپ قويغاندا،
(سىز ئۇلارغا) ئەسلىنى ئەسلىتىپ،
ئۇلارنى ئەقىل-ھوشىغا كەلتۈردىڭىز.

(«قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 310-بەت)
(تېكست)
سەلىك بۇلۇڭ تەرىك تاغدا
سەۋىكلىك ئارانىياتاندا

ساۋرالىپ ئاقار سۇۋلۇغ ئەرىپ
سەپ-سەم ئاغلاقتا
سەكىز تۈرلۈگ يىللەر تۈزە تەرەمەدىن
سەرىلىپ ئاتتا
سەرە يالگۇزۇن نوم مەگسىن تەگنگۈلۈگ ئۇل
ئانى تەگ ئۇرۇنلارتا
(مەنىسى)
يىراق جىلغا، قاتمۇ قات تاغلاردا،
سۆيۈملۈك ئارانىياتاندا،
سۈزۈلۈپ ئاقار سۇلار ئارىسىدا
ئۈن-تىنسىز خالىي يەردە،
سەككىز تۈرلۈك بوراندىمۇ تەۋرەنمەي،
تاقەت قىلىپ شۇ يەردە،
سەبىر بىلەن يالغۇز نوم ھوزۇرىدىن ھوزۇرلىنىدىغان
ئەنە شۇنداق ئۇرۇنلاردا،
(«قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 297-، 298-بەتلەر)
بۇ شېئىر شەكىللىرىنى تەھلىل قىلساق، ئۈچ مىسرالىق كۇپلېتلاردىكى1-، 3-مىسرالارنىڭ ئاياغ قاپىيىدە قاپىيىلىنىپ كەلگەنلىكىنى، تۆت مىسرالىق كۇپلېتلاردا ئالدىنقى ئۈچ مىسرا قاپىيىلەنمەي 4-مىسرالا بىر-بىرىگە قاپىيىداش بولۇپ تۈزۈلگەنلىكىنى، سەككىز مىسرالىق كۇپلېتلاردا بولسا، بەزىلىرىنىڭ جۈپ مىسرالىرى ئۆزئارا قاپىيىداش بولۇش بىلەن بىللە باشقا كۇپلېتلارغا ئوتكەندە بۇ خىل ئۆلچەمنىڭ تۇراقلىق بولماي بەزىدە سەككىز مىسرا ئىچىدىكى بەش مىسرا قاپىيىداش ۋە بەزىدە ئىككى مىسراسىلار (2- ۋە 8-مىسراسى) قاپىيداش كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇ شېئىر كۇپلېتلىرىدىكى مۇھىم ئۆلچەم ئاياغ قاپىيىدە ئەمەس، باش قاپىيىدە بولۇپ، باش قاپىيىنى تولۇق، دەل كەلتۈرۈش شەرتى ئاستىدا مىسرالارنىڭ بوغۇم سانىغا مۇقىم ئۆلچەم قويۇلمىغان. نەتىجىدە بەزى مىسرالار ئۇزۇن، بەزى مىسرالار قىسقا بولۇشتىن تاشقىرى ئاياغ قاپىيىلەرمۇ ئىزچىل ماسلىشىپ كەلمەي ھەر خىل تەرتىپتە كېلىۋەرگەن. ئەگەر مىسرالارنىڭ بېشىنىڭ ئوخشاش تاۋۇشلار بىلەن (قاپىيە بىلەن) باشلىنىدىغانلىقىنى كۇپلېتلارنى ئايرىشتىكى بىرلىك قىلىپ ئالمىغاندا، بۇ شېئىرلارنىڭ ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزدىكى چاچما شېئىر شەكلىگە پۈتۈنلەي ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، يۇقىرىقى شەكىللەرنى بۈگۈنكى كۈندە مۇستەقىل ژانىرغا ئايلانغان چاچما شېئىر شەكلىنىڭ دەسلەپكى ئاساسى، دەپ ھېسابلاشقا پۈتۈنلەي ھەقلىقمىز. ئەمدى بىز مۇھاكىمىمىزنى بۇ شېئىرلاردىنمۇ بۇرۇنراق ئوتتۇرىغا

چىققان «ئالتۇن يارۇق» تىكى شېئىرىي پارچىلارغا قاراتساق، ئۇنىڭ 626-تېكىستىدە مۇنداق لىرىك مىسرالارنى ئۇچرىتىمىز:

(تېكىست)

«نە ئادا ئەرتى ئاتايىم،
كۆركلە گيە ئوگۈكۈم؟
ئۆلمەك ئەمگەك نە چوكىن
ئوگرە كەلىپ ئەرتىوردى؟
سىنىتدە ئوگرە ئولمەكىگ.
بولايىن ئاي، كۈنگيەم!
كۆرمەيىن ئەرتى مۇنىتەگ،
ئولۇغ ئاچىغ ئەمگەكىگ!»

(مەنىسى)

نە بالا بولدى ئايچىقىم،
ئوماققىنا قوزام؟
نە ئۈچۈن ئۆلۈمنىڭ زۇلمى
ئالدى بىلەن ساڭا كەلدى؟
سەندىن بۇرۇن ئۆلۈشكە
رازى ئىدىم، ئەي، مىنىڭ قاياشىم!
مۇنداق قاتتىق ئازابنى،
ئەمدى مەن زادى كۆرمەي.

(«قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 167-بەت)

بۇ پارچىدا بالىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن يۈرەكلىرى پارە-پارە بولغان ئانىنىڭ ئازابلىق ھېسسىياتى قاپىيە، تۇراق، ۋەزىن جەھەتتىن ئەركىن ئىپادىلەنگەن، بۇنى چاچما شېئىر دېمەي مۇمكىن ئەمەس.

«ئوغۇزنامە» ئىپوسىدا بارماق ۋەزىنلىك شېئىر شەكلىدىن تاشقىرى، چاچما شېئىر شەكلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ بىر ئەمەلىي پاكىتتۇر. مەسىلەن:

ئاي ئوغۇللار،
كۆپ مەن ئاشتۇم،
ئۇرۇشقۇلار
كۆپ مەن كۆردۈم،
يىدا بىلە
كۆپ ئوق ئاتتىم؛

ئايغىر بىلە
كۆپ يۈردۈم.
دۈشمەنلەرنى
يىغلاغۇردۇم.
دوستلارىمنى
مەن كۈلدۈردۈم.
كۆك تەڭرىگە
مەن ئۆتەدۈم.
سىزلەرگە
بەرەمەن يۇرتۇم.

(«قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 139-بەت)

بۇ پارچىنىڭ رىتىملىق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولۇپ، بۈيۈك سەركەردە ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرىغا قىلىۋاتقان خىتابىنى كۈچلۈك، ھېس-ھاياجانغا ماس ھالدا ئەركىن ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئورخۇن مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىنىڭ بەدىئىي شەكلى ۋە ئۇسلۇبى توغرىسىدا تۈركولوگلار نۇرغۇن تەتقىقات ئېلىپ بارغان. تۈرك ئەدەبىياتشۇناسى فۇئات كوفۇرۇللۇ: «بۇ ئابىدىلەردە ۋەقەلەر ۋە كىشىلەرنىڭ نۇتۇقلىرى شائىرانە بىر تىلدا بايان قىلىنىدۇ. بەزى پارچىلاردا پىكىر شۇنچىلىك جانلىق ۋە ئاھاڭدار، ئاجايىپ سەممىي ۋە چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇكى، بۇنداق نۇرۇنلار كىشىگە ئۇتلۇق لىرىزىم، داستانىي روھ سېزىمىنى بېرىدۇ» ① دەپ كۆرسەتكەن بولسا، رۇس تۈركولوگلىرىدىن ن. ي. پېتروۋ بۇ ئابىدىلەرنى قايتا-قايتا تەتقىق قىلغاندىن كېيىن: «تۈركلەرنىڭ قەدىمكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە يېزىلغان رىتىملىق، سىنتاكتىك، پاراللېلىزم شەكلىدىكى شېئىرىي ئەسەر» ② دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان.

تەتقىقاتچى ئابدۇشۈكۈر تۇردى ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر» دېگەن ماقالىسىدە تۈركولوگلارنىڭ تاش ئابىدىلەرنىڭ بەدىئىي شەكلى توغرىسىدىكى يۇقىرىقىدەك ئىلمىي يەكۈنلىرىنى شەرھلەپ كېلىپ مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ: «رىتىملىق، سىنتاكتىك، پاراللېلىزم، سىنونىم ۋە ئانتونىملار، ياردەمچى سۆزلەر ۋە ياردەمچى پېئىللارنىڭ تەكرارلىنىشى ئارقىسىدا مەيدانغا كېلىدىغان بىر خىل شېئىرىي رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىق بولۇپ، ئۇ تۈركىي تىلىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەڭ

---

①② — ئابدۇشۈكۈر تۇردىنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىنغان نەقىللەر.

قەدىمكى قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ شېئىرىي شەكلىدۇر».

دېمەك، مۇشۇ ئۇقتىسىنەزەرلەر بويىچە مۇھاكىمە قىلغاندا، مەڭگۈ تاشلاردىكى شېئىرىي شەكىللەر ئېنىق بىر ۋەزىنگە تەۋە بولمىسىمۇ، ئەمما چاچما شېئىرلىق ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق نەسرىي بايانلاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دا تۆۋەندىكىدەك رېتىملىق، سىنتاكتىك، پاراللېلىزملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە پارچىلار ئۇچرايدۇ:

(تېكىست)

ئالتۇن يىسىغ ئاسا كەلتىمىز،

ئەرتىس ئۆگۈزۈگ

كەچە كەلتىمىز.

كەلمىسى ئالپ تىدى، تۇيمادى.

تەڭرى ئۇماي

ئىدۇق يەر سۇب باسابەرتى ئەرىنچ.

نەكە تەزەر بىز(؟)

ئۈكۈس تىيىن،

نەكە قورقۇر بىز؟

... ... ...

تۈن ئۇدماتى،

كۈندۈز ئولۇرماتى،

قىزىل قانىم تۆكۈلتى.

قارا تەرىم يۈگۈرتى.

ئىسىگ كۈچىگ بەردىم ئۈك.

(مەنىسى)

ئالتۇن (ئالتاي) تېغىدىن ئېشىپ،

ئېرتىش دەرياسىنى

كېچىپ كەلدۇق،

كەلگىنىمىزنى ئۇلار تۇيمىدى،

تەڭرى ئۇماي

مۇقەددەس يەر-سۇ بىزگە مەدەت بېرىدۇ.

بىز يەنە نېمىشقا تېزىپ كېتىمىز؟

ئۇلارنىڭ (ئادىمىنىڭ) كۆپلۈكىدىن

... ... ...

نېمە ئۈچۈن قورقۇپ كېتىمىز؟

... ... ...

تونلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدىم،
كۈندۈزلىرى خاتىرجەم ئولتۇرالمىدىم،
قىزىل قانلىرىم تۆكۈلدى،
قارا ئەرلىرىم ئاقتى،
مەن (دۆلەت) ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچۈمنى قوشتۇم.

(«قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 50-، 51-بەتلەر)

«كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»دا مۇنداق رىتىملىق سىنتاكتىك، پاراللېلىزملىق ئالاھىدىلىك ۋە يۇقىرى ئاھاڭدارلىقتا ئىگە شېئىرىي شەكىللەر تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

(تېكىست)
تۆرت بۇلۇڭ قوپ ياغى ئەرمىس،
سۇسۇلە پەن،
تۆرت بۇلۇڭداقى بودۇنىغ قوپ ئالمىس،
قوپ باز قىلمىس.
باشلىغىغ يۈكۈنتۈرمىس،
تىز لىگىگ سۈكۈرمىس.
... ... ...
ئېللىگ بۇدۇن ئەرتىم،
ئېلىم ئەمتى قانى؟
كىمگە ئېلىگ قازغانۇرمەن؟
تىر ئەرمىس.
قاغانلىغ بۇدۇن ئەرتىم،
قاغانىم قانى؟
نە قاغانىغا ئىسىگ كۈچىگ
بىرۇرمەن تىر ئەرمىس.

(مەنىسى)
تۆت ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ئىكەن.
قوشۇن چىقىرىپ، تۆت ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ،
ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپتۇ.
بېشى بارلىرىنى باش ئۇردۇرۇپتۇ،
تىزى بارلىرىنى تىزلاندۇرۇپتۇ.
... ... ...
ئېلى بار خەلق ئىدۇق،
ئېلىمىز ئەمدى قېنى؟

كىمگە ئەل قۇرغۇزىمىز؟
دەپتۇ.
خاقانلىق خەلق ئىدۇق،
خاقانىمىز قېنى؟
قايسى خاقانغا خىزمەت قىلىمىز؟
دەپتۇ.
(«قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 66-، 67-بەتلەر)

يۇقىرىقى مىساللاردىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ پارچىلاردىكى رىتىم، ئاھاڭدارلىق، قاپىيە، چاچما شېئىر شەكلىنىڭ رەت قىلغىلى بولمايدىغان قەدىمكى مەنبەسى ۋە ئاساسىدۇر. ۋەزىن تەلىپى بۇ پارچىلاردا مۇقىم ئەمەس. ئەمما ھېس-تۇيغۇ، خىتاب، بۇيرۇق ۋە لىرىك بايانلاردىكى رىتىملىق پاراللېلىزملىق تىزمىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلارنى شېئىر دېمەسلىككە ئاجىزلىق قىلىمىز. شۇنى تەكىتلەش لازىمكى، چاچما شېئىر شەكلى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى شېئىرىيەت مەنبەلىرىمىزدە بىرقەدەر كۆزگە كۆرۈنگەن ئەنئەنىۋى شەكىل بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ شېئىرىيىتىگە ئورتاق بولغان بەدىئىي شەكىل ئىكەنلىكىنى پاكىتلار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر چاچما شېئىر ژانىرىنىڭ ئاساسىنى ۋالت ۋىتمان ياكى ماياكوۋسكىيدىن ھەم ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئېلىپ كىرگەن ئۆمەر مۇھەممەدىدىن ئەمەس، ئەنە شۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ ئۆزىدىن ئىزدەش لازىم.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا چاچما شېئىر شەكلىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى كۆپ كىشىلەرگە ئايان. توي-تۆكۈنلەردە ئېيتىلىدىغان «چۈنچۈن سالىۋات»، باللار ئويۇنلىرىغا تەۋە «دىكى-دىكى توشقان»، «چىمەن دوست» قاتارلىق شېئىر-قوشاقلارنى، شۇنىڭدەك «سالنامە» لەردىكى لىرىك بايانلارنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرسەك، ئۇلارنىڭ مۇئەييەن ۋەزىن (بارماق ياكى ئارۇز ۋەزنى) تەلىپىگە بويسۇندۇرۇلماي، پىكىر ئېقىمى جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئەركىن، ھېسسىيات، تەسەۋۋۇر ۋە ئۆتكۈر لىرىك مەلھەملەر بىلەن تويۇندۇرۇپ ئىپادە قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر غېنى مۇھەممەت

## خاتىرە ۋە ئەسلىمە

ئۆمەر ساۋۇت

# ئاخىرقى دەقىقە

(خاتىرە)

رەھىمسىز كېسەل ئۇنى تولىمۇ ئاجىزلاشتۇرىۋەتكەنىدى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇ ئۆزىنى تېخىمۇ بىئارام، ھالسىز سېزەتتى. كۆكرىكىنىڭ ئاستى يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىيتتى. بەل، پۇتلىرىمۇ سىرقىراپ ئاغرىپ تۇراتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، ئەتراپىغا قارىدى. يېنىدىكى كىچىككىنە تۆت چاسا ئېرىق ئۈستىلىدە قەلەم بىلەن خاتىرە تۇراتتى. ئۇ قوزغالماقچى بولۇپ كۈچىنىپ مىدىرلىۋىدى، ئاغرىق دەستىدىن جېنى قاقشاپ كەتتى. ئۇ ئەلەم بىلەن كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئاچچىق ئۇھ تارتتى. كېسەل ئازابىنى تارتىۋاتقان بۇ كىشى نامى ھەممىگە تونۇشلۇق مەشھۇر شەخس، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان كاتتا شائىر نىمشېھىت ئارمىيە داموللا ئىدى.

1970-يىل ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرى. ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن بىر يارىيار ھارۋا تاغ باغرىنى بويلاپ سوزۇلغان ئوي-دوڭغۇل، ئەگرى-توقاي يولدا غىچىرلاپ كەلمەكتە. ھارۋىغا يۇك-تاق بېسىلغان. ھارۋىنىڭ

ئالدى تەرىپىدە، يۇك-تاقلارنىڭ ئۈستىدە بىر مويسىپىت ئولتۇراتتى. ئۇ كىشى ھارۋا قېقىلغان ياكى سىلكىنگەن چاغلاردا ئالدى-كەينىگە دۈگىجىنىپ، قاتتىق ئازابلىنىپ كېتەتتى. تۇرۇپلا كۆڭلى ئاينىپ، بېشى قېيىپ، ئالەم قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك، ئەتراپىدىكى تاغلار، دەل-دەرەخلەر چۆرگىلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ھارۋىنىڭ كەينىدە بىر ئايال، بىرنەچچە بالا پىيادە كېلىۋاتاتتى. يول ئازابى گۆر ئازابى دېگەندەك، ھارغىنلىقتىن ئۇلارنىڭ ماڭغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى.

شائىر نىمشېھىت بالا-چاقىلىرى بىلەن ئەنە شۇ تەرىزدە باي ناھىيىسى ئۇنباش گۇڭشېسىنىڭ ئەڭ يىراق دادۇيى بولغان 13-دادۇي توقايلىقتا سۈرگۈن قىلىنغانىدى. بىر توپ «قىزىل قوغدىغۇچى»لار ئۇلارنى نەزەربەند قىلىپ بۇ يەرگە ئەكەلگەندىن كېيىن، ئۈستى ئاندا-مۇندا يېپىلغان، ئۆگزىسىدىن ئوت-چۆپلەر ساڭگىلاپ تۇرغان قاراڭغۇ بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۆي بەكمۇ كىچىك ھەم دىمىق بولۇپ، ئىچىدە

كاڭ ياكى بىرەر كارۋاتمۇ يوق ئىدى. ئالتە جان ئادەم داق يەرگە ئاددىيغىنا بىساتلىرىنى سېلىپ ئورۇنلاشتى. باش پاتسا پۇت پاتمايدىغان توخۇ كاتىكىدەك بۇ ئۆيگە پاتمىغان نەرسە-كېرەكلەر تالادا قالدى. لازىم بولغاندا ئۇلارنى تېپىشمۇ تەس ئىدى. غەرب تەرەپتىكى تامغا ئىككى تال قوزۇق قېقىلىپ، بىرىگە پەنەر ئىلىپ قويۇلغان، يەنە بىرىگە بىر بوتۇلكا كىرسىن ئېسىلغان، بىر بۇلۇڭغا كېسەكتىن پاكارغىنا قىلىپ ئوچاق سېلىنغان، ئۆينىڭ ئىشىكىدىن باشقا ھاۋا كىرگۈدەك يېرىمۇ يوق بولۇپ، چوڭراق نەپەس ئېلىشمۇ قىيىن ئىدى. بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ كۈنى ئەنە شۇنداق ئۆتۈشكە باشلىدى.

ھېسابسىز دەرد-ئەلەم ۋە كېسەللىك دەستىدىن شائىر ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ شادىيغا ئوخشاپ قالغان قوللىرىنى يوتقاندىن چىقىرىپ، قوزغالماقچى بولدى، ئۇنىڭ بېشىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرىدىغان ئايالى دەرھال كېلىپ ئۇنى يۆلىدى؛ يوتقاننى ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە تىرەپ پۈختىنا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، يېزىق ئۈستىلىنى ئۇنىڭ يېنىغا سۈرۈپ، تىترەپ تۇرغان قولىغا قەلەمنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ئاھ... ئۇ ئويلىغانلىرىنى قايتا يازالارمۇ؟ ئۇ ئۆتكەندە زايە بولۇپ كەتكەن (مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بۇلاپ كېتىلگەن) ئەسەرلەرنى قايتا يازماقچىدىغۇ! ئايالىنىڭ كۆزىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى شائىرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ، قەلەمنى قايتىدىن شائىرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. شائىر ئويلىغانلىرىنى خاتىرىگە يېزىشقا باشلىدى. بىراق بىرنەچچە جۈملە يازا-يازمايلا قەلەم يەنە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ غەمكىن كۆزلىرىدىن، مۇڭ-پىغان يېغىپ تۇرغان چىرايىدىن ئۆزىنىڭ ۋەتەن، خەلق ئالدىدىكى بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلالمىغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنۈۋاتقاندەك بىر ھالەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. 1971-يىل ئىيۇنغا كەلگەندە ئۇنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى، 24-ئاۋغۇست بۇ ئوتلۇق يۈرەك سوقۇشتىن ئەبەدىي توختىدى.

شائىر ئىمشېھىت كېسەل ئازابىدا شۇنچىلىك قىينىلىۋاتقان، ھەتتا سەكراتقا چۈشۈپ قالغان چېغىدىمۇ يېزىشتىن توختىمىدى، رەھىمسىز سىل كېسىلى ئۇنىڭ قامىتىنى پۈكۈپ، ھالىنى قويمىغان بولسىمۇ، ھەقىقىي شائىرغا خاس قەتئىي ئىرادىسىنى ئەۋرىتەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە 25 يىل بولدى. مەرھۇمنى ھەر قېتىم ئەسلىگىنىمدە ئۇنىڭ جاپا-مۇشەققەت ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان روھىي، ئالىيجاناب پەزىلىتى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

جىبران (لىۋان)

# مۇزىكا

(نەسر)

مەن دىلبىرىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە لام-جىم دېمەستىن قۇلاق سالىمەن. مەن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل قۇدرەت ئالىمەن. يۈرىكىم مۇشۇ قۇدرەت ئۈچۈن تىترەيدۇ. ئاشۇ قۇدرەت پەيدا قىلغان ئېلېكتر ئېقىمىدەك بىر خىل تىترەش مېنى ئۆزۈمدىن جۇدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن روھىم چەكسىز ئاسمان قەرىگە شۇڭغۇپ پەرۋاز قىلىدۇ، ئۇ بۇ دۇنيانى چۈش، تېنىمنى تار ھەپسە دەپ بىلىدۇ.

دىلبىرىمنىڭ ئاۋازى بىر خىل سېھرىي كۈچ بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ئاشۇ سېھرىي كۈچ ھېسسىياتىمنى ئەسىر قىلىدۇ، مېنى زوۋانسىز سېھرىي كۈچنىڭ مەمنۇن قىلىپ، دىلبىرىمنىڭ ئاۋازىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

ئەي، خالايىق، ئۇ مۇزىكىدۇر! مەن ئاشىق بولغان قىز بەزى گەپلەرنى دەپ بولۇپ، ھەسرەتلەنگەن ۋە يەنە بەزى گەپلەرنى ئاڭلاپ كۈلگەن چاغلاردا ئۇنى ئاڭلاپ تۇرىمەن؛ ئۇنىڭ ئاۋازى گاھى ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ ئاڭلىنىدۇ، گاھى بىر خىل راۋان داۋام قىلىدۇ. گاھى كېپىنىڭ يېرىمىنى دەپ، يېرىمىنى كۆڭلىدە ئېلىپ قالىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ مەن يەنىلا ئۇنى ئاڭلاپ تۇرىمەن.

مەن قۇلىقىمنى كۆز قىلىپ، دىلبىرىمنىڭ قەلب قەسرىدىكى ئوبرازىنى كۆرۈۋالدىم، نەتىجىدە پۈتۈن ئېتىبارىم سۆزلەرنىڭ جەۋھەرلىرىگە ئەمەس، مۇزىكىغا يەنى قەلب ساداسىنىڭ ھېسسىيات جەۋھەرلىرىگە مۇجەسسەملەندى.

بەرھەق، مۇزىكا قەلبنىڭ تىلى، كۆي ھېسسىيات تارلىرىنى چېكىدىغان مەيىن شامال ۋە ھېسسىيات دەرۋازىسىنى ئاچىدىغان نازۇك بارماق؛ ئۇ ئەسلىمىنى ئويغىتىپ، كېچىدىكى خۇپپيانە ئىشلار بىلەن ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى قايتا نامايان قىلىدۇ.

مۇزىكا تەسىرلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە نەپىس كۆي، مۇبادا ئۇ مۇڭلۇق بولسا، تەسەۋۋۇر بابىدا كىشىگە دەرد-ئەلەم تارتقان چاغلارنى ئەسلىتىدۇ؛ مۇبادا ئۇ شوخ ۋە شادىيانە بولسا كىشىگە ئاسايىشلىق ۋە شادىمان چاغلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

مۇزىكا ئادەمنى مۇڭلاندۇرىدىغان ئاۋازلارنىڭ يىغىندىسى. سەن ئۇنى ئاڭلاش بىلەن كېتىۋاتقان يولۇڭدىن توختايسەن-دە، قەلب قەسرىڭ تەشۋىش تۇمانلىرى

بىلەن قاپلىنىدۇ، ئۇ ساڭا بەختسىزلىكنى گويا خىيالىي كۆلەڭگىدەك سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

مۇزىكا ئادەمنى شادلاندۇرىدىغان كۈي-ناۋالارنىڭ يىغىندىسى. سەن ئۇنىڭدىن زوقلانساڭ، ئۇ سېنىڭ پۈتكۈل قەلب قەسىرىڭنى ئۆز ئىلكىگە ئالىدۇ ۋە سېنىڭ باغرىڭدا شادلىق ئۇسسۇلى ئوينايدۇ.

ئۇ سازنىڭ تارلىرىدىن چىققان تىترەك سادا بولۇپ، هاۋايى مۇئەللەقتىكى ئاۋاز دولقۇنلىرىنى قولىقىڭغا قويىدۇ. ئۇ بىر تامچە ئىسسىق ياشقا ئايلىنىپ، كۆزلىرىڭدىن سىرغىپ چۈشۈشىمۇ مۇمكىن؛ بۇ ياش دىلبىرىڭ سالغان هىجران دەردى بىلەن ۋاقىت ئېلىپ كەلگەن جاراهەتتىن پەيدا بولىدۇ. ئۇ يەلكىم لەززىتە بەسسۇم سۈپىتىدە لەۋلىرىڭدە پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمەلدە بۇ بەخت بىلەن ئاسايىشلىقنىڭ ئىككىنچى خىل ئاتىلىشىدۇر.

ئۇ ئاخىرەتكە سەپەر قىلغان ئادەمنىڭ تېنى بولۇپ، ئۇنىڭدا روهىي دۇنيادىن كەلگەن روھ ۋە قەلب تۆرىدىن كەلگەن ئاڭ بار.

ئادەم ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان، مۇزىكا ئادەمگە ئىلهام ئاتا قىلدى. چۈنكى مۇزىكا تەڭرىنىڭ تىلى بولغاچقا، باشقا تىللارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئىزهار قىلغان مەزمۇن قەلبتىن ئۇرغۇپ چىقىپ، پەقەت قەلبكىلا بايان قىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ قەلبنىڭمۇ تىلى بولىدۇ. ئۇ مۇهەببەتكە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ تەسىرى نۇرغۇن كىشىلەرگە تارقايدۇ. قۇملۇقتىكى كۆچمەن مالچىلار ناخشا ئېيتىشىدۇ، ئوردا-قەسىرلەردىكى پادىشاھ ۋە ۋەزىر-ۋۇزىرالار تەۋرەپ كېتىشىدۇ. ئامراق ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغان ئانا مۇزىكا بىلەن نالە-پەريادىنى يوغۇرۇپ تاشلايدۇ-دە، خىرامان ۋە تاش يۈرەك كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ تاشلايدۇ. شادلانغۇچىلار مۇزىكا بىلەن ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى يوغۇرۇپ، پۈتۈن جاهانغا ياڭرىتىدۇ، ئۇ — بەختسىز مەزلۇملارغا ئىلهام بېرىدىغان قەسىدىدۇر. مۇزىكا خۇددى قۇياشقا ئوخشاش ئۆزىنىڭ نۇر-زىيالىرى بىلەن دالا-تۈزلەردىكى ياۋايى گۈللەرنى نۇرلاندۇرىدۇ.

مۇزىكا خۇددى نۇرلۇق چىراغقا ئوخشاش كىشى قەلبىدىكى قاراڭغۇ زۇلمەتنى قوغلىۋېتىپ، روهىي دۇنيانى يورۇتىدۇ ۋە ئۇنىڭ تىرەن قاتلاملىرىنى نامايان قىلىدۇ. مېنىڭ ئۆلچىمىم بويىچە، مۇزىكا ھەقىقىي ئۆزلۈكنىڭ ئوبرازى ياكى جانلىق ھېس-تۇيغۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدۇر. قەلب گويا سۈزۈك ئەينەككە ئوخشايدۇ. ئۇ دۇنيانىڭ مەركىزىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، تۇرلۇك ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن قىياپەت ۋە تەسەۋۋۇر كۆرۈنۈشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

قەلب سىنچى شامال ئالدىدا ئېچىلغان يۇمران گۈل، تاڭ ساباسى ئۇنى تەۋرىتىدۇ، تاڭ شەبنىمى ئۇنىڭ غولىنى ئېگىۋېتىدۇ. بۇلبۇل خەندان ئورۇپ خاۋالىق ئۇيقۇدىكى ئادەمنى ئويغىتىدۇ. ئادەم بۇلبۇل ناۋاسىغا قۇلاق سالىدۇ، بۇلبۇل ناۋاسىدىن زوقلىنىدۇ، بۇلبۇل بىلەن بىللە ئەقىل-پاراسەتنى، بۇلبۇلنىڭ يېقىملىق كۈيلىرى بىلەن

نازۇك ھېس-تۇيغۇلارنىڭ ياراتقۇچىسىنى كۈيلەيدۇ. ئۇ ناۋا ئۇنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغايدۇ-دە، ئۇ ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە: ئاشۇ ئەرزىمەس بۇلبۇل ناۋاسى مېنىڭ ھېسسىيات تارىلىرىمنى تىترىتىپ، ماڭا ئەجدادلار بايانىدىكى مەنىلەرنى ئىزھار قىلغۇدەك زادى قانداق سىرلارنى بايان قىلدى؟ دەپ سوئال قويىدۇ. ئۇ يەنە شۇنداق دەپ زىنغىرلاپ سورايدۇ: بۇلبۇل داللاردىكى رەڭدار گۈللەرنى چىللاۋاتامدۇ ياكى دەرەخنىڭ شاخ-چاتاقچىلىرى بىلەن سۇنىڭ شىلدىرلىشىنى دوراۋاتامدۇ؟ ياكى چەكسىز تەبىئەت بىلەن بىللە بەزمە تۈزۈۋاتامدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىشنىڭ چارىسىنى تاپالمايدۇ.

ئادەم دەرەخ شېخىغا قونۇۋالغان بۇلبۇلنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. شېغىل تاشلار ئارىسىدا شىرىلداپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈيى بىلەن ئارقا-ئارقىدىن قىرغاققا بىمالال ئۇرۇلۇپ تۇرغان دولقۇننىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. ئادەم دەرەخ يايپىرىقىغا چۈشكەن يامغۇر سۈيى بايان قىلىنغان ھېكايىنى چۈشەنمەيدۇ؛ يامغۇر سۈيىنىڭ نازۇك بارماقلىرى ئېرىزىلىرىنى چەككەن چاغلاردا بايان قىلغان ۋەقەلەرنىمۇ چۈشەنمەيدۇ؛ ئۇ مەيىن شامالنىڭ داللاردىكى گۈل-چىمەنلەرگە بايان قىلغان سۆيگۈ گەپلىرىنىمۇ ئۇقمايدۇ. ئەمما ئۇ بۇ ئاۋازلارنىڭ مەنىسىنى كۆڭلىدە بىلىدۇ ۋە چۈشىنىدۇ؛ شۇڭا ئۇ گاھى شادلىقتىن ھاياجانلانسا، گاھى يەنە دەرد-ئەلەمدىن پىغان چېكىدۇ. بەزى ئاۋازلار ئۇنىڭ بىلەن خۇپىيانە سىردىشىدۇ، ئەقىل-پاراسەت ئۇنى ئۆزىنىڭ ماھىيىتىدىن بۇرۇن ئاپىرىدە قىلغان؛ شۇڭلاشقا ئادەمنىڭ يۈرىكى تەبىئەت دۇنياسى بىلەن تالاي-تالاي زەت سۆھبەت قۇرغان. ئەمما ئۇ بولسا ھېچنېمە دېيەلمەي پەرىشان پېتى تۇرغان يېرىدە تۇرۇۋېرىدۇ. ياكى كۆز ياشلىرىنى تىلىنىڭ ئورنىغا قويىدۇ. كۆز ياش بولسا تازا راۋان تەرجىمە بولىدۇ.

تېز يېنىمغا كەل، ئەي ئويغاق ئادەم! مەن بىلەن بىللە ئەسلىمە سەھنىسىگە چىقىپ، يىللار قايىنىمىغا غەرق بولۇپ كەتكەن مىللەت ئارىسىدا مۇزىكىنىڭ قانداق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىغا قاراپ باق. كەل، بىز مۇزىكىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلاردا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ھەققىدە ئۈن-تىنسىز پىكىر يۈرگۈزۈپ كۆرەيلى.

غالىبدىلىقلار ① بىلەن مىسىرلىقلار مۇزىكىغا بۈيۈك ئىلاھ سۈپىتىدە چوقۇنىدۇ، سەجدە قىلىدۇ ۋە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. پارسلار بىلەن ھىندىلار مۇزىكىنىڭ ماھىيىتى ئىنسانلار تەڭرىسىنىڭ روھى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. بىر پارس شائىرى مۇنداق بىر گەپنى قىلغانىدى: «مۇزىكا ئەسلىدە ئەرشئەلادىكى بىر پەرى ئىدى. ئۇ بىر ئىنسانغا ئاشىق بولۇپ قېلىپ ئەرشتىن زېمىنغا چۈشكەن. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئىلاھلار دەرغەزەپكە

① غالىبدىلىقلار — جەنۇبىي مېسوپوتامىيىدىكى سامىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 7-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يېڭى بابىل دۆلىتىنى قۇرغان.

كېلىپ، بوران مۇئەككىلىنى قوغلاشقا ئەۋەتكەن. بوران پەرىنىڭ كىيىملىرىنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىپ، كىيىمنىڭ پارچىلىرىنى دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا ئۇچۇرۇپ ئاپارغان، ئەمما پەرى ئۆلمەي ھايات قالغان، ئۇ ھېلىھەم ئىنساننىڭ قۇلاق سارىيىدا ياشىماقتا.» بىر ھىندى يەيلاسوپى مۇنداق دېگەن: «نەپىس كۈي مېنىڭ گۈزەللىك ۋە ئەبەدىيەتكە بولغان ئۈمىدىمنى كۈچەيتتى.»

گرېكلار بىلەن رىملىقلار مۇزىكىنى قۇدرەتلىك ئىلاھ دەپ بىلىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا ئاتاپ خاس سەلتەنەتلىك ئىبادەتخانىلارنى بىنا قىلىپ، خالايىققا ئۇنىڭ يۈكسەكلىكىنى ئىزھار قىلغان؛ ئۇلار ئۇنىڭغا ئاتاپ بەھەيۋەت مېھراپلارنى ياساپ، ئۇنىڭغا ئەڭ ئېسىل نازۇنېمەتلەر بىلەن خۇش بۇي كۈجە-شاملارنى تەقدىم قىلىدۇ. ئۇلار بۇ بۈيۈك ئىلاھنى «ئاپوللو» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇنى ئەڭ گۈزەل سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلەپ، ئۇنى گويا دەريا سۈيى ئېقىپ كەلگەن ياغاچنى تىكلەپ تۇرغۇزغاندەك تەسۋىرلىگەندەك كۆتۈرىدۇ. ئۇ سول قولىدا سازنى تۇتۇپ، ئوڭ قولىدا ساز تارىنى چېكىپ، گويا جىمى شەيئىلەرنىڭ سىرىنى كۆزىتىۋاتقاندەك ئالدىغا نەزەر تاشلاپ مەغرۇرانە ئولتۇرىدۇ.

ئۇلار «ئاپوللو» سازىنىڭ ئاۋازى تەبىئەت دۇنياسىدىن قايتقان ئەكس سادا. ئۇ بۇلبۇللارنىڭ خەندان ئۇرغان، ئېقىن سۇنىڭ شىرىلداپ ئاققان، مەيىن شامالنىڭ غۇيۇلدىغان، دەرەخ شاخلىرىنىڭ شىلدىرلىغان تەبىئىي ئاۋازىدۇر دېيىشىدۇ.

گرېكلار بىلەن رىملىقلارنىڭ ئەپسانىسىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار: «مۇزىكا ئىلاھى ئورپۇس چالغان ساز ھايۋانلارنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالىدۇ-دە، بەزى يىرتقۇچ ھايۋانلار ئورپۇسنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ، ئۇسسۇلغا كېلەرمۇ شۇنداق قىلىپتۇ. كۆل-چىمەنلەر بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قارىشىپتۇ، دەل-دەرەخ شاخلىرىمۇ بىر چەتكە قىيسىيىپ ئىرغاڭشىپتۇ. ھەتتا جانسىز ماددىلارمۇ سازنى ئاڭلاپ تەسىرلەنگىنىدىن ئارقا-ئارقىدىن يېرىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ بايان قىلىشىچە، ئورپۇس ئايالىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ئۇنىڭ دەردىدە قان يىغلاپتۇ، ئۇنىڭغا قارا تۇتۇپتۇ. ھەسرەتلىك كۈيلەر پۈتۈن ئاي دالىنى قاپلاپتۇ. تەبىئەتمۇ ماتەم تۇتۇپ يىغلاپتۇ، ئىلاھلارنىڭ رەھمى كېلىپ ئايالى بىلەن روھلار دۇنياسىدا كۆرۈشۈۋالسۇن دەپ ئۇنىڭغا باقىي دۇنيانىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىپتۇ.

ئۇلارنىڭ بايان قىلىشىچە، رەزىللىك ئىلاھى ئورپۇسنى ئۆلتۈرۈپ، ئورپۇسنىڭ بېشى بىلەن سازىنى دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ. باش بىلەن ساز سۇدا لەيلەپ ئاخىر بىر ئارالغا كەپتۇ. گرېكلار بۇ ئارالنى ناخشا-مۇزىكا ئارىلى دەپ ئاتاپتۇ.

ئاشۇ چاغدىن باشلاپ ئورپۇسنىڭ بېشى بىلەن سازنى ئېقىتىپ كەلگەن دولقۇن يۈرەكلەرنى تىترىتىدىغان مەرسىيە ۋە يۈرەكلەرنى ئۆرتەيدىغان مۇڭلۇق كۈيلەرنى پەيدا قىلىپتۇ. بۇ مەرسىيەلەر بىلەن مۇڭلۇق كۈيلەر پۈتۈن ئەرشئەلانى بىر ئېلىپتۇ. دېڭىزچىلار ھېلىھەم ئاشۇ مەرسىيەلەر بىلەن مۇڭلۇق كۈيلەرنى بېرىلىپ ئاڭلايدىكەن.

ئاشۇ مىللەتنىڭ شان-شۆھرىتى ئۆتمۈش بولۇپ قالغاندىن كېيىن، بىز بۇ گەپلەرنى خىيالدىن تۇغۇلغان غەلىتە پاراڭ، تەسەۋۋۇر پەيدا قىلغان قۇرۇق خىيال دەپ ئاتىدۇق. ئەمما بۇ گەپلەر مۇزىكىنىڭ گرېكلارنىڭ قەلبىدە شۇنچە چوڭقۇر ۋە غايەت زور تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلار بۇ گەپلەر مۇستەھكەم ئېتىقادتىن كەلگەن دېيىشىدۇ. مۇبادا بىز بۇ گەپلەرنى نازۇك ھېسسىياتتىن ۋە ئىستېتىك قەلبتىن ئۇرغۇپ چىققان بىر خىل شېئىرىي مۇبالىغە دەپ ئاتىساق، بىزگە نېمىسى زىيان؟ شائىرلارنىڭ ئادىتى بويىچە بولغاندا شېئىر دېگەن مۇشۇدۇ؟

ئاسۇرىيىلىكلەر①نىڭ ئىزنالىرى بىزنى بەزىبىر رەسىملەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇ رەسىملەردە پادىشاھ قوشۇنىنىڭ چالغۇ ئەسۋابىنى يۈرۈشتە يول باشلىغۇچى قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئۇلارنىڭ تارىخشۇناسلىرى بىز بىلەن مۇزىكا ئۈستىدە سۆزلەشكەندە، مۇزىكا تۈرلۈك مۇراسىمدىكى شانۇ شەۋكەتلەرنىڭ كەلگۈسى، ھەر تۈرلۈك ھېيت-بايراملاردىكى بەخت-سائادەتنىڭ سىمۋولى دەيدۇ. توغرا، مۇزىكىسىز بەخت بەئەينى تىلى كېسۋېتىلگەن قىزغا ئوخشايدۇ. مۇزىكا دۇنيادىكى جىمى مىللەتلەرنىڭ تىلى، كىشىلەر پەرۋەردىگاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ، بەخت-سائادەتنى مۇزىكا بىلەن كۈيلەيدۇ. ئەينى چاغدىمۇ شۇنداق بولغانىدى. ھازىرمۇ شۇنداق بولىۋاتىدۇ، ھەمدۇسانا ئوقۇش بىر خىل مەجبۇرىيەت، بۇ مەجبۇرىيەت گويا ئىبادەتخان مەسچىتتە قىلىنغان تىلاۋەتكە ئوخشايدۇ، شۇنداقلا بەيئەت قىلىدىغان قۇدرەت ئۈچۈن شام-كۈجە يېقىپ، دۇئا-تىلاۋەت قىلغانغىمۇ ئوخشايدۇ. شام-كۈجە يېقىپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ئىبادەت ئىنساننىڭ قەلب قەسرىدىكى ھېسسىياتنى مەنبە قىلغان بولىدۇ. دۇئا-تىلاۋەتمۇ قەلبنىڭ يېتەكلىشى ۋە ھېسسىياتنىڭ ئۇرغۇشىدىن تاكامۇللاشقان نەرسە.

ئەركىن نەپەس گەپ-سۆز تۆپەيلىدىن تېخىمۇ جۇشقۇنلىنىپ كېتىدۇ-دە، پادىشاھ داۋۇتنىڭ پۇشايمانلىرىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھەمدۇساناسى پەلەستىن زېمىنىنى قاپلايدۇ؛ ئۇنىڭ غەم-قايغۇسى توۋا قىلىش ھېسسىياتى ۋە قەلبىدىكى ھەسرەت-نادامەتتىن ھاسىل بولغان تەسىرلىك كۈينى يارىتىدۇ. داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇمۇش نېيى ئۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ئوتتۇرىسىدا ۋاسىتىچى بولىدۇ. قومۇش نەي پەرۋەردىگاردىن ئۇنىڭ سەۋەنلىكىنى مەغپىرەت قىل دەپ تىلەيدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ قېتىدىن چىققان مۇڭلۇق نەي ئاۋازى قان تومۇرلىرىدىن بارمىقىنىڭ ئۇچىغا ئۆتىدۇ. بۇ بارماقلارنىڭ خىسلىتى پەرۋەردىگار بىلەن ئىنسانلار نەزىرىدە ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. داۋۇت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

— سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنى كۈيلەڭلار، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئوقۇڭلار! نەي

① ئاسۇرىيىلىكلەر — مىلادىدىن ئىلگىرىكى 12-ئەسىردىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 17-ئەسىرگىچە مېسوپوتامىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان سامىلارنى كۆرسىتىدۇ.

ۋە تارلىق سازلار بىلەن پەرۋەردىگارنى مەدھىيىلەڭلار! داپ-دۇمباق چېلىپ ئىلاھنى مەدھىيىلەڭلار! ئۇد ۋە قالۇن بىلەن ئاللانى تەرىپلەڭلار! گۈزەل كۈيلەر بىلەن ئەزىزلەپ قەدىرلەڭلار!

«ئىنجىل»دا مۇنداق قەيت قىلىنغان: قىيامەت قايىم بولغاندا بىر پەرىشتە دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرگە بېرىپ بۇرغا چالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن روھمۇ ئورنىدىن دەست تۇرۇپ تەنگە كىرىدۇ-دە، مېھرىبان ئاللانىڭ ئالدىدا تىرىلىدۇ. ئاپتور بۇ يەردە مۇزىكىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلىگەن ۋە ئۇنىڭغا خۇدا ئىنسانلارنىڭ روھىغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىك مەقامىنى بەخش ئەتكەن. ئاپتور ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىكى كىشىلەر ئەمەل قىلىدىغان تىل ئادىتى بويىچە ئۆز ھېسسىياتىنىڭ پەقەت بىر تەرىپىنىلا بايان قىلغان.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، تەڭرىقۇت ئەيسانىڭ پاجىئەسى يۈز بەرگەن دەسلەپكى چاغلاردا، ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئۇستازى تۇتقۇن قىلىنغان زەيتۇنلۇق باغنىڭ ئالدىغا بېرىپ قەسىدە ئوقۇغانىكەن. مەن شۇ تاپتا ئاشۇ مۇسىبەتدارلار قەلبىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان قەسىدىنى ئاڭلىغاندەك بولۇۋاتىمەن. ئۇلار شۇ چاغدا تىنچلىق ئەلچىسىنىڭ بېشىغا قارا كۈنلەرنىڭ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئايرىلىشنىڭ دىلبەر كۈيلىرىنى ياڭراتقانىكەن.

مۇزىكا جەڭگە ئاتلانغان قوشۇن ئالدىدا مېڭىپ، جەڭچىلەرنىڭ يالقۇنجاپ تۇرغان ئىرادىسىگە مەدەت، شىجائىتىگە ئىلھام بېرىدۇ. مۇزىكا شۇنداق بىر خىل سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنكى، ئۇ ئىرادىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جەڭچىلەرنى ئۇيۇلتاش قوشۇنغا ئايلاندۇرىدۇ. جەڭگاھتا قىر-چاپ قىلىۋاتقان قوشۇن ئالدىدا، ئۆلۈم گىردابىغا يۈزلىنىۋاتقان جەڭچىلەر ئالدىدا، نە شائىر، نە ناتىق بولمايدۇ؛ ئۇلارغا نە قەلەم، نە كىتاب ھەمراھ بولالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغىنى يەنىلا مۇزىكا! مۇزىكا گويا بۈيۈك سەركەردىدەك ئۇلارنىڭ ئاجىز بەدىنىگە تەرىپلىگۈسىز كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىدە غەلبىگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەت ئوتچۇقىنى لاۋۇلدىتىدۇ. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن ئاچ-زارلىقتىن، ھەربىي يۈرۈشتىكى ھارغىنلىقتىن غالىب كېلىدۇ-دە، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن جەڭگە ئاتلىنىدۇ. ئۇلار مۇزىكىغا خۇشال ئەگىشىپ، ھالاكەتنى قوغلىشىپ، يىرگىنچلىك دۈشمەن زېمىنىغا كىرىدۇ، ئادەمئاتىنىڭ پەرزەنتلىرى دۇنيادىكى مۇقەددەس نەرسىدىن ئەنە شۇنداق پايدىلىنىپ، بۇ دۇنيادىكى رەزىللىكنى زېمىنىنىڭ چىمى يەرلىرىگە چېچىۋېتىدۇ.

مۇزىكا چوپاننىڭ غېرىبسىنىپ قالغان چاغلىرىدىكى ھەمراھى، چوپان قورام تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئەتراپنى ئوراپ تۇرغان قوي پادىلىرىغا ئۇلار چۈشىنىدىغان كۈيلەرنى چېلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قويلار بەخىرامان ئوتلايدۇ. قومۇش نەي چوپانغا گويا سىرداش دوست، سۆيۈملۈك ھەمراھ؛ قومۇش نەي نەپىس كۈيلىرىنى تاغ-جىرالارنىڭ قورقۇنچلۇق جىمجىتلىقىنىڭ ئورنىغا قويىدۇ ۋە ئادەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان كۈيلەر بىلەن

ئېرىبلىقنى قوغلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئالەم ئىللىقلىقا، لەززەتلىك تۇيغۇغا چۆمىدۇ.

مۇزىكا كارۋاننىڭ تۆگىلىرىگە يول باشلايدۇ، ھارغىنلىقنى يېڭىكلىتىپ، ئۇزۇن سەپەرنى قىسقارتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نار تۆگە تا كارۋان بېشىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىمىغۇچە قايتا قوم بارخانلىرى ئارىسىغا بارمايدۇ. تا بويىنىغا كولدۇرما ئېسىلمىغۇچە تۆگىلەرگىمۇ ئېغىر يۈك ئارتىلمايدۇ. بۇ ئەلمىساقتىن بۇيان بولۇپ باققان ئىش ئەمەس — ئەي ئەقىل ئىگىسى، بىزنىڭ زامانىمىزدا مۇزىكا بىلەن ھايۋانلار كۆندۈرۈلىدۇ، يېقىملىق ئاۋازلار ھايۋانلارغا ھەمراھ بولىدۇ.

مۇزىكا روھىمىزغا ھەمراھ بولۇپ، ھاياتىمىزدىكى باشقۇچلارنى بىز بىلەن بىللە بېسىپ ئۆتىدۇ. بىز بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، راھەت-پاراغەتنى، جاپا-مۇشەققەتنى تەڭ تارتىدۇ. مۇزىكا خۇشال كۆڭلىرىمىزدە تەكشۈرگۈچىگە، بەختسىز كۆڭلىرىمىزدە كۆڭلىمىزگە تەسەللى بېرىدىغان توغقانلارغا ئوخشايدۇ.

بوۋاق پىنھان ئالەمدىن بىزنىڭ ئالىمىمىزگە كەلگەندە، كىندىكئانا ۋە دوست-يارانلار ئۇنى شوخ ناخشىلار بىلەن قارشى ئالىدۇ، شادىيانە كۈيلەر بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. بوۋاق قۇياش نۇرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن يىغلاپ تۇرۇپ ئەھۋال سورايدۇ، ئۇلارمۇ بوۋاققا تەنتەنە بىلەن جاۋاب بېرىپ، بەجايىكى ئىلاھنىڭ ئەقىل-پاراستىنى بوۋاققا كىم بىلدۈرەلەيدىكىن دېگەندەك ۋاقىت بىلەن مۇزىكىنى بەيگىگە سالىدۇ.

ئانا-يىغلاۋاتقان بوۋاقنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا نازۇك ناۋالارغا تولۇپ تاشقان ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ بوۋاق يىغىدىن توختايدۇ. بوۋاق ئانىنىڭ يېقىملىق ئەللەي كۈيلىرىدىن خوش بولىدۇ ۋە شېرىن ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ئانىنىڭ ناخشىسى بىلەن لەرزان كۈيىدە بىر خىل قۇدرەت باركى، ئۇ كىشىنى ئۇخلىتالايدۇ، بوۋاقنىڭ كۆزلىرىنى ئۇيقۇ پەردىسى بىلەن ياپالايدۇ. بىمالاللىقنى كۈي تەركىبىگە قوشۇۋەتكەچكە، ئۇ قۇلاققا تېخىمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ: ئانا كۈي تەركىبىدىكى قورقۇنچ داغلىرىنى سۈرتۈپ چىقىرىۋېتىدۇ ۋە كۈي-مۇزىكىنى مېھرىبان ئانىنىڭ تىنىقى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كارامەتكە ئىگە قىلىپ، بوۋاقنى ئۇيقۇ دۇنياسىغا ئېلىپ بارىدۇ-دە، ئۇنىڭ قەلب ئىلاھى روھىيەت دۇنياسىدا جەۋلان قىلىدۇ. مۇبادا ئانا سىنتىبرو① نىڭ تىلىدا سۆزلىگەن ياكى بوۋاققا فارىد②نىڭ غەزەللىرىنى ئوقۇپ بەرگەن بولسا، بوۋاق ئۇخلىمىغان بولاتتى.

ئەرلەر ئۆمۈر يولدىشىنى تاللاشتا تولىمۇ ئېھتىيات قىلىدۇ. ئىككى يۈرەك توينىڭ ۋاستىسى بىلەن بىر يۈرەككە ئايلىنىدۇ. ئۇلار ئەقىل-پاراسەت دەسلەپتىلا ئۆزلىرىنىڭ قەلبىگە يازغان سەنەمنى نەسىھەتلەرگە ئىتائەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جان دوستلار بىر يەرگە جەم بولۇشىدۇ. يېڭى توي قىلغان ئەر-خوتۇن ئۆمۈرلۈك ھەمراھ

---

① سىنتىبرو — (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 106 — 43) قەدىمكى رىم سىياسىئونى، ناتىق ۋە پەيلاسوپى.

② فارىد — ئىبنى فارىد (1181 — 1234) ئەرەب ئاباسىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر.

بولۇشقان چاغلىرىدا، مەدھىيە ناخشىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ياڭرىتىدۇ ھەمدە مۇزىكىنى نىكاھنىڭ شاھىدى قىلىشىدۇ. مېنىڭچە، مەن دەل مۇزىكىغا، يەنى ۋەھىمىنىڭ شېرىنلىك يوشۇرۇنغان ئاۋازىغا، جىمى مەۋجۇدىيەتنى ياراتقان خۇدانى كۈيلەيدىغان ئاۋازغا، غاپىل ھاياتنى ئويغىتىپ ۋە ئۇنى ئالغا ئىلگىرىلىتىپ، يەر-زېمىننىڭ يۈز تەرىپىگە تارايدىغان ۋە ئۇنى قاپلايدىغان ئاۋازغا ئوخشايمەن.

ئەزرائىل يېتىپ كېلىپ ھايات كومېدىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۆرۈنۈشىنى ئوينىغان چاغدا، بىز قايغۇ-ھەسرەتلىك مۇزىكىنى ئاڭلايمىز، بىز ئۇنىڭ پىغانلىق قارا كۆلەڭگىلىرىنىڭ ئاسمان قەرىنى قاپلىۋالغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىنسان ئازابلىنىدىغان ئاشۇ دەقىقىدە روھ گۈزەل دۇنيانىڭ قىرغىقىدىن ئايرىلىپ، ئەبەدىيەت دېڭىزىدا ئۈزىدۇ. ئۇستىخانلىرىنى غەزەلخان بىلەن مۇسىبەت ئىگىسىگە قالدۇرىدۇ. كىشىلەر قايغۇ-ھەسرەتنى ناخشىغا قوشۇپ، ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن ئېيتىدۇ. ھۆل توپا بىلەن ئاشۇ ماددا يەنى جەسەتنى كۆمۈپ، سىقىلغان سادا ۋە پىغانلىق مەرسىيە بىلەن ئۇنى شېرىن ئۇيقۇغا ئۇزىتىدۇ، ئۇلار سېرىق توپا ئۈستىدىكى ھۆل توپا قۇرۇمىغۇچە مەرسىيىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ قويۇلغىنىغا ئۇزۇن ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، پەقەت مەرھۇم ياد ئېتىپ تۇرۇلسىلا، ئۇنىڭ روھىدىن قايتقان ئەكس سادا كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا قېپقېلىۋېرىدۇ.

مەن خۇدا خۇش ئاۋاز ئاتا قىلغان بىر ئادەم بىلەن بىرگە ئولتۇردۇم. خۇدا ئۇنىڭغا يەنە مۇزىكىنى نوتىغا ئالالايدىغان پەلسەپىۋى سەزگۈ ئىقتىدارىنىمۇ بەخش ئەتكەنىدى. مەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇرغىنىچە ئۇنىڭ خۇش ناۋاسىنى بېرىلىپ ئاڭلاپ ئۆزلىرىنىڭ يارىماسلىقىغا خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلار تىنىقىنىمۇ چىقارماي ئۆزلىرىگە قاندىقتۇر بىر خىل سىر-ھېكمەتنى بايان قىلىپ يەرگەن شائىرغا باش ئۇرغاندەك، ئۇنىڭدىن كۆزنى ئۈزمەي تىكىلىپ ئولتۇرىدۇ. غەزەلخان بىر غەزەلنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزۈندىن ئۇزۇنغا ئاھ! ئاھ! دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. بۇ مۇزىكا دولقۇنى ئۇلارنىڭ يۈرەك قېتىدا ھاسىل قىلغان ھەسرەت ئىدى! ھەسرەتلىك تىنىقلار بۇ يۈرەكلەر ئۈچۈن يەنىلا شېرىن تۇيۇلىدۇ. ئاھ — ئەسلەش قوزغىغان، تەشنا يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان پەرياد ئىدى. ئاھ — قىسقا بىر ئىملىق سۆز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى؛ ئاھ — غەزەلخاننىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلايدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىپ تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ قەلب ساداسى بولماستىن، بەلكى بىر ئۈزۈلۈپ، بىر ئۇلىنىدىغان ناخشا ساداسىنى تازا بېرىلىپ ئاڭلايدىغان ئادەملەرنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ھەسرەت ئىدى. ناخشا ساداسىدىكى ئوچۇق ئاڭلىنىپ تۇرغان جانلىق تىنىقلار ئۇنىڭغا ئۆتمۈشتىكى ھايات قىسسىسىنىڭ بىر سەھىپىسىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر جايىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان سىرلارنى ئاشكارىلايدۇ.

(ئاخىرى 140 بەتتە)

# پايتەختتىكى ھەر ساھە زاتلىرى ئەي چىڭ بىلەن ۋىدالاشتى

ئەي چىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرۇلۇق يىغلۇق خەۋەر تېخى ئېلان قىلىنماي، ھېچقانداق ئۇقتۇرۇش قىلىنماي تۇرۇپلا، مىڭلىغان ئامما 10-ماي بېيجىڭدىكى بابۇشەن ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا كېلىپ، بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان شائىر ئەي چىڭ بىلەن ۋىدالاشتى.

ئەي چىڭ 50 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مۇنداق دېگەنىدى: «ئەگەر مەن بىر قۇش بولسام، بوغۇق ئاۋازىم بىلەن ناخشا ئېيتار ئىدىم. كېيىن مەن ئۆلسەم، پەيلىرىممۇ تۇپراق ئاستىدا چىرىپ كېتەر.»


جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى دىڭ گۇەنگېن گۈلچەمبىرەك بىلەن ئورالغان قەبرە ئالدىغا كېلىپ تەزىيە بىلدۈردى ۋە ئەي چىڭنىڭ ئايالى، پەرزەنتلىرىگە تەسەللى بەردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى خۇجىنتاۋ 7-ماي كۈنى ئەي چىڭنىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ، تەزىيە بىلدۈردى. ئۇ: «ئەي چىڭ بىر ئۆمۈر ئىنقىلابىي غايىسى ۋە ئىشەنچىسىدە چىڭ تۇرۇپ كەلدى، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى پارتىيە ۋە خەلققە بېغىشلىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى كىتابخانلار قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ» دېدى.

مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ چۈەنجىڭمۇ ئەي چىڭنىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ، ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈردى.

ئەي چىڭنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، چەت ئەللەردىكى ھەرقايسى ساھە زاتلىرى تەزىيە تېلېگراممىسى ۋە تەزىيە خەتلىرىنى ئەۋەتىپ تەزىيە بىلدۈردى.

«جۇڭگو يېڭى شېئىرىيىتىنىڭ بايراقدارى» دەپ ئاتالغان ئەي چىڭ 30-يىللاردا شېئىر ئىجادىيىتىنى باشلىغان. 60 يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ ئىجادىيىتى قىلچە ئاجىزلىشىپ قالمىدى. ئۇ شائىرلارغا خاس سەمىمىيەت ۋە ئىنقىلابچىلارغا خاس غەيرەت-شىجائەت بىلەن دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، يورۇقلۇق ئىزلىدى. ئۇ شېئىرلىرىدا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىك كۈرەشلىرىنى، ئىنقىلاب تارىخىنى ۋە جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ غايەت زور ئۆزگىرىشلىرىنى ناھايىتى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈردى.



تارىم


《塔里木》文学月刊（维吾尔文） TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
排　　版：《博格达》 电子排版中心
印　　刷：　新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸
　　　　　易总公司
订阅，零售：各地邮局所

1996 - يىل 8 - سان (426 - سان). 46 - يىل نەشرى.
تۈزگۈچى: « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 - قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4516214
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. « بوغدا » ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际标准刊号：　ISSN 1002—9044
国内统一刊号：　CN 65—1010/I
国外代号：M 4461
邮发代号：58—66　定价　4·00元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M 4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66 - 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى 4.00 يۈەن

邮政编码：830000 پوچتا نومۇرى:



广告许可证：新工商广字 00528139 号